نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

# تۇنجى مۇھەببەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


سۆكۈتكە چۆمگەن دالا ........................ 1

چايئوتگۈلى قىسقان قىز ........................ 17

يۈرەك شەكىللىك مېدالىئون ........................ 30

تۇنجى مۇھەببەت ........................ 38

قار ياغقان كۈندىكى ھېكايە ........................ 58

كۈنلۈك ئاستىدىكى مۇھەببەت ........................ 64

كۈتۈش ........................ 75

مۇھەببەت سوۋغىسى ........................ 84

ئاخىرقى بېكەت ........................ 90

يامغۇر ياغقان كۈندىكى ھېكايە ........................ 104

زەڭگەر پەردىلىك دېرىزە ........................ 118

قالدى مۇھەببەت يىراقتا (پوۋېست) ........................ 144



**图书在版编目(CIP)数据**

初恋/努尔买买提・亚森著. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2004.3
ISBN 7—228—08678—3

Ⅰ.初… Ⅱ.努… Ⅲ.①中篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) ②短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 019785 号

责任编辑:依明江・艾木都拉
责任校对:阿孜古丽・克力木
封面设计:艾克拜尔・萨力

**初恋** (维吾尔文)
(中、短篇小说集)
努尔买买提・亚森 著

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐光大印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 8.375 印张
2004 年 3 月第 1 版 2004 年 3 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7—228—08678—3 定价:12.50 元

# سۇكۇتكە چۆمگەن دالا

ئۇ كۈنى بىز شۇنداقلا ئۇچراشتۇق.

سەن گويا تاغ پەيتىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ گۇگۇم بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرغاندىكى غەمكىن قىياپىتىگە ئوخشاش، مېنىڭ غەمكىنلىك قاپلىغان تۇرمۇشۇمغا يەنە بىر ئۇلۇش ھەسرەت ناخشىلىرىنى سۆرەپ كىردىڭ.

شۇنىڭدىن باشلاپ سېنىڭ كۆزلىرىڭدىكى مۇڭ مېنىڭ قەلبىمنى بىر ئۆمۈر پارە - پارە قىلىپ ياشىدى.

سەن مېنىڭ ھاياتىمغا تولىمۇ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنىدىڭ. لېكىن، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قالدىڭ. سەن دەسلەپتە مېنىڭ قەلبىمگە ئۇسسۇپ كىرگەندە، قەدەملىرىڭنى توسۇشقا ئامالسىز قالدىم.

— يېنىڭىزدا ئولتۇرسام بولامدۇ؟ — مەن ھودۇقۇپ قالدىم. ئۇ كۈنى ھاۋا تولىمۇ سۈزۈك ۋە سالقىن بولۇپ، ئاسمان ئۆز سۇكۇتىگە غەرق بولغانىدى.

— ئولتۇرۇۋېرىڭ، — ئۆزۈمنى سەل ئارامسىزلانغاندەك ھېس قىلدىم. سېنىڭ نېمىشقا مەن ئولتۇرغان بۇ ئورۇننى تاللىغىنىڭنى بىلمىدىم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمىگەنىدىم.

مەن كېيىنكى كۈنلەردە سېنىڭ مۇڭلۇق مەنزىرىلەر بىلەن تولغان بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرىڭنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم. ئۇ يەردە سايە تاشلاپ تۇرغان بىر ئارامبەخش دۇنيا ھەقىقىي چۈشلەر بىلەن تولغان نازۇك مۇھەببەت ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۇراتتى.

# سۈكۈتكە چۆمگەن دالا

ئۇ كۈنى بىز شۇنداقلا ئۇچراشتۇق.

سەن گويا تاڭ پەيتىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ گۈگۈم بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرغاندىكى غەمكىن قىياپىتىگە ئوخشاش، مېنىڭ غەمكىنلىك قاپلىغان تۇرمۇشۇمغا يەنە بىر ئۇلۇش ھەسرەت ناخشىلىرىنى سۆرەپ كىردىڭ.

شۇنىڭدىن باشلاپ سېنىڭ كۆزلىرىڭدىكى مۇڭ مېنىڭ قەلبىمنى بىر ئۆمۈر پارە - پارە قىلىپ ياشىدى.

سەن مېنىڭ ھاياتىمغا تولىمۇ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنىدىڭ. لېكىن، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قالدىڭ. سەن دەسلەپتە مېنىڭ قەلبىمگە ئۇسسۇپ كىرگەندە، قەدەملىرىڭنى توسۇشقا ئامالسىز قالدىم.

— يېنىڭىزدا ئولتۇرسام بولامدۇ؟ — مەن ھودۇقۇپ قالدىم. ئۇ كۈنى ھاۋا تولىمۇ سۈزۈك ۋە سالقىن بولۇپ، ئاسمان ئۆز سۈكۈتىگە غەرق بولغانىدى.

— ئولتۇرۇۋېرىڭ، — ئۆزۈمنى سەل ئارامسىزلانغاندەك ھېس قىلدىم. سېنىڭ نېمىشقا مەن ئولتۇرغان بۇ ئورۇننى تاللىغىنىڭنى بىلمىدىم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمىگەنىدىم.

مەن كېيىنكى كۈنلەردە سېنىڭ مۇڭلۇق مەنزىرىلەر بىلەن تولغان بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرىڭنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم. ئۇ يەردە سايە تاشلاپ تۇرغان بىر ئارامبەخش دۇنيا ھەقىقىي چۈشلەر بىلەن تولغان نازۇك مۇھەببەت ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۇراتتى.

مەن كىتابىمنى يەنە ئوقۇۋېرىشنى ياكى ئۇنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويۇشنى بىلەلمەي قالدىم. نازۇك بىر تۇيغۇ تەپەككۇرۇمنى چالغىتىۋەتكەنىدى. ھېچقاچان، ھېچقانداق بىر كۈچ ئىرادەمدىن ئۈستۈن ئەمەس دەپ ئويلايتتىم. ئەمدىلىكتە مېنىڭ خاتا ئىكەنلىكىمنى، ھاياتتا تېخىمۇ زور خاتالىقلارغا يول قويىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم.

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟ — ئاۋازىڭىزنىڭ مۇزىكىدەك ساپ سېھىرلىك تۇيغۇ بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىم، بەلكى بۇ مەن ھاياتىمدا ئاڭلىغان ئەڭ يېقىملىق، ئىچكى تۇيغۇم ئېتىراپ قىلغان بىردىنبىر ئاۋازدۇر. مەن گويا ئەڭ يېقىمسىز ئاۋازدا سۆزلەپ سالىدىغاندەك كىتابنى ساڭا سۇندۇم. سەن كىتابنى ئالغاچ كۆزلىرىمگە قارىدىڭ. سېنىڭ شۇ قارىشىڭمۇ مېنىڭ ھاياتىمنى خاراب قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى. مەن شۇ چاغدىلا يىگىتلەرنىڭ قىزلار ئالدىدا تولىمۇ بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

سەن كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدىڭ. گويا قەلبىمدىكى مەخپىي قۇرلارنى ئوقۇۋاتقاندەك ئارىمىزدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتساممۇ، بىراق روھىمدىكى داۋالغۇش مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

— ياخشى كىتابكەن، ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ؟ — سەن يەنە كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدىڭ. مەن سېنىڭ كىتابقا نېمىشقا بۇنچىۋالا قىزىقىپ قالغانلىقىڭنى ۋە باشقا سۆزلەرنى قىلمىغىنىڭنى چۈشەنمىدىم. بەلكى، سۆھبىتىمىزنىڭ كىتابقا باغلىنىشلىق تەرەپلىرى كۆپ بولسا كېرەك. بىراق، كىتاب ھەقىقىي بىر تۇيغۇ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقالمايتتى.

— ياق تېخى، بىر تۇرۇپ ئۇنى ھازىرلا ئوقۇپ بولىدىغاندەك، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇنى مەڭگۈ ئوقۇپ



بولالمايدىغاندەك قىلىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— چۈنكى مەن ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىلەرنى مۇشۇ كىتاب ئىچىگە يوشۇرۇنغان دەپ پەرەز قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

زىنىقىڭدا غەيرىي بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى ئۇپۇقتىكى نۇر شولىسىدەك شۇنچە يىراق، ئەمما شۇنچە سېھىرلىك ئىدى.

— سىز بەك قىزىق ئىكەنسىز. ئادەتتىكى مەسىلىلەرگە قارىتامۇ چوڭقۇر تەھلىل ۋە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك جىددىي مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز.

— بەلكىم مېنىڭ ھاياتقا بولغان چۈشەنچىم شۇنداق جىددىي خاراكتېرنى ئالغان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ تۇرمۇشتىكى ھەربىر شەيئى بىزدىن ئۆزىگە قارىتا جىددىي مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئادەم ۋە نەرسىلەردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت.

سەن گويا مېنىڭ كونا تونۇشلىرىمدەك، ئەڭ مېھرىبان تونۇشلىرىمدەك سۆزلىرىمگە جىمجىت قۇلاق سېلىپ تۇراتتىڭ. سېنىڭ بۇنداق مەپتۇن قىلارلىق چېھرىڭ سۈكۈتلۈك قەلب ئاسمىنىمدا سانسىزلىغان يورۇق يۇلتۇزلارنى پەيدا قىلدى.

— سىز ئۆزىڭىزنى چۈشىنىش باسقۇچىدىن كۆپ ھالقىپ كېتىپسىز، كۆز قاراش ۋە غايىلىرىڭىز روھىيەتتىن ھالقىپ ناھايىتى يىراق بىر ئېقىن ھاسىل قىپتۇ. سۆزلىرىڭىز بىر تۇرۇپ پەيلاسوپلارنىڭكىدەك، بىر تۇرۇپ روھىي كېسەللەرنىڭكىدەك تۇيغۇ بېرىدىكەن.

سەن بۇ گەپلەرنى بىر تۇرۇپ ئۆزۈڭگە سۆزلىگەندەك، بىر تۇرۇپ ئۇنداق ئەمەستەك ھېسسىياتتا سۆزلىدىڭ. مەن ئۇنىڭ ماڭا قارىتىلمىغان بىرمۇ تەرەپلىرىنىڭ يوقلىقىنى بايقىيالمىدىم. شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزلىرىڭگە قايىل بولماي

تۇرالمىدىم.

— راست دەيسىز، پەيلاسوپلارنىڭ تەپەككۇرىدا روھىي كېسەللەرنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەمما، روھىي كېسەللەرنىڭ ھەممىسى پەيلاسوپ بولالمايدۇ. پەيلاسوپلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن باشقىچە پىكىر قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقى بىزنىڭكىگە قارىغاندا باشقىچە مەنزىرىلەر بىلەن تولغان. بىز ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئاسمىنىمىزغا سېلىشتۇرۇپ ئۇلارغا غەلىتە دېگەن نامنى بېرىمىز. ماھىيەتتە ئۇنىڭ ھېچقانداق غەلىتە يېرى يوق. روھىي كېسەل بولۇش تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بولۇپ، ئۆزۈمنى تېخى ئۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلمىدىممىكىن دەپ ئويلايمەن.

سېنىڭ چىرايىڭدا ھەيران قېلىش ۋە ئەپسۇسلىنىشقا ئوخشايدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىن تامامەن پەرقلىنىدىغان بىر خىل ئىپادە پەيدا بولدى. زىنىقىڭدا سۇس يېيىلغان كىچىككىنە تەبەسسۇم ماڭا نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى پىچىرلىغاندەك قىلدى. بۇ سۆزلەر تۇيغۇمغا شۇ قەدەر يېقىن، شۇ قەدەر تونۇش بولۇپ، ۋۇجۇدۇمدا ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك ھېس قىلدىم. مەن يەنە ئۇنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان چۈش پارچىلىرىنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى، ئىككىمىزنىڭ چۈش پارچىلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە قول ئېلىشقانلىقىمىزنى كۆردۈم.

— سىز باشقىلاردىن ئۆزگىچە تەپەككۇر قىلىدىكەنسىز، ھازىر ئۆزۈمنى بىردىنبىر تەنھا كىشى دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى بۇنداق ئويلاشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. ئوخشاش بىر نەرسە كۆپەيسە ئۇنىڭ قىممىتى يېرىم ئۆلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر تەنھا كىشى ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەيمەن. بەلكىم تۇرمۇش ماڭا ئوخشاش سانىسىزلىغان تەنھا



ئادەملەرنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولسا كېرەك.

— مېنىڭچە سىز مەسىلىنى يۈزەكى ئويلايدىكەنسىز. ئۆزىڭىزنى تەنھا ھېسابلىغانىكەنسىز، دېمەك دۇنيادا سىزدىنمۇ تەنھا ئادەم يوق دېگەن سۆز. ئادەملەرنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى تەنھالىق ئىچىدە تەپەككۇر قىلىش، ئەمما ئادەملەرگە قانچە يېقىنلىشىمەن دېگەنسېرى ئۇلارنى چۈشىنىش شۇنچە قىيىنغا توختايدۇ.

سەن سۆزلىرىمگە سۈكۈت قىلىپ تۇردۇڭ. سېنىڭ بۇ خىل سۈكۈتىڭ يەنە بىر خىل جىمجىت تەپەككۇرنى شەكىللەندۈردى. مەن سېنى قايىل بولدى دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتىڭ:

— تەنھالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش بەك ئازابلىق، ئۇلار رېئاللىقتىن رازى بولۇپ ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى رېئاللىقتىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن بولغاچقا ئەمەلىيەت ئۇنىڭغا يېتىشىپ بولالمايدۇ. شۇڭا، تەنھا ئادەملەر بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ تەنھالىقى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ جان تالىشىپ ياشايدۇ.

سۆزلىرىڭگە چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىككىمىزنىڭ ھايات دەرياسىنىڭ بىر ئېقىنىدا ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. بەزىدە ئىككىمىزنىڭ نېمە دېيىشمەكچى بولغانلىقىمىزنى تازا ھېس قىلىپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، بىراق رەڭدار گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن ئارامخۇش ماي ئېيىنىڭ بۈگۈنكىدەك بىر كۈنىدە سەندەك بىر سۆھبەتداشقا ئېرىشكەنلىكىمگە خۇش بولدۇم، بىز شۇ يوسۇندا قانچىلىك پاراڭلاشقاندىمىز؟ بەلكىم خېلى كۆپ پاراڭلاشقاندىمىز، يەنە خېلى كۆپ پاراڭلىرىمىز بولغىيتتى. ئەمما، سەن ئالدىمىزدىكى كوچىدا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ. سەن مېنىڭ يېنىمغا قانداق تاسادىپىي كەلگەن بولساڭ

شۇنداق تاسادىپىي كەتمەكچى بولۇۋاتاتتىڭ. يەنە بىر ئاز پاراڭلاشقان بولساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە، بىر ئۆمۈر پاراڭلاشساقچۇ؟!...

— بىز يەنە كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟

نېمىشقىدۇر بۇ سۆزۈم ماڭا پەقەت يارىمىدى. مېنىڭچە بولغاندا ئۇنىڭغا تېخىمۇ مۇۋاپىقراق سۆزنى ئىشلەتسەم بولاتتى. بىراق، ھەرقانداق قۇدرەتكە ئىگە سۆز بولغاندىمۇ سىېنى يېنىمدا ئېلىپ قالالمايتتىم.

— بەلكىم ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. سىز مېنى بىر قېتىم ئەمەس، سانسىز قېتىم ئۇچرىتىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— لېكىن، مەن سىزنى ئەمدى مەڭگۈ ئۇچرىتالمايدىغاندەك، بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىزدەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— روھى جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش بولغان ئىككى تەنها ئادەمنىڭ تامامەن ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، بىز ھاياتنىڭ مەلۇم يېرىدە ئوخشاش كۆز قاراش، ئوي - پىكىرلەر ئارىسىدا بىر - بىرىمىزگە ئۇچراپ تۇرىمىز.

بۇ خىل ئۇچرىشىش ئادەمنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. ھەتتا تىت - تىت قىلىپ ساراڭ قىلىۋېتەتتى. شۇڭا، مەن بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتىم.

— خوش، بىز مۇشۇ يولدا ياكى باشقا بىر جايدا سانسىز قېتىم ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. مەن سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن، مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ.

مەن سۆزلىرىڭدىن ھەيران قالدىم. نېمىنى كۈتىمەن؟ ئۆتكۈنچىدەك پەيدا بولۇپ ئۆتكۈنچىدەك غايىب بولغان بىر قىزنى كۈتەمدىم؟ ئەمما ئۇ مېنى مەڭگۈ ئىزدىمەسلىكى، ھەتتا خىيالغا كەلتۈرمەسلىكى مۇمكىنغۇ. سەن 16 - كوچىنىڭ دوقمۇشىدا



ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدىڭ. مەن سېنىڭ ئارقاڭدا خۇددى بىر بۈيۈك ئىدىيەنى ئۇزاتقاندەك تەلمۈرۈپ قاراپ قالدىم. سەنمۇ ئارقاڭغا قايرىلىپ قوللىرىڭنى پۇلاڭلىتىپ مەن بىلەن خوشلاشتىڭ. ئارىمىزدا ۋاقىت، ئادەم، ئىرادىلەردىن ھاسىل بولغان بىر يول سوزۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ئىككىمىزنىڭ سەپىرى تاسادىپىي داۋاملىشىپ يەنە تاسادىپىي ئۈزۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ئادەتتىكى ماي ئېيىنىڭ ئارامخۇش بىر كۈنى ئىدى. مەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بۇ يولنىڭ ئۆلۈمۈم بىلەن ھاياتلىقىمنى تۇتاشتۇرغۇچى بىر مۇقەددەس يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماپتىكەنمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن سېنى قايتا ئۇچرىتالمىدىم. قانداق شەكىلدە ئۇچرىشىش مېنىڭ ئەركىمدىكى ئىش بولمىغاچقا ئۆزۈمنىڭ سانسىز خىياللىرى ئارىسىدا يەنە بۇرۇنقىدەك سېنى ئەسلەپ سېغىنىپ يۈرىۋەردىم. ۋاقىت بىر خىلدا ئۆتىۋەردى. مەن سۈكۈت قىلىپ يۈرىۋەردىم. ھەقىقىي بىر جىمجىتلىق ماڭا ھەمراھ ئىدى. مېنىڭ ھەتتا جىمجىتلىقتىن باشقا ھەمراھ بولغۇدەكمۇ ھېچ نەرسەم يوق ئىدى. سىرتتا سىم - سىم يامغۇر ياغماقتا. ئۆزۈندىن بېرى يامغۇر ياغمىغانىدى. شۇڭا، يامغۇر سېغىنىپ قالغان كۆڭلۈمنى بىر - بىرلەپ چۈۋۈپ تاشلىدىم. يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. قاچاندىن بېرى خىيالغا چۆككەندىمەن، بەلكى يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندىن بېرى شۇنداقتۇرمەن. يامغۇرنىڭ سىم - سىم كۈيى مېنى شۇنداق چۈش قوينىغا سۆرەپ كىردى. ھارغىن ھالدا سوقراتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بايانى: «روھ تەننىڭ ئىدارە قىلىشىدىن تولۇق قۇتۇلغاندىلا ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشىدۇ» دېگەن تەلىماتىنى يادلاشقا تىرىشتىم. مەن ئۇنى قانچە قېتىم ياد ئالسام شۇنچە ئۇنتۇپ كېتەتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭغا بارغانسېرى قىزىقىپ چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم. مەن ئاخىر ھېس قىلدىمكى،

مېنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان كۈچنىڭ تەن ئەمەس، روھىتىمۇ تاشقىرى بولغان ئۈچىنچى بىر خىل كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئۇ ماڭا بەك ئۇزۇن يېغىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىر ئۆمۈر ياغسىمۇ توختىمايدىغاندەك قىلاتتى. يامغۇرنىڭ مۇنچىۋالا ئۇزۇن يېغىشى بەلكىم تەبىئەتنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ دەپ ئويلىدىم. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلگەندەك بولدى. تۇيغۇم شۇنداق سېزىم ھاسىل قىلغان بولسا كېرەك دەپ پەرۋا قىلمايتتىم. سوقرات ئۆز تەلىماتىنى تېخى ئاخىرلاشتۇرمىغانىدى. كىتابنى قولۇمدىن چۈشۈرگۈم كەلمىدى. ئىشىك يەنە چېكىلدى، ئارقىدىن يەنە چېكىلدى. ئىشىك چېكىلىش داۋام قىلماقتا. مەن بۇنىڭ خىيالىي تۇيغۇ ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەندىلا ئاندىن بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىدىم.

بەزىدە ئادەم رېئاللىققا ئىشەنمەي قالىدۇ. بەزىدە خىيالىي نەرسىلەرمۇ راستتەكلا تۇيۇلىدۇ. كۆز ئالدىمدا سەن تۇراتتىڭ. سىم - سىم يامغۇر تۆكۈلۈۋاتقان ماي ئېيىنىڭ بىر كۈندە يەر شارىنىڭ مەلۇم يېرىدىكى كىتابلار چېچىلىپ ياتقان غېرىب ياتىقىمنى قانداق تاپقانلىقىڭنى پەقەت بىلەلمىدىم. مەن سېنى بۇ شەھەردە ھامان ئۇچرىتىپ قالىمەن دەپ يۈرەتتىم. لېكىن، بۈگۈنكىدەك بىر كۈندە ئۆز ياتىقىمدا دەپ ئويلىمىغانىدىم. سېنىڭ مېنى راستتىنلا ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئىزدەپ كېلىشىڭ مېنى گاڭگىرىتىپ قويىۋاتاتتى.

— بىز يەنە ئۇچرىشىمىز دېمىگەنىدىم، — دېدىڭ سەن كۆڭلۈمدىكىنى تۇيغاندەكلا.

— بەك ياخشى بولدى. سىزنى نەدىن ئىزدەشنى بىلمەي يۈرەتتىم، — دېدىم مەن سۆزۈڭنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا.

— مەن سىزنى ئىزدىمەن، كۈتۈپ تۇرۇڭ دېمىگەنىدىم.



ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ ئۆز ئايىغىم بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم، يەنە ئۆز ئايىغىم بىلەن كېتىمەن.

«سىز مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىپتىكەنسىز، ئەمدى قايتۇرۇپ كەلدىڭىز» دېمەكچى ئىدىم. بىراق دېيەلمىدىم.

— بۈگۈن بىرى كېلىپ قالىدىغاندەك قىلغان، تۇيغۇم مېنى ئالدىماپتۇ.

— بىر ھەپتە ئىلگىرى دېگەنىتىمغۇ، روھىي جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەمنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ. شۇڭا، مېنىڭ سىزنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىمنى ئىچكى تۇيغۇڭىزنىڭ ئاللىبۇرۇن خەۋەر قىلغانلىقى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

مەن شۇندىلا ئىككىمىزنىڭ بىر ھەپتە ئىلگىرى كۆرۈشكىنىمىزنى ئويلىدىم. ماڭا بۇ بەك بۇرۇنقى ئىشتەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىراق، سېنىڭ تۇيغۇڭدا بۇ بىر ھەپتە بۇرۇن بولغان ئىش ئوخشايدۇ. مەن ئۈن - تىنسىز ھالدا چېچىلغان كىتابلارنى رەتلىشىڭگە قاراپ تۇردۇم، ئەسلىدە ئۇنداق قىلمىساڭمۇ بولاتتى، چۈنكى بۇ كىتابلار رەتلەنگەنسېرى چېچىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنى رەتلىمەسلىك كېرەك ئىدى. بولدى، ئۆزۈم قىلاي، دەپ توسۇپ يۈرمىدىم. شۇڭا، كىتاب سېنى بەكلا چۈشىنىدىغاندەك، بىز ئارىلاشقىلى بەكلا ئۇزۇن بولغاندەك ھېس قىلدىم.

— سىز نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپ باقمايسىز؟ — مەن شۇندىلا ئىسمىڭنى سوراپ باقمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، بۇ مېنى قىلچە خىجىللىق ھېس قىلدۇرمىدى. بەلكى، مېنىڭ مەغرۇرلۇقۇمدەك بىلىنىپ كەتتى.

— مەن سورىغاندىن كۆرە، ئۆزىڭىز ئېيتىپ بەرسىڭىز تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

— سىز بەكمۇ قۇۋ ئىكەنسىز؟

— سىزمۇ شۇنداق.

سەن شۇنداق تاتلىق كۈلۈپ كەتتىڭ. شۇنداق تاتلىق كۈلدىڭكى، باھاردىكى ئۇخلاپ ياتقان گۈل - چېچەكلەر بۇنىڭدىن ئويغىنىپ ھەممىسى بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى دەپ ئويلىدىم.

— ئىسمىم شەرىپە. ئۇنىۋېرسىتېتتا سىزدىن ئىككى يىل كېيىن ئوقۇغان، ئەسەرلىرىڭىز بىلەن تونۇش بولساممۇ، بىراق سىز بىلەن تونۇشۇش نېسىپ بولمىغانىدى.

— ئۇنداقتا مېنى تونۇيدىكەنسىز - دە؟

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن. سىز شۇ تاپتا مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالغانسىز؟ ئەينى ۋاقىتتا مەن سىزنى بىر تالانت ئىگىسى دەپ ئويلايتتىم. سىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن مەن سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مانا ئەمدى مېنىڭ ئوقۇشۇممۇ پۈتتى. سۈرۈشتە قىلىپ ئاخىر تەقسىماتىمنى سىز بار يەرگە چىقاردىم. مەن بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزنىڭ ھەقىقەتەن تاسادىپىي ئىكەنلىكىنى شۇندىلا ھېس قىلدىم.

مەندە سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى رەت قىلغۇدەك قۇدرەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇنداق بىر مۇھەببەتكە تەشنا بولۇپ كېلىۋاتاتتىم. روھ بىردەكلىككە ئىگە بولىدىكەن، ئۇنداقتا باشقا نەرسىلەر تەبىئىي ھالدا ئېتىبارسىز قارىلىدۇ. روھنىڭ مۇقەددەسلىكى مۇقەررەر يوسۇندا مۇھەببەتنىڭ چۈشىنىشكە ئېرىشكەنلىكىدە. شۇنداق قىلىپ، شەرىپە بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى ناھايىتى رومانتىك ھېسلار بىلەن باشلاندى. ئەمما، بۇنداق باشلىنىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ شۇنداقلا تاسادىپىي ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلمىغانىدىم. سەن قەلبىمگە قانچىلىك گۈزەل، قانچە شېرىن پەيتلەرنى باشلاپ كىرگەن بولساڭ ئۇنى يەنە بىر ئۆمۈر ھەسرەت ناخشىلىرىغا ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ



كەتتىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ شېئىرلىرىمدا كۈيلىنىدىغان غايىۋى كەڭلىكتىكى مۇھەببەت پەرىشتىلىرى بىردىنلا چەكسىز مۇڭلار بىلەن شەكىللەنگەن ھەسرەت گۈللىرىگە ئايلىنىپ بېغىمدا جىمجىت تۇرۇپ قالدى. مەن سەن بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەردىكى بەختلىك چاغلارنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمايمەن. سېنىڭ ماڭا بەرگەن بەختىڭ مېنىڭ پۈتكۈل سۆيگۈزارلىقىمنى قاپلاپ تۇرماقتا ئىدى! ئاھ، لېكىن شەرىپە! بىز مۇشۇنداق بىر ئايرىلىش پەيتىگە دۇچ كەلدۇق. كىممۇ بۇنىڭغا ئېچىنماي تۇرالىسۇن! كىممۇ ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق مۇھەببىتىنى ماڭا ئوخشاش قەلبىدە ئۇلۇغلاپ ئۆتەلىسۇن!

بىز تونۇشۇپ ئايرىلغانغا قەدەر تەبىئەت ئۈچ قېتىم يوپۇرماق چىقىرىپ ئۈچ قېتىم غازاڭ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈچ قېتىملىق ھاياتى بىلەن ئۈچ قېتىملىق ئۆلۈمى بىزنىڭ بىر قېتىملىق ئايرىلىشىمىزغىمۇ ئەرزىمىدى. بىز شۇنداق بىر بۈيۈك مۇھەببەت ياراتتۇقكى، ئۇنىڭ قۇدرىتى تەبىئەتنىڭ ھەربىر گۈل - گىياھلىرىغىچە سىڭىپ كەتتى. ئەپسۇسكى ئۇنى يەنە شۇ بۈيۈك مۇھەببىتىمىز يىمىرىپ تاشلىدى.

— مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم، — سەن ئاشۇ كۈنى ئاپئاق سۇۋادانلار سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا ئاخىر بۇ سۆزنى ئېغىزدىن چىقاردىڭ. مەن بىر ئۆمۈرلۈك ھەسرەت - نادامەتنىڭ مۇشۇنداق باشلىنىدىغانلىقىنى تۇيماي قالدىم. نېمىشقا شۇ چاغدا مېنىڭ يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كەتمىدى؟! مەن نېمىشقا شۇ چاغدا سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆلۈپ كەتمەي تىرىك تۇرالىدىم؟!

— ماڭا بۇنداق چاقچاق قىلماڭ شەرىپە، مۇھەببەت قانچىلىك دەرد - كۈلپەتنى كۆتۈرەلىگەن بىلەن كىچىككىنە ئايرىلىش ئازابىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، مېنىڭ سىزدىن ئايرىلىشىم پۈتكۈل بەختلىك كۈنلەردىن ئايرىلىشتۇر. مەن بۇنداق ئېغىر ئازابنى كۆتۈرەلمەيمەن.

سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بەدىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىدىغاندەك سىلكىنەتتى. مەن سېنىڭ قەلبىڭدىمۇ سانسىزلىغان ھەسرەت پارچىلىرىنىڭ لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

— مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ تېپتىنچ تۇرغان قەلب كۆلچىكىڭىزنى ئۆزۈمنىڭ ۋاقىتسىز شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بىلەن داۋالغۇتۇۋەتتىم. ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن، ماڭا بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتىڭىزنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى تىلەيمەن، — سەن شۇنداق دەپلا باغرىمغا تاشلاندىڭ، كۆزلىرىم ياش تامچىلىرى بىلەن بويلىپ كەتكەن بولغاچقا ئەتراپنى كۆرەلمەيتتىم.

— مەن سىزنى ھەرگىزمۇ ئىلكىمدىن چىقىرىپ قويمايمەن. شەرىپە، سىز مېنىڭ بارلىقىم، ھاياتىم. مەن سىزسىز قانداقمۇ ياشىيالاي، سىزسىز كۈنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىشەنمەيمەن، بۇ سۆزلىرىڭىز يالغان! يالغان، دەڭچۇ شەرىپە! — مېنىڭ ئاۋازىم بوغۇلۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتقاندەك ھېس قىلدىم. روھىم دەرد - ئەلەملەر تۈپەيلى قېرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— مېنىڭ ئىككى تاش ئارىسىدا قېلىپ قانچىلىك قىينالغانلىقىمنى بىلسىڭىز - ھە؟!

— شەرىپە، سىزگە توسالغۇ بولۇۋاتقان كۈچ زادى نېمە؟ ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ؟ بىز بىرلىكتە سىزنى سىقىپ تۇرغان ئاشۇ تاشنى ئىرغىتىۋېتەيلى، مەڭگۈلۈك كۆز يېشى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھاياتلىق قىرغىقىنى بىرلىكتە ئىزدەيلى.

سەن قاپقارا كۆزلىرىڭنى ماڭا تىكتىڭ. ئۇ يەردە ياش تامچىلىرى نەقەدەر چەكسىز - ھە! گويا ئالەمدىكى بارچە



ھەسرەت سېنىڭ كۆزلىرىڭگە يىغىلغاندى. ئۇ بىر ئېقىننى بويلاپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا چۈشۈۋاتاتتى، ئۇ كۈچ بەك زور، ئىككىمىزنىڭ ئۇنىڭغا قۇدرىتى يەتمەيدۇ. بىزنىڭ يىغلىرىمىزمۇ ئۇنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىز مۇھەببىتىمىزنى ئاشۇ كۈچكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزدە مەڭگۈ سېغىنىپ ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرلاشتۇرايلى. مەن تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىڭنى ئالىقىنىم بىلەن سۈرتتۈم. سەن بارلىق ھەسرىتىڭنى كۆزلىرىڭگە يىغىپتىكەنسەن، ماڭا ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشىڭمۇ ھەقىقەتەن تەسكە توختايدىغانلىقىنى بىلسەڭ كېرەك. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن قەلبىم بىلەن ساڭا تەسەللى بەرمەكچى ئىدىم، لېكىن ئۇ تېخىمۇ ئىچ - ئىچىدىن تۆكۈلۈپ كەتتى.

— شەرىپە، سىزدىن ئۆتۈنەي، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇڭچۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟! ئەجەبا بىزنى تاسادىپىيلا ئايرىۋەتكۈدەك ئاشۇنداق قۇدرەتلىك كۈچ بۇ دۇنيادا راستتىنلا مەۋجۇتمۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن شەرىپە. مۇھەببىتىمىز بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، ئۇ ھەرقانچە ۋەھشىي كۈچ ئالدىدىمۇ باش ئەگمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟!

سەن ئاستا قۇچىقىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتىڭ:

— مەن سىزگە شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، چۈنكى بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بەزى ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا پەقەت ۋاقىتلا ھۆكۈم قىلىدۇ. مەن بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈشكە ھەقىقەتەن ئامالسىز. پەقەت مېنى چۈشىنىشىڭىزنىلا سورايمەن، مەن مەڭگۈ سىزنىڭ، مەڭگۈ سىزگە سادىق بولۇپ ياشايمەن.

ئاھ شەرىپە، مەن بۇ رېئاللىقنى پەقەتلا قوبۇل قىلالمايتتىم. مېنىڭچە بۇ بىر قېتىملىق ئايرىلىشلا ئەمەس،

بەلكى بىر ھاياتلىق ئالىمىنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە بىر قىممەتلىك روھنىڭ يوقۇلۇشى ئىدى. مېنىڭ كۆز ياشلىرىم سېنى توسۇپ قالالامتى. سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ ماڭا تەسەللى بېرەلمەيتتى. بەلكى، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆركەشلەۋاتقان ھارارەتلىك تۇيغۇلىرىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شەرىپە، سەن نېمىشقىمۇ مېنىڭ ئالدىمدا يىغلايدىغانسەن؟ كۆز ياشلىرىڭنى ماڭا كۆرسىتىدىغانسەن؟ ماڭا ئۆز ۋاقتىدا شېرىن مۇھەببەت بەرگەن ۋۇجۇدۇڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ دەھشەتلىك دەقىقىلەردە بىر قېتىم بولسىمۇ شېرىن ئۆلۈم ئاتا قىلالمايدىغاندۇ؟ ئاھ، مەن چىدىيالماي قالدىم، سەن ئەمدى مۇشۇنداقلا كېتەرسەنمۇ؟ ئاشۇ بىر قېتىملىق خوشلىشىشىمىزنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق خوشلىشىشىمىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن. مەن سېنى يەنە ئىزدەپ تاپىمەن دەپ ئويلىغانتىم، ئەمما سەن مەن تاپالمايدىغان يەرلەرگە كېتىش ئۈچۈن خوشلىشىپتىكەنسەن. ھازىر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرىلەر ھەقىقەتەن بولمىغاندەك ھېس قىلىمەن.

ئاھ، مەن سېنى شۇنداقلا ئۈزىتىپ قويدۇم، ئالدىمىزدا بىر ھىجران دەرياسى شىرىلداپ ئاقماقتا. سەن گۈگۈم مەنزىرىلىرىنىڭ ئاخىرقى شولىلىرىغا كۆمۈلگەن كەچ كۈزنىڭ غېرىپ بىر كۈنىدە ئاخىرقى سۆزلىرىڭنى قالدۇرۇپ كەتتىڭ. كۈز ئورمىنى غازان تۆكمەكتە؛ يوپۇرماقلار سارغۇچ تەبىئەتنىڭ قوينىدا تراگېدىيىگە كۆمۈلمەكتە. خوش، ئەسلىدە بۇ ماڭا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەپسۇسكى، قىسمەت مېنى شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرلىدى.

— بىلىڭكى بۇ ئۇلۇغ مۇھەببەت سىزگىلا بېغىشلانغانتى.

بۇنداق پۇشايمانسىز قۇربان بېرىش پۇرسىتى سىزگىلا نېسىپ بولغان. پەقەت قەلبىدە ئۇلۇغ مۇھەببىتى بولغان ئادەملا



مۇشۇنداق قۇربان بېرەلەيدۇ. مەن سىزنىڭ بۇ ئۇلۇغلۇقىڭىزنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن. سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ناتىۋان بىر قىزنىڭ سىزنى ھەر دائىم سېغىنىشلىق مۇھەببىتى بىلەن ئەسلەپ تۇرغىنىنى ئۇنۇتمايسىز.

سەن كىچىككىنە چىغىر يولدا غازاڭلارغا دەسسەپ ئۇزاپ كەتتىڭ، ئاشۇ كىچىككىنە جىسمىڭنىڭ شۇنچە ئېغىر ھەسرەتلەرنى قانداق كۆتۈرەلىگەنلىكىگە ھەيران قالدىم. بۇ يەردىكى شالاڭلاشقان دەرەخلەر بىر غېرىب چۈشنى قۇچاقلاپ قالدى. گۈگۈم قاراڭغۇلۇققا ئايلىنىپ كەتتى. مۇھەببەت كۆز ياشلار ئىچىدە غەرق بولدى.

شەرىپە، ئەينى ۋاقىتتا مەن يەنە مۇشۇنداق بىر كۈنلەر كەلسە، مۇشۇ چىغىر يوللاردا ھەسرەت كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، مۇشۇ جايدا ئەجەب بىر خوشلىشىش پۇرسىتى بولغان ھە! شۇ چاغدىكى شەرىپە ۋە مەن ئىككىمىز شۇمۇ دەپ سوراي دەپ ئويلىغانتىم. ئەپسۇسكى، بۇنىڭ بىر ئويلا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىممۇ خىيال قىلسۇن.

مانا بۈگۈن مەن سېنىڭ قەبرەڭ ئالدىدا كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ تۇرۇپ بۇ ھېكايىنى يازماقتىمەن. سەن شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدىڭ شەرىپە، سەن زادى نېمىشقا قايتىپ كەلمىگەن بولغىيتتىڭ. ھەتتا سەندىن بىرەر خەۋەرمۇ بولمىدى. مانا ئەمدى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەسرىتى بېسىلماي تۇرۇپلا سېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىڭ يېتىپ كەلدى. ئەمدى مەندە ھايات ۋە ئىنسانلارغا قارىتا روھ ۋە مۇھەببەتتىن قىلچە ئەسەر قالمىدى، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىمگە ئىشەنمەيمەن. نەقەدەر دۆت بولغىيتتىم شەرىپە، ھاياتىڭنىڭ ئاخىرقى چەككە بېرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغاندىن كېيىنلا مەندىن ئايرىلىش قارارىغا كېلىشىڭگە قايسى بىر كۈچ تۈرتكە بولغاندۇ. ئۆلۈمنى كۈتۈش ۋە مۇھەببەت ئازابىنى يېڭىش نەقەدەر تەسكە توختايدۇ ـ ھە!

ياپپېشىل ئوت ـ چۆپلەر بىلەن تولغان جىمجىت دالا بىر قىزنى قۇچاقلاپ جىمجىت تۇرماقتا. يىراقتىكى دەريادا ئاققۇلار ئۈزۈپ يۈرمەكتە. سەن تەبىئەتنىڭ ياپپېشىل قوينىدا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ جىمجىت ئۇيقۇغا كەتتىڭ. ئەمما مەن بۇ يەردە چەكسىز ھەسرەتنى قۇچاقلاپ ئۈنسىز ياش تۆكمەكتىمەن. كۆز ياشلىرىم ئۈنسىز چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر ئۇلۇغ ئېقىن ھاسىل قىلدى. مەن تەبىئەتنىڭمۇ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم، بۇ كۆز ياشلار ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا ساڭا مەڭگۈ يېشىل ناخشىلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ.

دالا سۈكۈت ئىچىدە تەۋرەنمەكتە.



# چايئوتگۈلى قىسقان قىز

چۈش — يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئاستىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ مۇھەببەتكە سەجدە قىلىشىدۇر. ئاھ، پەرىشتەم! مەن سېنى چەكسىز سېغىنىشقا تولغان چۈش قوينىدا ھېس قىلىمەن. سېنىڭ خىيالچان مەنزىرىلەر بىلەن تولغان غەمكىن چىرايىڭ كۆز ئالدىمدا خۇددى تاڭ ئالدىدىكى يۇلتۇزلاردەك جىمجىت جىلۋە قىلىدۇ. مەن سېنى پەقەت چۈش قوينىدىلا مەۋجۇت دەپ بىلىمەن ۋە ئويغىنىپ كەتسەملا سەندىن قۇرۇق قالىمەن، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا، ئىلاھىمدىن، ماڭا مەڭگۈ مەنسۇپ بولغان سېغىنىشلىق چۈشلەرنى ئاتا قىلغايسەن، دەپ تىلەيمەن. ئاھ، ياخشى كۆرۈشۈم مېنى نەقەدەر زور سەۋدالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ـ ھە! ئامرىقىم، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئارزۇ قىلىشقىلا بولىدىغان بىر يول مەۋجۇت. ئەمما، ئېرىشىش ھەر ئىككىمىزگە مەنسۇپ بولمىسا كېرەك. چۈنكى، روھقا تەئەللۇق نەرسىلەرنى ئەبەدىلئەبەدىيلىككە تولغان قانۇنىيەت دەپ ھېسابلىغاچقا، رېئاللىقتىكى ئايرىلىش مىنۇتلىرىغا پەقەت سۈكۈتلا قىلدۇق. ئىنتىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىنتىلىش كېرەك. بىراق، ھاياتتىكى ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلەرنى ھەرقانچە بۈيۈك نەرسىلەرگە ئىنتىلگەن بىلەنمۇ يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ. مەن ئاشۇ كۈنى ۋە ئاشۇ يوللارنى مەڭگۈ ئىنتىلىشلىك ئەسلىمىلەر بىلەن ياد ئېتىدىغانلىقىمنى بىلىمەن. يول بويىدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرىدىغان ئوت ـ چۆپلەر، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، چايئوتگۈلى ۋە كىچىككىنە

چىغىر يول ئەسلىمەمدىكى خىلۋەت دالىدا مەڭگۈ يېشىل مەنزىرىلەرگە ئايلىنىپ ساقلىنىدۇ.

ئاھ، بىز ئۇچراشقان ئاشۇ كۈنى ھاۋا ئادەتتىكىدەكلا ئوچۇق ئىدى. بىر ئاز شىمال شامىلى چىقىۋاتاتتى. ياز پەسلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كىشى قەلبىگە بىر خىل ھاياجانلىق تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. مەن ئادەتتىكىچە ئاشۇ چىغىر يول بويىدا يۇمران يوپۇرماقلار ئارىسىدا ساپسېرىق ئېچىلغان چايئوتگۈللىرىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتىم. سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان بۇ ئۆستەڭ بويى مېنىڭ ئەتىگەنلىك سەيلە قىلىدىغان ئەڭ ئامراق ماكانىم ئىدى. مەن بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى، بولۇپمۇ ئاپتاپپەرەس گۈللىرىدەك تولۇپ ئېچىلغان دۇپدۇگىلەك چايئوتگۈللىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. بۇ گۈل خۇددى ئەركە چوڭ بولغان قىزلارغا ئوخشاش بىر خىل نازاكەت بىلەن يەڭگىل تەۋرىنىپ مېنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. مەن ھەممە مەنزىرىلەرگە بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىدە تىكىلىپ تۇرغاندا، بىردىنلا قارشى تەرەپتىن سېنىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىڭغا كۆزۈم چۈشتى. قولۇڭدا بۇ يەردە ئانچە كۆپ بولمىغان ئىسمى نامەلۇم بىر گۈل تۇراتتى. گۈل بەرگىلىرى خۇددى سېنىڭ نازۇك كۆكسۈڭدەك يەڭگىل تىترەيتتى. مەن ئۇنى نازۇك بارماقلىرىڭ ئارىسىدا تولىمۇ غەمكىنلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. سەن ئۇچاڭغا چوڭ ـ چوڭ گۈللۈك ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغانىدىڭ. ئاق سۈزۈك كەلگەن چىرايىڭ، قارىقاتتەك كۆزۈڭ ۋە مۇز كرىستالىدەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرنۇڭ مېنى تولىمۇ مەپتۇن قىلدى. سەن خۇددى بىر پارچە چۈش بوشلۇقىدا مېنىڭ تىمتاسلىق قاپلىغان بۇ دۇنيايىمدىن ئاستاغىنا ياندىشىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك، ھارغىن قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كېلىشكە باشلىدىڭ. مەن شۇ چاغدا سېنىڭ مېنىڭ ھاياتىمدا مىسلىسىز بىر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدىغانلىقىڭنى



ئويلىمىغانكەنمەن.

ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى تونۇغۇدەك ئارىلىققا كەلگەندە يەڭگىل شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىڭغا ساپسېرىق بىر تال چايئوتگۈلى قىستۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. كۆڭلۈمدىكى ھەممە نەرسىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايدىغان كۆزلىرىڭ ماڭا سۈس، ئەمما بىر خىل ئەجەبلىنىش ئىچىدە بىر قېتىم تىكىلدى ـ دە، يەنە تەبىئىيلا ئالدىڭدىكى يولغا ئاغدۇرۇلدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ تىمتاسلىق قاپلىغان ماكانىدا تۇيۇقسىزدىن سەندەك بىر گۈزەلنىڭ پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئەسلا خىيال قىلمىغانىدىم. سۈس ئاياغ ئىزلىرى قالغان ۋە بوش يەنچىلگەن چۆپلەر، غەمكىن تۇرغان ئاشۇ كىچىككىنە يول بويىدا ئارقاڭدىن قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن سېنى ھەر ئەتىگىنى ئاشۇ چايئوتگۈللىرى بىلەن قاپلانغان ئۆستەڭ بويىدا قولۇڭدا بىر تال گۈل كۆتۈرگەن ھالدا كۆرىدىغان بولدۇم. بىز ئەمدى سۈسلا باش لىڭشىتىپ سالاملىشىدىغان بولدۇق. بىراق، ھېچقايسىمىز گەپ قىلمايتتۇق.

— قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى قىزنى چاقىرىۋالساق بولاتتى، — دېدى مومام بىر كۈنى. مەن ئۇنىڭ كىمنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرھاللا چۈشەندىم، بىراق ئۈنچىقمىدىم. مومام خېلىدىن بېرى بەزى ئىشلارغا تەييارلىق قىلىپ يۈرەتتى. ئەسلىدە سېنى مېھمانغا چاقىرماقچىكەن ـ دە، مەن مومامنىڭ قوغۇن شاپىقىدەك تورلاشقان چېھرىگە ۋە دائىم بېشىدىكى ئاق ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرىدىغان ياشاڭغۇ كۆزىگە قارىدىم. كىچىكىمدىلا ئاتا ـ ئانامدىن يېتىم قالغاچقا، مەن مۇشۇ كۆيۈمچان مومامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغانىدىم. [ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل تەنھالىق ۋە مىسكىنلىك تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى] باشقىلارغا يالۋۇرۇشنى پەقەتلا خالىمايتتىم. شۇڭا،

تەنهالىق ئىچىدە ھەممە نەرسىگە باشقىچە نەزەردە تىكىلەتتىم.

مەن سىنى چاقىرغىلى قوشنىمىزنىڭ يېشىل سىرلاقلىق دەرۋازىسىدىن ئەيمىنىش ئىچىدە كىرگەندە، سەن ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن پېشايۋان ئاستىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىڭ. مەن چاچلىرىڭنىڭ قۇياش نۇرى ئاستىدا تولىمۇ يېقىملىق پارقىراۋاتقىنىنى، بىر جۈپ قوي كۆزۈڭنىڭ ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلگىنىنى كۆردۈم. مەن ھودۇقۇش ئىچىدە سىنى مېھمانغا چاقىرىپ كىرگىنىمنى ئارانلا ئېيتىپ، قوشنىمىزنىڭ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىڭ دېگىنىگىمۇ جاۋاب بەرمەستىن ئالدىراش قايتىپ چىقتىم. شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغىنىمنى بىلمەيتتىم. مەن شۇ چاغدا ئاشۇ قوي كۆزلىرىڭدىن تولىمۇ قورقاتتىم. ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بىر پارچە مۇڭ ۋە ئاشۇ مۇڭ ئىچىدىكى ئادەمنى ساراسىمىگە سالىدىغان تۇيغۇ قەلبىمنىڭ نامەلۇم بوشلۇقىدىكى ئىپادىگە بىر پارچە سوئالنى تاشلاپ قويغانىدى. ماھىيەتتە سىنىڭ مەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا سۇرلۇك قىز ئەمەسلىكىڭنى پەقەت بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەندىلا ھېس قىلدىم. سەن كىرىپلا ئالدى بىلەن نەزىرىڭنى ئىشكاپىمدىكى كىتابقا تىكتىڭ. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ پاراڭىمىز تەبىئىيلا بىر نۇقتىدىن باشلىنىپ كەتتى. مەن سىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قاراتقان قاراشلىرىڭنىڭ تولىمۇ مول ۋە تەبىئىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سەن ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئۇچراشقان بولساڭ كېرەك، ھايات ۋە تۇرمۇش توغرىلىق يۈرگۈزگەن مۇلاھىزەڭ مېنى تولىمۇ قايىل قىلدى. بىز شۇ كۈنى تولىمۇ ئۇزاق سۆھبەتلەشتۇق. سەن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ۋۇجۇدۇمنىڭ مەلۇم بىر يېرى سەن بىلەن بىرگە چىقىپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كەلدىم. سىنىڭ ئەسلىدە ئائىلەڭنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ يەردىكى بىر ئالىي مەكتەپتە



ئوقۇۋىدىغانلىقىڭنى، يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرگە تاغاڭنى يوقلىغىلى چىققانلىقىڭنى، تەتىلىڭ توشقۇچە مۇشۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم. سىنىڭ تاشقى قىياپىتىڭ شۇ قەدەر جىمىغۇر ۋە سۇرلۇك بولغىنى بىلەن مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا بىر خىل تەمكىنلىك ۋە ئىچكى قىزغىنلىقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. سەن، ئادەمنى ئېتىراپ قىلىش تەبىئىيكى ئۇنىڭ قەلبىڭدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بولىدۇ. ئۇ قەلبىڭدىكى ئادەم بولغانىكەن جەزمەن سەنمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر مەيداندىكى ئادەم بولۇشۇڭ مۇمكىن، دەپ قارايتتىڭ.

مەن ئادەمنى ئېتىراپ قىلىش ئۆزۈڭنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆزۈڭنى ئېتىراپ قىلغانىكەنسەن، دېمەك قارشى تەرەپمۇ سەن بىلەن بىر مەيداندىكى ئادەم دېگەن گەپ دەپ قارايتتىم. ھەر ئىككىلىمىز مۇشۇنداق ئېتىراپ قىلىش نەتىجىسىدە بىر - بىرىمىزنىڭ ئادەت كۆز قارىشى ئىچىگە كىرىپ قالغاندۇق.

بىز يەنە ئەتىسى تەبىئىي ھالدا ئاشۇ كىچىككىنە ئېرىق بويىدىكى چىغىر يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— ياخشىمۇ سىز؟ — دېدىڭ سەن سۈس كۈلۈمسىرەپ، ئاۋازىڭ شۇنچىلىك يېقىملىق چىقتىكى، ئۆمرۈمدە تېخىچە مۇنداق سۆيۈملۈك ئاۋازنى ئاڭلىمىدىم، دەپ ئويلىدىم.

— ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز؟ — دېدىم مەن جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ، مېنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىم ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان بىر خىل ئازادىلىكنىڭ يېيىلىپ تۇرغانلىقى ئىدى. سەن چىرايىڭنى ئۆزگەرتمەي يىراقلاردىكى ئېتىزلارغا كۆز يۇگۇرتكەچ:

— مەن بۇ يەرنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. چىرايلىق مەنزىرە ۋە ساپ ھاۋا كىشىگە بىر خىل سېھىرلىك ھېسسىيات

ئاتا قىلىدىكەن، — دېدىڭ. سەن سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىڭدە بىر خىل ھاياجانلىق مەنزىرە پەيدا بولدى. مەن سېنىڭ ئادەتتە مەن ھېس قىلغاندىنمۇ ئۆتە سېھىرلىك تۇسكە ئىگە ئىكەنلىكىڭنى بايقىدىم.

— بىر نەرسىنى ياخشى كۆرگىنىڭىزدە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە تەبىئىي، سۈنئىيلىك مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، سىزگە تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، — دېدىم مەن.

— ھەممە نەرسىگە سەمىمىي ھېسسىياتتا قارىغاندىلا شۇنداق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز ساختا بولغاندا تەبىئىيكى ئاشۇ مەنزىرىلەرمۇ ئوخشاشلا ساختا كۆرۈنىدۇ، — دېدىڭ ماڭا تىكىلىپ.

— بىراق، سىز يەنىلا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلىشىڭىز لازىمدۇ؟ بەزىدە ساختا نەرسىلەرگىمۇ سەمىمىي ھېسسىياتتا قارىغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز - دە.

سەن تاتلىق كۈلۈمسىرىدىڭ، چىرايىڭدە بىر خىل شادلىق ئىپادىسى پارلىدى.

— سىز مەن بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى چىقتىڭىزمۇ ياكى تەبىئەتتىن زوقلانغىلىمۇ؟

— مېنىڭچە ھەر ئىككىلىسى. گۈزەل قىزلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشمۇ بىر خىل كۆڭۈللۈك ئىش، — ھەر ئىككىلىمىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتۇق.

— يۈرۈڭ ئەمىسە، سەيلە قىلغاچ پاراڭىمىزنى قىلىشايلى، — بىز ھەر خىل ياۋا ئوت - چۆپلەر بىلەن تولغان كىچىككىنە چىغىر يولدا ياندىشىپ ماڭدۇق.

— سىز بۇ يەرنى ئانچە بىلمەيسىزغۇ دەيمەن؟ — دېدىم مەن.



— شۇنداق، لېكىن بۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى بىلىمەن، مەيلى قانداقلا يەر بولمىسۇن ئۇ يەردىكى گۈزەللىك ماڭا تونۇش.

— ئادەمگە تونۇش جايلار ئالاھىدە گۈزەل بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆز ئالدىڭىزدا بولۇپ كۈندە كۆرۈپ تۇرسىڭىز بەلكىم ئۇنداق تۇيۇلماس.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— چۈنكى، سىز بۇ جايلارغا يېڭى بولغاچقا، چۈشەنچىلىرىڭىزمۇ يېڭى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ سىزدە بىر خىل قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ. لېكىن، دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەردە بىر خىل ئورتاقلىق بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئادەمدە بىر خىل زوقلىنىش پەيدا قىلىش. سىز قانداقلا سۈرەتلىمەڭ رەزىللىككە قارىتا نەپرەتلىنىش، گۈزەللىككە قارىتا زوقلىنىش تۇيغۇسىنى مەڭگۈ چەتكە قاقالمايسىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن سىز مەلۇم بىر قىز بىلەن دەسلەپتە ئالاقە قىلغاندا ئۇنىڭ نامەلۇم تەرىپى سىزدە قىزىقىش قوزغايدۇ. بىراق ئۇ سىزگە بارغانچە تونۇش بولغاندا بولسا ئۇنىڭغا بولغان ئىشتىياقىڭىز سۇسلىشىدۇ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا ئىككىمىزمۇ شۇنداق ئىكەنمىز - دە، — مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. سەن ئالدىمغا ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىش قىيىن بولغان بىر سوئالنى تاشلىدىڭ.

— بۇنىڭغا ۋاقىت بىر نەرسە دېيىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئالدىراقسانلىق بەزىدە ئادەمنى خاتالاشتۇرۇپ قويىدۇ.

— خاتالىقنى بىلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. مەسىلە ئۇنى ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقتا. چۈنكى، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش بەكمۇ ئازابلىق.

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن خاتا قىلغانمۇ بولاي، بىراق بىزنىڭ بۈگۈن مۇشۇ يولدا مېڭىشىمىز خاتالىقمۇ ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ، بۇنى ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش تەس. مەن پەقەت مۇشۇنداق بىر يول ۋە مۇشۇنداق بىر دەقىقىنىڭ ھاياتىمدا گۈزەل بىرلىشىش خاتالىقى پەيدا قىلغىنىنى بىلىمەن. پەقەت بۇ يولدا ئۆزۈمنىڭ تەنھا ھالدا بىر ئۆمۈر يالغۇز ماڭىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

ماڭا تولىمۇ چۈشىنىكسىز ئىپادىدە قارىدىڭ. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ مەلۇم نەرسىلەرگە قارىتا ئۇنچىۋالا جۆرئەتسىز ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلدىم. كېيىنكى سۆزلىرىمگە جاۋاب قايتۇرماسلىقىڭ مېنى خېلى قانائەتلەندۈرگەندى. بۇ بىزنىڭ پۈتۈن ياز بويى قىلغان پاراڭلىرىمىزنىڭ تۇنجىسى ھەم ئەھمىيەتلىكى.

مەن يەنە شۇ تەرزدە سەن بىلەن ئىككى يازنى بىرگە ئۆتكۈزدۈم. نۇرغۇن شېرىن تەسەۋۋۇرلار ئىچىدە بىرگە مۇڭداشتىم. ھەر يىلى ياز كېلىش بىلەنلا سەن ئاشۇ يېڭى كۆڭلىكىڭنى كىيگىنىڭچە سۇپسۈزۈك تاغ سۈيى شىلدىرلاپ تۇرغان ئۆستەڭ بويىدا پەيدا بولاتتىڭ ـ دە، مېنىڭ جىمجىت ھاياتىمغا ناھايىتى گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ شولىسىنى تاشلايتتىڭ، كېيىن. . . كېيىن مېنىڭ ھاياتىمدا تولىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ خىل كۈتۈلمىگەن تەقدىر كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن مېنىڭ ھېلىقى چىغىر يولۇمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن ئۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ تولىمۇ غېرىبسىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇ يەردىكى ئىزلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇستىمۇ ئۇست چۈشمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئادەمنىڭ ئىزى ۋە ئىككى يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ئاشۇ جىمجىت دالاغا قاراپ كۆز ياشلىرىمنى ئۇنسىز تۆكىدىغان بولدۇم.



يەنە شۇ دالا، يەنە شۇ يوللار، ئۆزۈم تەنھا ھالدا كېتىۋېتىپ نېمىشقا مەن مۇشۇ بىرلا يولدا ماڭىمەن دەپ ئويلىدىم. توغرا، مەن ئىلگىرىمۇ تەنھا ئىدىم، ھازىرمۇ تەنھا. بىز ئىلگىرى تاسادىپىي تونۇشقانىدۇق. يەنە شۇنداق تاسادىپىي ئايرىلدۇق. مەن ھەممىنى مۇشۇ كىچىك چىغىر يولدىن كۆرىمەن. چۈنكى، بىز داغدام يولدا ئۇچراشقان بولساق جەزمەن باشقىچە چىقىش يولى تاپالىشىمىز مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بىز ئاشۇ كىچىككىنە يولنىڭ كىچىكلىكى تۈپەيلى بىر ـ بىرىمىز بىلەن نائىلاج ئۇچرىشىپ قالغانىدۇق. نەتىجىدە، يەنە نائىلاج ئايرىلدۇق.

مەن شۇ كۈنكى ئايرىلىش ئالدىدىكى ھەسرەتلىك سۆزلىرىڭنى ئەسلىدىم. بىز تولىمۇ بەختلىك ھالدا بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزگەنىدۇق. ئەمما، بۇ ئۈچ يىل بىزنىڭ كېيىنكى ھاياتىمىزنىڭ ئازابلىق باشلىنىشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمىز. مەن سەن بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان چاغدىلا قەلبىمدە بىر خىل مۇھەببەت ئۇرۇقىنىڭ بىخلانغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. ئۇ يىلسېرى بوي تارتىپ، مۇستەھكەم بىر دەرەخكە ئايلانغاندا، مەن ئۇنىڭ سايىسىنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ بېشىغا چۈشىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. ئەمدىلىكتە ئۇنى قەلبىمدىن يۇلۇپ ئېلىشقا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن مۇھەببەتتىن جاراھەتلەنگەن قەلبىمدە پەقەت ئازابلىق ناخشىلارنىڭلا ئېيتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇنى ھەرگىزمۇ خۇشال ئاۋاز بىلەن ئېيتقىلى بولمايدىكەن. سەن شۇنداق دەۋېتىپ چاچلىرىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان بىر تال چايئوتگۈلىنى قولۇڭغا ئېلىپ ياشلىق كۆزلىرىڭدە قارىدىڭ ۋە ئۇنى بىر ـ بىرلەپ تىتىپ تاشلىدىڭ. ئاھ، توزۇپ كەتكەن چايئوتگۈلى، ۋەيران بولغان بىر قەلبتىن يەنە بىر جاراھەتسىز مۇھەببەت ھاسىل قىلغىلى بولارمۇ؟ مەن تولىمۇ ئازابلانغان ھالدا ساڭا:

— ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكەنلەرنىڭ بىر - بىرىگە تەئەللۇق تەرەپلىرى كۆپ بولىدۇ. روھقا تەئەللۇق نەرسىلەرنى مەڭگۈ يوقاتقىلى بولمايدۇ، پەقەت مۇھەببەتلا مەڭگۈلۈككە تولغان روھ بولۇپ، ئۇ ئەبەدىيلىككە ئىگە بىردىنبىر نەرسىدۇر. بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئايرىلىشىلا مەڭگۈلۈك گۈزەل ئېرىشىش بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل مۇڭىنى ھېچقانداق بىر كۈچ بۇزالمايدۇ، — دېدىم.

— رەھمەت سىزگە، — سەن مۇڭلانغان ھالدا پىچىرلىدىڭ، ئاۋازىڭ جىمجىت ھاۋادا بىر سۇزۇك ئېقىن ھاسىل قىلدى.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن سىزنىڭ قەلبىڭىزگە نۇرغۇنلىغان شېرىن ئارزۇلارنى بېغىشلىغانىدىم. لېكىن، ئاخىرىدا ئۇنىڭ مۇڭىنىلا قالدۇرۇپ قايتىپ چىقتىم. مەن بۇ مۇھەببىتىمنى قەلبىمدە بىر خىل بەخت سۈپىتىدە مەڭگۈ قۇچاقلايمەن. سىزنىڭ سەممىي قەلبىڭىزگە مەڭگۈ تەبەسسۇم بىلەن قارايمەن. مەن سىزنىڭ ئازاب ئىچىدە مۇڭلانغان قىياپىتىڭىزنى ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيەت ئالدىدىمۇ خۇشال تۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. ۋاقىتسىز ئۇششۇك تەگكەن قەلب ئېتىزىڭىزنى غۇبارسىز كۈلكىڭىز بىلەن سۇغىرىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆزلىرىڭدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياشلار ئايىغىڭ ئاستىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ يۇمران غولىدا مەرۋايىتتەك يالتىراشقا باشلىدى. مەن بۇ ياشلارنىڭ تەبىئەتنىڭ يېشىل خورسىنىشلىرىنى يۇيۇۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، ئۇ قەلبىم دېڭىزىغا بىر قۇرۇماس ئېقىننىڭ ئازابلىق شاۋقۇنلىرىنى قوشۇۋەتكەنىدى. مەن ئاشۇ ئازابلىق دۇنيادا سېنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ، بىر ئۆمۈر تەنھالىق ئىچىدە ئۆتەتتىم. مەن ساڭا ئاخىرقى سۆزلىرىمنى ئېيتىش ئۈچۈن ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق



كۈچ - قۇدرىتىمنى يىغدىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆز يېشىغا ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم.

— بىز ئەمدى ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرمايلى. بۇ بىزنىڭ سېغىنىشلىق ھېكايىمىز بولۇپ قالسۇن. ھېسسىيات بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئۆز ئارا يېقىنلىشىشى روھنىڭ بىرىككەن ناخشىسىدۇر. بىز دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بىلىپ - بىلمەي بىر ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ياراتتۇق. مۇھەببەت بەزىدە ھىجراندىن ئاپىرىدە بولۇپ كىشى قەلبىگە مەڭگۈ خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. يەنە بەزىدە بولسا خۇشاللىق ئىچىدە ئاپىرىدە بولۇپ بىردەملىك كۆز يېشى ئىچىدە ئۇنتۇلىدۇ. ئالدىنقىسى ھىجرانلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەلبىمىزدىكى ناۋاسىنى توختاتماي بىزنى مەڭگۈ تەلپۈندۈرۈپ ئۆتىدۇ. كېيىنكىسى خۇشاللىق ئىچىدە بولغاچقىلا، شاد كۈلكىلەر ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەن گويا چۈشتەكلا باشلانغان بۇ مۇھەببىتىمنى قەلبىمدە يەنىلا چۈش پېتى ساقلاپ قالىمەن. ھەرگىزمۇ ئۇنى رېئاللىقتىكى بەختسىزلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرمەيمەن. بەختسىزلىك بىر قېتىملا بولسا ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ، ئەمما بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ئۇ ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مەن سىزگە بەختسىزلىكىم ئىچىدە ھازىر خوشلا دەيمەن. بىراق، مۇھەببىتىمگە ھەرگىز خوش دېمەيمەن.

مەن شۇ چاغدىلا كۆز ياشلىرىمنىڭ توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئاۋازىمنىڭمۇ بوغۇلۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى، قەلبىمنىڭ بولسا پارە - پارە بولۇپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. يۈرىكىم چىدىغۇسىز بەخت مۇڭىدىن ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. ئاھ، كىممۇ مەندەك ئۆزىنىڭ ئازابلىق مۇھەببىتىنى قەلبىدە ساقلاپ قالالايدىغاندۇ، كىممۇ مەندەك ئۆز مەغلۇبىيىتىنى خۇشاللىق بىلەن قۇچاقلىيالىسۇن. كىممۇ مەندەك ئۇلۇغ

مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولۇپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۇنى خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى قىلسۇن؟!

سەن كەتتىڭ، گويا ئاسمان ـ زېمىن تۇتۇشۇپ كەتكەن ئاشۇ جىمجىت دالىدا بىر پارچە چۇش بوشلۇقىدەك ئۇزاپ كەتتىڭ، مېنىڭ ھاياتىمدا مەۋجۇت بولغان بارلىق نەرسە سەن بىلەن بىرگە ئەگىشىپ كەتتى. چوپچوڭ گۈللەر بىلەن تولغان كۆڭلىكىڭ مەيىن شامالدا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت قىسسىسىنى سۆزلىگەچ ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى قۇچاقلاپ ماڭدى. مەن ئاشۇ چۆپلەرنىڭمۇ كۆزلىرىدە لىققىدە ياشلارنىڭ تۇرغانلىقىنى، سېنىڭ ئاياغلىرىڭنى تۇتۇپ قالماقچى ئىكەنلىكىنى، قەدەملىرىڭنى توختاتماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق قۇدرىتىنىڭ بۇنىڭغا يار بەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سەن ئەمدى بىر ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بىلەن تولغان دالىغا قايتا ئاياغ باسمايسەن. سېنىڭ يازغان مۇھەببەت ھېكايەڭمۇ كۆز ياشلىرى ئىچىدە پۈتىدۇ. سەن ماڭا ئىنتىلىپ پەقەت پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن بىر تال ساپسېرىق چايئوتگۈلىنىلا قالدۇرۇپ كەتتىڭ.

ئاھ، سۇپسۈزۈك لەۋلىرىڭ مېنى بىرەر قېتىممۇ سۆيۈپ قويالمىغانىدى. نازۇك بارماقلىرىڭمۇ مېنىڭ بارماقلىرىمنىڭ ھارارىتىنى تېخىچە بىلمەيتتى. چۆچۈپ تۇرغان كۆزلىرىڭمۇ ماڭا بىر قېتىم تارتىنىش پەردىسىنى قايرىپ ھېرىس بىلەن قارىمىغانىدى، سەن شۇنداقلا كەتتىڭ. بۇ يەرگە ئەبەدىي قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئاشۇ يېشىل سىرلاقلىق دەرۋازىغا، تاغاڭنىڭ ئۆيىگە، ياق ئۆزۈڭنىڭ ئىشىكى ئىچىگە كىرىپ كەتتىڭ. مەن سېنى قانداقمۇ ئۇنتالاي. ئەي مېنىڭ ناتىۋان پەرىشتەم، ئەتە سېنىڭ تويۇڭ. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا سەن باشقا بىرىگە تەئەللۇق بولۇپ كېتىسەن. داداڭنىڭ سۆزىنى يىرالمىغانلىقىڭدىن، ئۆلۈپ كەتكەن ئاناڭنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمىگەنلىكىڭدىن بۇ تويىنى قىلماقچى. ئاھ تەقدىر، بىز ئەمدى بىر ـ بىرىمىزنىڭ



ئازابلىق تۇرقىنى مەڭگۈ كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇق. بۇرۇن سەن ماڭا تەئەللۇق چاغدا بۇ يەردە ئەمەس ئىدىڭ. ئەمدى بۇ يەردە بولغىنىڭدا ماڭا تەئەللۇق ئەمەس.

ئاھ، كەچۈرگىن مۇھەببەت، مېنى كەچۈرگىن ئوت ـ چۆپلۈك دالا. مۇھەببىتى بەك بۈيۈك ئادەم ئاسانلا بۈيۈك ئازابقا ئىگە بولىدىكەن. مەن ئەمدى مەڭگۈ ئاشۇ بۈيۈك ئازابىم ئىچىدە تەنھا ياشايمەن. بۇ مېنىڭ يالغۇز روھىي تەنھالىقىملا ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتتىكى تەنھالىقىم. بەزى ئادەملەرنىڭ ناخشىنى شۇنداق مۇڭلۇق ئېيتىشى ئۇنىڭ قەلبىدە كۆز يېشىنىڭ بەك كۆپ بولغانلىقىدىندۇر. بەزى ئادەملەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە تەنھا بولۇشى، ئادەملەرگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنلىكى ۋە يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن. يېشىل ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر دالىدا ساپسېرىق چايئوتگۈلى قىسقان بىر قىزنىڭ ھېكايىسى يېزىلدى. ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى ئۆز ئاشىقىنىڭ قەلبىگە يازدى. ھېكايە شاد قۇرلاردىن باشلىنىپ ئازابلىق قۇرلار بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاھ ئوقۇرمەن، سىز بۇ دالىدىكى گۈللەرنىڭ نەقەدەر قايغۇلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنسىز ـ ھە! ئوت ـ چۆپلەر يەلپۈنمەكتە. ساپسېرىق چايئوتگۈللىرى ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن چۈشىنى كۆرۈپ ئاشۇ دالىدا جىمجىت تۇرماقتا.

# يۈرەك شەكىللىك مېدالىئون

ئالدىراشلىق پەسەيگەندە سەن ھېلىقى يىگىتنىڭ تېخىچە ئۆز ئورنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈڭ. ئۇ پات - پات ئاشۇنداق قىلاتتى. يەنە كېلىپ تۇرىدىغان ئورنى پەقەتلا ئۆزگەرمەيتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئاشۇ ئورنىدىن قوزغالماي تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۇزۇن تۇرۇۋېلىشى، يەنە كېلىپ دائىم تۇرۇشىمۇ سېنىڭ ئىچىڭنى پۇشۇرۇۋەتكەنىدى. قاتتىق گەپ قىلاي دېگەن بولساڭمۇ دۇكاندىن خېرىدار ئۈزۈلمىگەچكە يامان تەسىر بولمىسۇن دەپ ئىچىڭگە يۇتۇۋەتتىڭ.

دەسلەپ سەن ئۇنى ئوغرىمىكىن دەپ خېلى ھوشيار تۇرغانىدىڭ. بىراق، ئۇنىڭ مۇڭغا تولغان چىرايى ۋە مىسكىن كۆزلىرى سېنى بۇ ئويۇڭدىن كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. كېيىنچە سەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئورۇندا تۇرغاندىن باشقا ساڭا ھېچقانداق خەۋپ يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولغان بولساڭمۇ ئۇنداق قىلمىدىڭ. بەلكىم بىر نەرسە سورىماقچى بولغىيتتىڭ. لېكىن، ئۇنداق قىلمىدىڭ. سەن سوئال سورىساڭلا ئۇ خىجىل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، پەرىزىڭچە، ئۇ بىرنەرسە سېتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ پۇلى يېتىشمەيۋاتاتتى. بەلكىم لايىقى ياكى ئايالىغا سېتىۋالماقچىدۇ. ياكى ئېلىش - ئالماسلىقتا ئىككىلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ دۇكاندىكى ماللارنىڭ باھاسى بەك قىممەت. ياخشىسى بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك لازىم، دەپ ئويلىدىڭ. بىراق، يىگىت



ئاشۇ ئورۇندا بۈگۈن بىر كۈن قىمىرلىماي تۇرۇپ كەتتى. كېيىن، ئالدىراش بولۇپ كېتىپ يىگىتكە قاراشقا چولاڭ تەگمىدى. مانا ئەمدى ئالدىراشچىلىق پەسەيدى. لېكىن، يىگىت يەنە شۇ ئورنىدا جىمجىت تۇرماقتا. يىگىتنىڭ بۇنداق ئۇزۇن تۇرۇۋېلىشى بىر تۇرۇپ سېنى ئەجەبلەندۈرسە، يەنە بىر تۇرۇپ قىزىقتۇرۇپ قويدى.

سەن يىگىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى پەشتاختىغا كەلدىڭ. بىراق، ئۇ ھېچ نەرسىنى تۇيمىغاندەك جىمجىت تۇرىۋەردى.

— بىر نەرسە ئالامسىز؟

يىگىتنىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ ئويچان كۆزلىرىنى ساڭا تىكتى. بۇ كۆزلەر شۇ قەدەر مۇڭلۇق، شۇ قەدەر دەردلىك ئىدىكى، سەن داداڭنىڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ تىجارەت قىلىش جەريانىدا بۇنداق ئويچان كۆزلەرنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىڭ. سەن ھودۇقۇپ قالدىڭ، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىڭ.

— ئەگەر خالىسىڭىز مەن تاللىشىپ بېرەي. دۇكىنىمىزدىكى ماللارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، باھاسى مۇۋاپىق ھەم ئىشەنچلىك. قايسىنى خالىسىڭىز شۇنى تاللاپ ئېلىڭ، — يىگىت يەنىلا ئۈن چىقمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خىجىللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— سۆيگىنىڭىزگە ئالامسىز ياكى ئايالىڭىزغىمۇ؟

— ھېچقايسىسىغا ئالمايمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — سەن ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قالدىڭ. ئۇ بىر نەرسە ئالمىسا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردە تۇرمايتتى. بەلكىم ئېيتىشقا ئۇيىلىۋاتقان بىر گېپى بولۇشى مۇمكىن.

— گېپىڭىز بولسا خىجىل بولماي دەۋېرىڭ. بەلكىم يۈرگىنىڭىزگە سېتىۋالىدىغان ئوخشايسىز. بۇ يەردە ماللارنىڭ تۈرى كۆپ.

— شۇنداق، يۈرگىنىمگە نەرسە سېتىۋالاي دېگەن. لېكىن. . .

سەن خۇشال بولۇپ كەتتىڭ. ئۇنىڭ تۇنجى ئېغىز سۆزى سېنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

— بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ قاراپ تۇرغىنىڭىزغا قارىغاندا، ئالىدىغان نەرسىڭىزنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولدىڭىزغۇ دەيمەن؟

يىگىتنىڭ چىرايىدا شۇنداق دېگەن ئالامەت پەيدا بولدى.

— قايسىنى ئالاي دەيسىز؟

— مەن، ئاۋۇ. . .

يىگىت گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي توختاپ قالدى.

— قېنى دەۋېرىڭ، — سەن ئۇنى ئىلھاملاندۇردۇڭ.

— مەن. . . ئاۋۇ يۈرەك شەكىللىك مېدالىيوننى. . .

سەن تۇرۇپ قالدىڭ. مېدالىيوننى ئېلىۋاتقاندا قوللىرىڭ تىترەپ كەتتى. قولۇڭلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ تىترەپ كەتتى. سەن مېدالىيوننى ئېلىپ پەشتاختا ئۈستىگە قويدۇڭ.

— بۇ ماگىزىنىمىزدىكى ئەڭ قىممەت باھالىق مېدالىيون، لايىقىڭىز بۇ سوۋغاتقا ئېرىشسە چوقۇم ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ باھاسى ناھايىتى قىممەت.

يىگىتنىڭ چىرايىدا خىجىللىق ئالامىتى پەيدا بولدى.

— ئۇمۇ سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ.

— نېمىشقا بۇ مېدالىيوننى ئېلىشقا ئىككىلىنىسىز؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقۇم يوق، بۇ مېدالىيوننى ئالالمايمەن.

— نېمە ئۈچۈن، سېتىۋالالمايدىغان ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىن كېتەلمەيسىز؟

— مەن ئۇنى پەقەت كۆرۈپ قوياي دېگەن، باشقا نىيىتىم



يوق.

— قىزىق ئادەمكەنسىز، ئالمايدىكەنسىزۇ، يەنە ئۇنى كۆرۈپ تۇراي دەيسىز، سىزنى راستىنلا چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. بۇ يەر كۆرگەزمە زالى ئەمەس، تىجارەت ئورنى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز يە؟

سەن سۆزلىرىڭنىڭ سەل قاتتىقراق كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. بىراق، كېچىككەنىدىڭ. بەلكىم، ئۇنىڭغا قاتتىقراق ئېيتىش كېرەكتۇ دەپ ئويلىدىڭ يەنە.

— كەچۈرۈڭ، بۇ يەرنىڭ سودا قىلىدىغان ئورۇنلىقىنى بىلىمەن، بىراق مېدالىيوننى ھەرقانچە ئالغۇم بولسىمۇ، پۇلۇم يەتمىگەچكە پەقەت قاراپ تۇرۇشقىلا مەجبۇرمەن.

يىگىتنىڭ سۆزلىرى سېنىڭ قەلبىڭنى پۇشايمانلىق ھېسسىياتىغا غەرق قىلدى. ئۇ ئاخىر سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك جاۋاب بەرگەنىدى. سەن ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلمىسام بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىڭ.

— سىزنىڭ راستىنلا بۇ مېدالىيونغا ئېرىشكۈڭىز بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇ ياقتۇرارمۇ؟

— ئەلۋەتتە ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى مۇشۇ مېدالىيونغا ئېرىشىش ئىدى. بىز ھەر يەكشەنبە كۈنى بۇ مېدالىيوننى كۆرۈپ كېتەتتۇق ۋە يېتەرلىك پۇل توپلاپ ئۇنى سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. يەنە بىر يەكشەنبە كەلگۈچە ئۇنىڭ سېتىلماي تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. سىز بىلمەيسىز، ئۇ بىر يېتىم قىز، ئۇنىڭ ھېچقانداق زىبۇزىننىتى يوق. بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا ئاتا - ئانام قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيىنى تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈش قارارىغا كەلدىم.

كۆزلىرىڭ لىق ياشلار بىلەن تولغاندەك بولدى. قەلبىڭدە بىر خىل ھاياجان لەيلەپ يۈرەتتى.

— ئۇنداق بولسا بۇ مېدالىيوننى مەن سىزگە ئەرزان باھادا سېتىپ بېرەي، بولامدۇ؟

— ياق، ياق، ھەرقانچە ئەرزان باھادا بولسىمۇ پۇلۇم چىقىشمايدۇ، مەن بۇنى ھەرگىز سېتىۋالالمايمەن.

— قېنى باھا قويۇپ باقمامسىز؟ ئەگەر كېلىشەلمىسەك ئالمىسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟

سەن ئۇنىڭ غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈنلا باھا قويۇۋاتاتتىڭ. نۇرغۇن پۇلدارلارمۇ ئۇنىڭ باھاسىغا چىقىشالماي سېتىۋالالمىغانىدى.

— مېنىڭ، مېنىڭ پۇلۇم بەكلا ئاز، ئاران يەتمىش تۆت يۈەن ئالتە مو تۆت سىنىت...

بىلىمەن، بۇ ناھايىتى قىممەت باھالىق مېدالىيون. بۇنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان. بۇنچىلىك پۇلغا ئۇنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى پۇل توپلىغانىدىم. بىراق، ئۇ قىز دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. ھازىر يېنىمدا قالغان پۇل شۇنچىلىكلا، مەن بۇ مېدالىيوننىڭ بۈگۈن سېتىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن، چۈنكى تۈنۈگۈن بىر جۈپ ياش ئەر - ئايال بۇنى سېتىۋالماقچى بولۇپ چىقىپ كەتتى، قارىغاندا بەك پۇلداردەك قىلىدۇ، شۇڭا بۈگۈن ئۇنى ئېلىپ كەتكىچە كۆرۈۋالاي دەپ كىرگەنىدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار ھازىرغىچە بۇ يەرگە كەلمىدى.

دەل شۇ چاغدا ماگىزىنغا بىر جۈپ قىز - يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىنلا ناھايىتى پۇلدار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. قىزنىڭ پۈتۈن بەدىنى زىبۇزىننەت بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇدۇلىڭلارغا كېلىپ توختىدى.

— ئاھ، ئاخىر بۇ مېدالىيونغا ئېرىشىدىغان بولدۇم.

قىزنىڭ كۆزىدە بىر خىل ھاياجان ۋە خۇشاللىق چاقناپ



تۇراتتى.

— بۇ مېدالىيوننى بىز سېتىۋالايلى دېگەن، — دېدى يىگىت بىردە پەشتاختىتا ئۈستىدىكى مېدالىيونغا، بىردە يېنىڭدىكى يىگىتكە قاراپ.

— باھاسى بەك قىممەت، سىلەر چىقىشىپ بولالمايسىلەر، — دېدىڭ سەن.

— پۇلدىن خاتىرجەم بولۇڭ. بىزدە يېتەرلىك پۇل بار، ئەگەر ئۇ سېتىپ بولۇنمىغان بولسىلا بىز ھەرقانچە قىممەت بولسىمۇ سېتىۋالايمىز.

سەن يېنىڭدىكى يىگىتكە قارىدىڭ. يىگىت دەسلەپ ئۇ ئىككىيلەن كىرگەن چاغدىلا ئۈمىدسىزلىككە پاتقان بولۇپ، ناھايىتى روھسىز ئىدى. بۇ سوۋغىنى سۆيگىنىگە ئېلىپ بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن قەلبى چىدىغۇسىز ئازابقا تولغان بولسا كېرەك.

— كەچۈرۈڭلار، سىلەر كېچىكىپسىلەر. ماۋۇ يىگىت بىلەن تېخى باياتىنلا سودىلاشقانىدۇق.

— بىز ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق بېرەيلى، — دېدى قىز ئالدىراپ.

— بۇ...

— چوقۇم دېگىنىڭىزنى ئالىسىز. مېنىڭ بۇ مېدالىيوننى ئالغىنىم ئالغان، — قارىغاندا قىزنىڭ بۇ مېدالىيوننى قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى يوقتەك قىلاتتى.

— نەچچىگە پۈتۈشكەنىدىڭلار، — سورىدى ئۇنىڭ يىگىتى، — مەن چوقۇم بۇ يىگىتتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋالىمەن.

— كەچۈرۈڭلار، بىز باھانى بۇياق بىلەن كېلىشىپ بولغان. شۇڭا، ئالدىڭلاردا خىجىلمەن. بىز تىجارەتتە ماگىزىنىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ئەڭ مۇھىم بىلىمىز. شۇڭا، كىچىككىنە پايدىنى دەپ ئىناۋەتنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ.

بىردىنلا ھەر ئىككىلەننىڭ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك ئالامىتى پەيدا بولدى.

— ھەي ئىست، تۈنۈگۈنلا كەلسەك بوپتىكەن، — دېدى قىز ئۈمىدسىزلىنىپ.

— يۈرۈڭ، مەن سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىلراق نەرسە ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى يىگىت. ئۇلار ئۈمىدسىز ھالدا ماگىزىندىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئەمدى سىزنىڭ بولدى، — دېدىڭ سەن دۇخاۋا بىلەن ئورالغان قۇتىنى يىگىتكە سۇنۇپ. كۆزلىرىڭدە بىرنەچچە تامچە ياش يالتىراپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىمۇ بىرنەچچە تامچە ياش پەيدا بولدى.

— بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟! سىز زىيان تارتامسىز؟!

— كېرەك يوق. سودىنىڭ ھەممىسىنى پايدا ئېلىش ئۈچۈنلا قىلىش ناتايىن. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە قىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك سودام دېسەممۇ بولىدۇ. مەن زىيان تارتمىدىم، بەلكى ناھايىتى قىممەتلىك بىر نەرسىنى ھېس قىلدىم. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقىي گۈزەللىككە تولغان مۇھەببەت. مەن مۇھەببىتىڭلاردا مېنىڭمۇ ئازغىنا ھەسسەمنىڭ بارلىقىدىن ناھايىتى خۇشالمەن. ئەگەر بۇنى رەت قىلسىڭىز مېنىمۇ بىر ئۇلۇش خۇشاللىقتىن مەھرۇم قويىسىز.

يىگىت يېنىدىكى پۇلنى ئېلىپ پەشتاختا ئۈستىگە قويدى. ئۇ ساپلا پارچە پۇللار ئىدى. سەن پۇللارنى سانىمايلا غەللىگە ئايرىم قويدۇڭ. سانىشىڭمۇ ھاجەتسىز ئىدى.

— ئۇنىڭغا سالام ئېيتىڭ. ئۇنىڭ تېزرەك ساقىيىپ سىز بىلەن توي قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. تويۇڭلارغا مېنى چاقىرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

يىگىتنىڭ سوۋغات تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترەپ كەتتى.



— ئۇ... ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، — يىگىتنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، — ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ۋاپاتىدىن كېيىن ئېرىشتى. مەن بۇنى ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە سۈرىتىگە ئېسىپ قويىمەن. بۇ ۋەسىيەتنى ئورۇنلىيالماسمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. ھېلىمۇ ياخشى ياردىمىڭىزدە ئۇ ئارزۇيىغا يەتتى. سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت. مەن سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ خۇددى بوران سوققان يوپۇرماقتەك تىترىدى. چىقىپ كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ئاستا شىۋىرلىدىڭ.

— سىزگىمۇ كۆپتىن - كۆپ رەھمەت. مەنمۇ سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، — سەن كىچىككىنە ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇلغان سۈرەتكە قارىدىڭ، — روھىڭىز مەڭگۈ خۇشال بولغاي. مەن سىز سوۋغا قىلغان مېدالىئوننى ئەڭ يۇقىرى باھا قويۇپ ھازىرغىچە ساتماي ساقلاپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ئاخىر ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان بىرىگە بەردىم.

ئەينەك رامكىنىڭ ئىچىدە غەمكىن بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئۇ سېنىڭ توي قىلماقچى بولغان، ئەمما توي قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن يىگىتىڭ ئىدى.

# تۇنجى مۇھەببەت

مەن تۇنجى مۇھەببەتنىڭ قانداق سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيمەن، ھايات ئۇنىڭ گۈزەل رەڭ ۋە مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. نەزىرىمدە ئۇ بىر سېغىنىشلىق چۈشكىلا ئوخشايدۇ، بىراق مەن بۇ چۈشنى ھەقىقىي رېئاللىقتا ئۇچراتسام، ئۇنىڭ ئاشۇ سېھرىي كۈچى ۋە مەنىلىرىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئاشۇ كۈنلەر مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇياتچان چىرايى خۇددى بىر ئېسىل مۆزىكىدەك قەلبىمدە ئاجايىپ يېقىملىق كۈي - ناۋالارنى ئويغاتتى. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئاددىيلا بىر قىز. ئەمما، ئۇنىڭ ئاددىيلىقىنىڭ كەينىگە قانداقتۇر بىر سېھرىي تۈس يوشۇرۇنغان. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭ ئاددىيلىقىدىنمۇ بىر خىل ئەيمىنىش ھېس قىلىمەن. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان ئاشۇ دەقىقىلەردىن باشلاپلا مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىدىن قورقىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم. ئۇ دەل مەن ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرۇپ كەلگەن تۇنجى مۇھەببەت ئىدى. بۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى كىممۇ ئويلىغان؟! بىز بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ تالاي قېتىم ئۇچراشقان، بىر - بىرىمىزگە قاراشقان. بىراق، يۈرەكنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ باقمىغاندۇق. ئەمدى بىلدىمكى، بىز ئۇ چاغلاردا ساددا ھېسلار بىلەن مۇھەببەتنىڭ سىرلىق چەمبىرىكىدىن خالىي ھالدا ئۇچراشقان ئىكەنمىز. ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا كۆزلەردىكى مەنىلەرنىڭ قانداق يېزىق ئىكەنلىكىنى



بىلمىگەن ئىكەنمىز. مانا ئەمدى ئۇ بىز ئۈچۈن تونۇش نەرسىگە ئايلاندى، شۇڭا قەلبىمىزدە ئۇخلاپ ياتقان سىرلىق ھاياجان ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قەلبلەردىكى بىر سىرلىق ناخشىغا ئايلاندى. قەلبىم ھەر مىنۇت ئۇنىڭ مۇقەددەس كۈيىنى پىچىرلايدىغان بولدى.

مەن ئاشۇ مۇڭلۇق چوڭ - چوڭ كۆزلەرنىڭ سېھىرلىك قىياپىتىنى ئۇنتۇيالمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىم ئاشۇ كۆزلەردىن باشلانغانىدى. ئۇنى ئانچە گۈزەللەردىن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ خۇددى دالىدا ئۆسكەن ياۋا ئوت - چۆپتەك نازۇك ھەم يۇمران، ئۇ ھېچقاچان تەبىئەتنىڭ سۆيگۈ ھەققىدە ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ باقمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قاراشلىرى شۇ قەدەر ساددا ۋە ئېنىق ئىدى. مېنىڭ ساددا، گۈزەل ھېسلار بىلەن تولغان بالىلىقىم ئۇنىڭغا بولغان سىرلىق ھاياتىمنى قانداق يوشۇرۇش ۋە قانداق ئاشكارىلاش ئارىسىدا قىينىلىپ ئۆتتى. ئۇ يوق چاغلاردا دائىم خىيالىمدا، تۈيغۇمدا لەيلەپ يۈرۈپ ماڭا ئەڭ يېقىندەك بولۇپ كەتتى. بىراق، ئۇنى ئۇچراتقان ۋاقتىمدا بىردىنلا ۋۇجۇدۇمدا ھېچقانداق جاسارەتنىڭ قالمىغانلىقىنى سېزىمەن. پۇت - قولۇم ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرىم ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. تۇرۇپلا ئۇنى كۆرسەم يىراق قاچقۇم كېلىدۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات، مەن بۇ ھېسسىياتنىڭ تەسىرىنى تا ھازىرغىچە ۋۇجۇدۇمدا ساقلاپ كەلدىم. ئۇنى ئۇنتاي دەپمۇ ئۇنتۇيالمىغىنىمغا ھەيرانمەن. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا بولغان بىر خىل ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمنىڭ مەلۇم يېرىدە ھازىرمۇ سۈزۈك ئەينەكنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئاجىز ھاشارەتتەك ھەرىكەتلىنىۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ

قالىمەن. گەرچە ئۇ ئاللىبۇرۇنقى ئەسەبىي كۆلكىلىك ھالەت بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا ماڭا نىسبەتەن ئاجايىپ زور بىر سېھرىي كارامەت بار. مەن شۇ سەۋەبتىن، تا ھازىرغىچە ئۇنى قەلبىمدە ساقلاپ كېلىۋاتقىنىمغا ئىشىنىمەن. شۇڭا ئۇ مېنى ئۆتمۈشتىكى بالىلىق چاغلىرىمغا ئېلىپ كەتسە، يەنە ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى بىر شېرىن ئارزۇغا چۆمۈلدۈرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن بولغان قىممىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن. مەن مۇھەببەت بوسۇغىسىدىن تۇنجى قېتىم ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ، كۆز ئالدىمدىكى ئاشۇ بىر قەدەمنى بېسىش ئۈچۈن تالاي قېتىملاپ روھىي كۈرەش قىلغان. ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇ خىل تۇيغۇسىنى چۈشىنىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن داللاردا قوي بېقىپ، ئېتىزلاردا ئوت ئېلىپ چوڭ بولغان، بىراق قەلبىمدە قىزلارغا نىسبەتەن ھېسسىيات پەيدا بولغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كىچىك قىياپىتى يوقاپ، ئۇ چوڭلاپ كەتتى ھەم ئارىمىزدا بىر ھاڭ پەيدا بولدى. بۇنىڭ نېمىلىكىنى مەن خېلى زامانلارغىچە بىلمەي كەلگەنىكەنمەن، ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىشقا بۇنچە تەمتىرەيدىغىنىمنى پەقەتلا بىلمەيمەن، ئۇ بولسا يەنىلا بۇرۇنقىدەك شۇنچە ئەركىن، شۇنچە ئازادە ئىدى. نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك تۇرالمايدىغانلىقىمدىن ئازابلىناتتىم، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلايتتىم، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپالمايتتىم. ئاشۇ كۈندىكى كۆل بويىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىنلا ئاندىن مەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئازابىمنىڭ سەۋەبىنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە مەن شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىمنى كونترول قىلىپ كەلگەنىكەنمەن. ئەمدى ئۇ بىر كىچىك پومزەكتەك ئىچكى كېڭىيىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىغانىدى. ئادەتتە ئۇنىڭ ئائىلىسى مەدەنىيلىككە تولغان ئائىلە. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئىلغار تەپەككۇر بىلەن تولغان بولۇشى



مۇمكىن، ئەمما مەن ئاددىي دېھقان پەرزەنتى، مەندە ئۇنداق بۈيۈكلۈككە ئىنتىلىدىغان بۈيۈك تەسەۋۋۇر بولمىغانىدى. شۇڭا، ئۆزۈمنى بىر خىل كەمسىتىش ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئايرىپ قاراشقا مەجبۇر ئىدىم. بۇ يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدا قورۇنۇشۇمنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. بىراق، مەن ئاشۇ كۆل بويىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئاندىن ئۆزۈمنىڭ يۈكسەك غايىۋىلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالدىم. ئاشۇ چاغدىكى يېشىمدىن ئالغاندا، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاقىلانە بايقاش ئىدى. ئىلگىرىكى ئۇنىڭغا بولغان يوشۇرۇن، غايىۋى ئىنتىلىشلىرىمنى ئەمدىلىكتە ئاشكارا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە تىرىشىدىغان بولدۇم. بۇ بەلكىم ئۇنىڭغا بولغان يوشۇرۇن ھېسسىياتنىڭ پىشىپ يېتىلىش ياكى يىگىتلىك ھېسسىياتىمنىڭ تولۇۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك.

بىر قېتىملىق مەشرەپتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالدىم. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك، بىزنىڭ ئارىمىز ناھايىتى يېقىن ئىدى. مېنىڭ خىيالىم سورۇندا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بەدىنىمگە تارىلىۋاتقان سىرلىق سېزىمدا ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مەشرەپ كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىراق، ئۇنىڭغا قاراپ چاندۇرماسلىق ئۈچۈنلا قەستەن شۇنداق ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇمۇ مەندەك ھېسسىياتتىن ئۆز تۇيغۇسىنى كونترول قىلالمايۋاتسا كېرەك. ئۆزۈمگە قارىتا خېلى ئىشەنچ پەيدا بولدى. ئۇ مېنى ئۇسسۇلغا تارتتى. مەن ھودۇقۇش ۋە ھاياجان ئىچىدە ئۇسسۇلغا چۈشتۈم، ئۇ خۇشاللىقتىن ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. شۇ كۈنى بىر كېچە ھاياجاندىن ئۇخلىيالماي چىقتىم. شۇ ئاخشىمى مەشرەپ تارقىغاندا ئۇنى ئاپىرىپ قويۇش باھانىسىدا تۇنجى قېتىم سۆيۈۋالدىم. ئۇ رەنجىگەن ھالدا قولۇمدىن بوشىنىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. كېيىن بۇ ئىشىمدىن

ناھايىتى خىجىل بولۇپ ئۆزۈمنى تالاي ئەيىبلەپ كەتتىم. بۇ تۇنجى سۆيۈشتە لەززەت ياكى ھاياجاندىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدا پەقەت ئازراق باتۇرلۇق ۋە ھودۇقۇشلار بار ئىدى. لېكىن، مەن ئۆزۈم قىلىشقا ياكى قىلماسلىققا تېگىشلىك بىر ئىشنى قىلغانلىقىم ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندىم، قەلبىمدە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغاندەك بىر تۇيغۇ لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ جەزمەن مەندىن قاتتىق رەنجىگەن بولۇشى مۇمكىن. خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئېتىز قىرىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ھەر ئىككىلىمىز ئوت ئېلىش ئۈچۈن چىققاندۇق، قېچىشنىڭ ئورنى يوق، تىرنىقىمنى تاتىلاپ ئارانلا تىنچلىق سورىيالىدىم، ئۇمۇ قىزىرىپ - تاتىرىپ ئارانلا جاۋاب قايتۇردى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ھېلىقى كۈنى. . . — گېپىمنىڭ داۋامىنى دېيەلمىدىم، خىجىللىقتىن بەدىنىمدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ گەپ قىلماستىن يەرگە باققانچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي مەڭدەپ قالدىم، ئاران كەلگەن بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈم كەلمىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئالدىنى توستۇم.

— خاپا بولماڭ، مەندىن رەنجىگەن بولسىڭىز مېنى ئۇرۇڭ، بىراق بۇنداق قىلىيدىماڭ، بولامدۇ؟ سىزنى ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ قاتتىق ئازابلاندىم.

— كىم سىزگە قېيداپتۇ؟ !

— سىز.

— دۆت، ئۆزىڭىزمەندىن قېچىپ مۆكۈپ يۈرمىدىڭىزمۇ؟ !

— ئەمدى. . . مەن. . . شۇ خىجىل بولۇپ، ھېلىقى. . .

— ساراڭ، دۆت. . .

ئۇنىڭ «ساراڭ، دۆت» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئارقىسىغا



ئورغۇن مەنىلەر يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ بىر قارىسا قېيىداش، رەنجىشكە، يەنە بىر قارىسا خىجىللىق، ئەركىلەشكە ئوخشاپ كېتەتتى. يەنە تېخى ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرەكنى يېقىملىق ھاياجانغا سالىدىغان، تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق بىر سىرلىق مەنىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. شۇ كۈنى بىز ھاياتىمىزدا تۇنجى قېتىم قانغۇدەك مۇڭداشتۇق. ئاستىمىزغا سېلىپ ئولتۇرغان تاغاردىن نەمخۇش چۈچۈمەل چايئوت پۇرىقى كېلەتتى. قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمىز، ئوت - چۆپلەرنى تېز - تېز ئوروپ ئۇنىڭ تاغىرىنى توشقۇزۇپ ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويدۇم.

مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم باشتىن - ئاخىر سەمىمىيلىك، پاكلىققا تولغانىدى. بىز تاكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىچە بىر - بىرىمىزگە ئىجىل ھەم قىزغىن بولۇپ ئۆتتۇق. ئەمما، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ھەر ئىككىمىز ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كەتتۇق. ماڭا ئېچكىرىدىن، ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىدىن چاقىرىق قەغىزى كەلگەنىدى. بەلكىم تەقدىرىمىز شۇنداق بولسا كېرەك. مەڭگۈ بىرگە ئۆتەرمىز دېگەن، بىراق يېرىم يولدىلا يولىمىز باشقا - باشقا بولۇپ قالدى. ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر مەغلۇبىيىتى ئۆزى خالىغان يولنى تاللاپ ماڭالماسلىقى بولسا كېرەك. شۇ چاغدا مەن سەن بىلەن بىرگە قالسام قانداق بولاتتىكىن؟ ياكى ئىككىمىز بىر مەكتەپكە ئۆتكەن بولساقچۇ؟ ! ئەگەر شۇنداق بولسا بۇ مۇھەببەت تارىخىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بىز ئۇنى بىر ھەسرەتلىك ناخشا قىلىپ يېزىپ چىقتۇق. بىز ئايرىلغان كۈنى ئۇ ماڭا بىر جۈپ يۈرەكنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاپئاق قولياغلىقنى سوۋغا قىلدى. ئۇ بۇ قولياغلىقنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئاتايىن كەشتە تىكىشنى

ئۆگىنىپتۇ. مەن ئۇنىڭ يىغىنە سانجىلىپ قاپارغان قوللىرىغا قاراپ ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم، شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي دېسەممۇ تۇتۇۋالالمىدىم. نېمىشقىدۇر ئوغۇللۇق غۇرۇرۇمنى يوقىتىپ، بىر قىز بالىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ سالغانىدىم. ئۇمۇ ئاران تۇرغانىكەن. يەلكەمگە بېشىنى قويۇپ ئۇزاققىچە ئۈنسىز ياش تۆكتى. مەن يەلكەمنىڭ ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى تۇيۇپ تۇردۇم. بۇ نېمىدۇر بىر نەرسىگە قىيالمىغان بىر جۈپ يۈرەكنىڭ يىغىسى ئىدى. ئەمما، مەن كېيىنچە چۈشەندىمكى، بىز شۇ چاغدا بۇندىن كېيىنكى ئازابلىق تەقدىرىمىز ئۈچۈن يىغلىغانىكەنمىز. كىممۇ شۇ قېتىملىق ئايرىلىشنى مەڭگۈلۈك ئايرىلىش دەپ ئويلىغان؟ مەن ئۇنىڭغا ئۈنسىز كۆز ياشلىرىم بىلەن تولغان بىر پارچە شېئىرنى قالدۇردۇم. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىغا قالدۇرغان بىردىنبىر تەسىرلىك نەرسەم بولسا كېرەك. شۇنداقلا ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا مەڭگۈ قەدىرلىنىدىغان بىردىنبىر قىممەتلىك سوۋغا ئىدى.

خەير ـ خوش، سۆيۈملۈك قەدىردان ئەركەم،
خەير ـ خوش، سۆيۈملۈك ئەڭ گۈزەل كۈنلەر.
نە ئۈچۈن مۇنچىلا ھەسرەتلىك بۇ دەم،
يۈرىكىم بىناۋا، غەمكىن ياش تۆكەر.

خەير ـ خوش دېگەن مەن شۇڭا ئاددىيلا،
ئۆزايمەن تۆكۈلگەن غېرىب خازانەك.
بىر قېتىم كۈلۈشنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ،
ياش تۆكەر يوشۇرۇپ بۇ غېرىب يۈرەك.

ئامانلىق تىلەيمەن ھەربىر كۈنۈڭگە،
كۆپ ۋاقىت كۆرۈشمەي ئۆتەرمىز بەلكىم.



شۇ ئۇزاق كۈنلەردە مۇڭلانما ھەرگىز،
سەن ئۈچۈن مەڭگۈگە ئوچۇقتۇر قەلبىم.

ئايرىلدۇق كۆزدە ياش (بۇمۇ ھەم تەقدىر)،
ئايرىدى بىزلەرنى ۋاقىتسىز زامان.
ئىشەنگىن مەڭگۈلۈك بولمىغاي ۋىسال،
ھەم يەنە بولمىغاي مەڭگۈلۈك ھىجران.

مۇڭلانما، ئاھ ئۇرما، چەكمىگىن ھەسرەت،
بىز ئۈچۈن يەنىلا يارقىن كېلەچەك.
سېغىنغان دىللاردا يوقتۇر ئايرىلىش،
ياش تۆكەر پەقەتلا ئۈمىدسىز يۈرەك.

شېئىرغا پۈتۈلگەن بۇ قۇرلار بىزنىڭ يارقىن تەسەۋۋۇرىمىز بولسا كېرەك. مەن ئاشۇ شېئىردىكى مۇڭ ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئىچىگە بىر ئۆمۈر چىلىنىپ ياشايدىغانلىقىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. نېمىشقىمۇ بۇ شېئىرنى شۇنچىلىك ھەسرەتلىك يازغان بولغىيتتىم، ئۇ مېنىڭ بىر ئازابلىق تارىخىم بولۇپ، قەلبىمنى ھەسرەت ئىچىگە غەرق قىلىپ ئۆتتى.

بىز خېلى ۋاقىتلارغىچە خەت يېزىشىپ تۇردۇق، خەتلىرىمىز سېغىنىش، ھاياجان، قىزغىنلىق بىلەن تولغانىدى. كىشى يۈرىتىدىكى غېرىبلىق، ئوقۇغۇچىلىقتىكى نامراتچىلىقتا ئۇنىڭ خېتى مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك تەسەللى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ماڭا بىر پارچە سۈرىتىنى قوشۇپ خەت ئەۋەتتى، مەن ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ تونۇيالمايلا قالدىم. ئۇ بۇرۇنقى ئاشۇ يېزىدىكى ساددا قىزغا پەقەت ئوخشىمايتتى. ئۇ ئاددىي ھەم سەھراچە قىياپىتىنى تامامەن ئۆزگەرتكەن، ھازىرقى زامانىۋى مودىدا پۇزۇر ياسانغان، چاچلىرى يەلكىسىنى بىر ئالغانىدى.

ئۆنى ئاشۇ بىر جۈپ كۆزلىرىدىن ئارانلا تونۇيالىدىم، ئۇ كۆزلەر ماڭا ھېلىقى كۆل بويىنى، بىز تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان جايلارنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىشىگە چىدىيالماي قالدىم، يۈرىكىم نامەلۇم ئازابتىن بىرقانچە كۈنگىچە ئاغرىپ تۇردى. كېيىنچە بىزنىڭ خەتلىرىمىز ئازىيىشقا باشلىدى. چۈنكى، دەرسلەر ئېغىر بولۇپ تېخىمۇ تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلەتتى.

مەن ئوقۇشۇم پۈتكىچە ئاساسەن يۇرتۇمغا قايتمىدىم، يول كىراسىنى تېجەش ئۈچۈن تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئىش تېپىپ ئىشلىدىم، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار مەكتىپىمىزدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. مەنمۇ ئاشۇلارنىڭ سېپىگە يېڭى كۆچ بولۇپ قوشۇلدۇم، ئاتا - ئانامنىڭ مېنى ئوقۇشقا يولغا سالغاندىكى سولغۇن چىرايى، ئالغان قەرزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، يەنە ئۇلارغا تايىنىۋالماسلىقىم لازىملىقىنى ئۇقتۇرغاندى. كېيىن ئوقۇشۇم پۈتكەندىن كېيىن مەكتىپىمىزدە ئېلىپ قالماقچى بولدى. بۇ ئاسان قولغا كەلمەيدىغان پۇرسەت ئىدى. مەن خېلى ۋاقىتلارغىچە يۇرتقا كېتىش ياكى بۇ يەردە قېپقېلىش ھەققىدە ئويلىنىپ، ئاخىر مەكتەپتە قېلىشنى توغرا تاپتىم. تەشكىلدىن رۇخسەت سوراپ يۇرتقا ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ كەلگىلى يولغا چىقتىم. لېكىن، ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر زەربىلەرنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كىم ئويلىغان، دادام ئىككى يىل ئىلگىرىلا قازا قىلغانىكەن، ئانام ئوقۇشۇمغا تەسىر يەتمىسۇن دەپ بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتماپتۇ، كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياشنى توختىتالماي قالدىم. دادامنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ كەم سۆز، مېھرىبان چىرايىنى ئەسلىدىم، يۈرىكىم قاتتىق ئازابتىن مۇجۇلاتتى، ھېچقانداق تەسەللى مېنى قايىل قىلالمايتتى.

ئانامنىڭ مۈڭ باسقان، قېرىلىق يېتىپ تورلاشقان چىرايىغا



قاراپ، نېمىشقىمۇ يۇرتقا قايتىپ كەلمىگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلدىم. بىر ئۇكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، يەنە بىر ئۇكام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ. «ئىككى ئۇكاڭنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ سەن ئاشۇ يەردە ئىشلە!» دېدى ئانام تەسەللى بېرىپ. ماڭىدىغان چاغدا ئۇ پېشانەمگە سۆيۈپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى، مەن شۇ چاغدىلا ئانا باغرىنىڭ چەكسىز ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدىم.

سورىغان ۋاقىت توشۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن يۇرتتا ئۇچرىشارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇرۇمچىدە خىزمەتكە چۈشۈپ بولغىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەرمەن دەپ بىرقانچە كۈن ئۈرۈمچىدە تۇردۇم، بىراق ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى بىلمىگەچكە ئۇچرىتالمىدىم. ئاخىر ۋاقىت قىستاپ قالغاچقا، نائىلاج مەكتەپكە قايتىپ كەتتىم. كۆڭلۈم پەرىشانلىققا تولغانىدى. چۈنكى، ھاياتىمكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكۈم بولغان دادامدىن ئايرىلغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدىم. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز خۇددى قەغەز يۈزىدىكى كېلىشىمدەك خەت يۈزىدىلا داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم قانداقلا بولسۇن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسامىمۇ، ئۇ بىر كۆپۈكتەك توزۇپ كەتتى.

بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەت قېلىن بىر دەپتەرگە يېزىلغان بولۇپ، بىر قارىسا پوۋېستقا، بىر قارىسا ئۇزۇن ئەسلىمىگە ئوخشايتتى. ئۇ بىزنىڭ بالىلىقىمىزنى، كۆل بويى، مەشرەپ، قوناقلىقلارنى بىرمۇ بىر ئەسلەپ، ئاندىن ھېلىقى كۈنى خوشلاشقان چاغدا سوۋغا قىلغان شېئىرنى ۋە ئۇنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئوقۇيدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. خەتنىڭ نۇرغۇن يېرى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. مەنمۇ بەزى جايلىرىنى ئوقۇپ يىغلاپ سالدىم، ئۇنىڭ يازغانلىرى ئەسلىدە مېنىڭمۇ يۈرىكىمدىكى

سۆزلەر ئىدى. ئاخىردا ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىندا توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى شۇ ئىكەنلىكىنى، ياشانغان ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى چىقىشقا پېتىنالماي، بىر نەۋرە ئاكىسى بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى يېزىپتۇ، ئاندىن ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سوراپتۇ. ئاخىردا سالامەتلىكىمنى ئاسراشنى ۋە ياخشى بىر قىز بىلەن توي قىلىشىمغا تىلەكداشلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

قەلبىم نامەلۇم ئاغرىق ۋە ئازاب بىلەن تولدى، كۆزۈمگە لىق ياشلار تولغانىدى. يىراقتا قالغان ھەم كېچە - كۈندۈز قەلبىمدە ساقلىغان گۈزەل بىر بەخت ئەنە شۇنداق توزۇپ كەتكەنىدى. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ غايىۋى سىماسىنىلا ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەنىدىم. ئۇنى ھەقىقىي قۇچاقلايدىغان چاغدا ئۇ پايانسىز ھەسرەتكە ئايلىنىپ قالدى. مەكتەپتىن سوراپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. خىيالىمدا ئۇنى تويدىن توسۇپ قالماقچى بولدۇم، ھەتتا خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ بولسىمۇ ئۇنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئەپسۇس، ئىزدەپ - سوراپ ئۇنى تاپقان ۋاقتىم دەل ئۇنىڭ تويى بولۇۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئۇ ئاپئاق توي كۆڭلىكى ئىچىدە ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. مەن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ قانغۇچە ھاراق ئىچتىم. بۇ يەردە مېنى ھېچكىم تونۇمايتتى، بەلكى تويى بولۇۋاتقان يىگىتنىڭ دوستى دەپ ئويلىغاندۇ. ئاشۇ گۈزەل تەن ماڭا مەنسۇپ ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇ باشقا بىرىگە مەنسۇپ بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يولىدىشىغا قاتتىق ھەسەت قىلدىم، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا، بىر تۇرۇپ ئۆزۈمگە نەپرەتلەندىم، چۈنكى مەن ئۇنى بەش يىل يېگانە تاشلىۋەتتىم. تەقدىردىن ئاغرىنايمۇ؟ ئۆزۈمدىن ئاغرىنايمۇ؟ ياكى نامراتلىقتىنمۇ؟ قەلبىم قان بىلەن تولدى. دۇنيادا ئۆز



ئاشىقىنىڭ تويىغا قاتنىشىدىغان ئادەمدىنمۇ بەختسىز ئادەم بولمىسا كېرەك. ئۇ بىراۋ ئۈچۈن توي بولسا، يەنە بىراۋ ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇنىڭدا زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى بار؟

تاڭ ئاتسا باشلاندى، ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان ئاشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇۋەرمەكچى ئىدىم. ئەزەلدىنلا ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان تاشلاندۇق ئادەم ئىدىم. لېكىن، كەيپىلىك مېنى جىم تۇرغۇزمىدى، مەن ئاستىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. شۇ چاغدىلا ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتىگەندىن بېرى نەگە كەتكەن بولغىيتتى، بەلكىم خۇشاللىقتىن كۆرمەس بولۇپ قالغاندۇ، بولمىسا ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇنچە رايىشلىق بىلەن ئولتۇرىدۇ؟! ئەمما مەن ئازابتىن ھېچنېمىنى بىلمەس بولۇپ قالغانىدىم. مەن قانغۇچە تانسا ئوينىدىم، بۇ ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆزۈمنىڭ ئازابى ئۈچۈنمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. شۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭ بارلىق كۆز ياشلىرىمغا دەسسەپ تۇرۇپ تانسا ئوينىدىم، تۆككەن ياشلىرىمنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي يەنە دەريا - دەريا ياشلار ئېشىپ قالدى. كىشىلەر مېنىڭ تانسا ئويناشتىكى ماھارىتىمدىن ھەيران قالدى، مېنى كەسپىي ئۇسسۇلچى ئوخشايدۇ دەپ قالغانىدى. بىراق، مەن چەكسىز ئازابقا غەرق بولۇپ كەتكەن بىر بىچارە ئىدىم. مەن توي يىغىلىشىدا سورۇندىن يېنىپ چىقتىم، بىرقانچەيلەن مېنى تۇتۇپ قالماقچى ئىدى. بىراق، ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي مېڭىۋەردىم، ئەگەر توي ئاخىرىغىچە تۇرسام ئۇنى يۆتكەپ ماڭغانىنى كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ مەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئېغىر ئىدى. سورۇندىن چىققانچە ئۇدۇللا ۋوگزالغا بېرىپ بېلەت ئېلىپ مەكتەپكە كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەممىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن بارلىق زېھنىمنى ئوقۇش

ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا قاراتتىم، چۈنكى ھاياتتىكى تالاي ئوڭۇشسىزلىقلارنى مەڭگۈ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ئۆتۈۋەرمەسلىكىم لازىم ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەندىمۇ تۇرمۇشقا نىسبەتەن بىر خىل مەجبۇرىيەت شەكىللەندى، ئاخىر ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئوقۇغان بىر قىز بىلەن توي قىلدىم. ئۇنىڭ نەچچە قېتىملىق سۆيگۈ ئىزھارلىرى قۇرۇق قالغانىدى، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئۆزۈم تەلەپ قويدۇم. مېنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا ھېچقانداق مەقسىتىم يوق ئىدى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭغا ياكى تۇرمۇشقا بولغان قېيىدىشىم بولۇشى مۇمكىن.

مانا ھازىر بېشىمدىن تالاي سەرگۈزەشتىلەر ئۆتتى. تالاي كۈنلەر، تالاي نەرسىلەر ئۇنتۇلدى، بىراق ئاشۇ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ شېرىن سىماسى قەلبىمدىن ئۇنتۇلمىدى. ئارىدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە يۇرتۇمغا تۇغقان يوقلاشقا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. ئىلگىرى تەقدىر بىزنى قەستەن ئايرىۋەتكەن بولسا، ھازىر يەنە قەستەن ئۇچراشتۇرغانىدى.

يۇرتۇم مېنىڭ ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ھېلىقى كۆلنىڭ ئورنىغا قاتار ئۆيلەر چۈشۈپ كەتكەن، مەن تونۇيدىغان چوڭلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋاپات بولۇپ، كىچىك بالىلارنىڭمۇ بىر قانچىدىن بالىسى بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئېتىزلارنى ئارىلاپ مېڭىپ ئۇنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن. بۇككىدە دەرەخلەر بىلەن قورشالغان باغ - ۋارانلىق بۇ ئائىلىنى مەن نەچچە ئەسىر ئۆتۈپ كەتسىمۇ سۈرەتلەپ بېرەلەيتتىم. كۆپ نەرسىلەر ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئائىلىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى قەلبىمدە تېخى شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغانىدى.

ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، نامەلۇم تۇيغۇدىن بولسا كېرەك، چىتلاقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۆينىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك ئالدىغا



كېلىپ قالدىم. گۈللۈك ئالدىدا بىر ئايال نېمىدۇر بىر نەرسە بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى، بەلكىم گۈل رەتلەۋاتسا كېرەك. يۈرەك تۇيغۇن نەرسىكەن. قەلبىمنى بىر خىل ئىسسىق ھاياجان چۇلغۇۋالدى، ئۇ راستىنلا شۇمىدۇ؟ باشقا بىرىمىدۇ يا؟ ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. بىز بىر - بىرىمىزگە تىكىلىپ قارىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالمىدىم، ئارىدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچ، ھەر ئىككىمىزدە ئۆزگىرىش كۆپ ئىدى.

— ياخشىمۇ سىز؟

ئۇ بىر خىل ھاياجان ئىچىدە تىنچلىق سورىدى. مەن ئاشۇ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزگە قارىدىم. ئارىدىن 30 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا سېھرىي قىياپىتىنى يوقاتمىغانىدى.

— مېنى تونۇمىدىڭىز - ھە؟ مەن سىزنى بىر قاراپلا تونۇدۇم.

ئەسلىدە شۇ ئىكەن - دە، ۋاقىت بىزنى نەقەدەر ناتونۇش كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان - ھە؟ ئۇنىڭ نازۇك سېھىرلىك قامىتى ئەمدى ئۆزگىرىپ، سەمىرىپ باشقىچە تۇسكە كېلىپ قالغان، قاپقارا چاچلارنى ئاق ئارىلىغان، سۇپسۇزۇك يۈزلەرنى قورۇق باسقانىدى. ئىشقىلىپ تەسەۋۋۇرۇمدىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. مەن ئۇنى تا ھازىرغىچە ئاشۇ كۆل بويىدىكى مەسۇم قىز ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغىنىمغا ھەيران قالدىم. يىللار نەقەدەر ئۆزگىرىشچان. مەنمۇ بۇرۇنقى مەن ئەمەس، چاچلىرىمنى ئاق ئارىلىغان، كۆزۈمدە گرادۇسلۇق كۆزەينەك، ئىشقىلىپ يىللار ماڭا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلا مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ھامان ئۇچرىشىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ كەلگەنىدىم. بىراق، قانداق

هالەت يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ھەر قېتىم يۇرتقا كەلگەندە ئۇنى ئۇرۇمچىدىن ئىزدەپ بېقىشنى ئويلىغان بولساممۇ، بىراق ئۇنداق قىلمىغانىدىم. مانا شۇ تەرىقىدە ئارىدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئەينى چاغدىكى ئوتتەك قىزغىن ياشلار مانا ئەمدى سوغۇق قان ياشانغان كىشىلەرگە ئايلانغاندۇق. كونا ئەسلىمىلەر بولسا ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. بىر بولسا سۇسلىشىپ كەتتى دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۇنىڭ يەنىلا ۋۇجۇدىمدا كۈچلۈك ئىنتىلىش پەيدا قىلغىنىغا ھەيرانمەن.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ ئادەمنىڭ كۆزىگە قارىغاندا يەنىلا تۇيغۇسى سەزگۈر كېلىدىكەن، سىزنى كۆرۈپلا شۇمىكىن دەپ ئويلىغان، بىراق جەزم قىلالمىدىم.

— ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ.

— شۇنداق، قېرىدۇق، ۋاقىت ھەتتا بىر - بىرىمىزنى تونۇيالمىغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— مەن سىزنى كۆرۈپلا تونۇدۇم، بىراق كۆزۈمگە ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدىم. بۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ 30 يىل ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ، چىرايىڭىز يېقىندا چىققان كىتابىڭىزدىكىگە تامامەن ئوخشايدىكەن. مەن ھەممە كىتابلىرىڭىزنى ئوقۇپ تۇردۇم، سۈرەتلىرىڭىزنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدىم، سىز ھازىر كاتتا يازغۇچى بولۇپ كەتتىڭىز - دە.

— بۇمۇ ئاشۇ ياشلىقنىڭ يالدامىسى، بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇش، قەلبىمدىكى ھەسرەتلىرىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن دەسلەپ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرگەنىدىم، كېيىنچە يازغۇچى بولۇپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.

— شۇنداق، ھايات بىزنى نېمە كويلارغا سالمىدى. قېرىپ يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، بىراق ياشلىقتىكى ئاشۇ



ئەسلىمىلەر ھېلىمۇ قەلبىمىزدە كىچىك پېتى تۇرۇپتۇ. باياتىن سىزنىڭ مېنى تونۇيالمىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، ئاندىن نەقەدەر ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ تۇرغىنىمىزنى ھېس قىلدىم، ئوڭايسىزلاندىم. ھاياتتىكى بەزى ئىشلارنى تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىكەن. ماڭا ھېلىمۇ نەپرەتلىنەمسىز، بىلمىدىم. شۇ چاغدا ئانامنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا تويۇڭنى قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. رەت قىلالمىدىم، لېكىن ئاشۇ خاتالىقنىڭ مېنى بىر ئۆمۈر ئازابلايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئالدىڭىزدا ھازىرغىچە ئۆزۈمنى گۇناھكار دەپ ھېسابلايمەن. ھېلىقى توي كۈنىدىكى ھالىتىڭىز پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ تولدۇرغۇسىز پۇشايمانغا قالغانلىقىمنى سەزگەنىدىم. كېيىن سىزنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، نەچچە ئايغىچە سىز ئېسىمگە كەلسىڭىزلا يىغلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەگەر تويدىن بىر كۈن بۇرۇن ئۇچراشقان بولساق، بەلكىم تەقدىرىمىز باشقىچە بولار ئىكەن.

ئۆتكەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى بىزمۇ رېئاللىققا تەمكىن قارايدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدۇق. يەنە بىر ھېسابتا ۋاقىت قەلبىمىزنى جاراھەتلەندۈرمەي، بىزنى تامامەن يات ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەكمۇ قىلالاتتى. سۆھبىتىمىز تامامەن بۇرۇنقى چاغلاردىكى ئۇ ۋە مەن توغرىلىقلا بولۇۋاتقاندەك، ھازىرقى ئۇ مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا ئورتاقلىق بار دەپ قارىسام، ئۇ تامامەن بىزگە ۋاقىت ئاتا قىلغان ئۆزئارا ئورتاقلىق ۋە ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئىككىمىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق، ئارىمىزدا پەقەت كەسىپ، تۇرمۇش، خىزمەت توغرىلىقلا سۆز بولۇندى. بۇرۇنقى رومانتىك تۇيغۇلار ئەمدى بىر خىل سوغۇق ھاياجانغا

ئايلانغانىدى. توغرا، ئارىمىزدا نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەرگەن، پەقەت قەلبىمىزدە تۇنجى مۇھەببەتنىڭ شېرىن سىماسى ساقلىنىپ قالغانىدى.

— بۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا تۇيۇقسىز سارغىيىپ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان بىر پارچە قەغەزنى كۆرسىتىپ. قەغەزنىڭ چۆرىلىرى يىرتىلىپ كەتكەنىدى، مەن ئۇنى نەچچە مىليون يىل ئۆتسىمۇ ئەسلىيەلەيتتىم. توغرا، ئۇ مەن يازغان شېئىر ئىدى، مەن شېئىرنىڭ ھەر بىر بوغۇم، ھەربىر مىسرالىرىغىچە ئېنىق يادلاپ بېرەلەيتتىم، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆمرۈمدە ئېقىۋاتقان قېنىم بىلەن يېزىلغانىدى. مەن شېئىرنى ئۇنىسىز پىچىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدىم، تۇنۇش پوچېركا، ئەسلىمە مېنى يىراق بالىلىق چاغلىرىمغا ئېلىپ كەتتى. ئەسلىدە مەن شېئىر ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىمىزنى يازغان ئىكەنمەن. ئەگەر بۇ شېئىر باشقىچە يېزىلغان بولسا، تەقدىرىمىز قانداق بولاتتىكىن؟ ئۇنىڭدىكى ئايرىلىش، مۇڭ، ھەسرەت، تەسەللى بىر ئۆمۈر بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ شېئىرنى تېخىچە ساقلاپ كەلگەنلىكى مېنى ئازابلىدى، قەلبىم ئۈنسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

— مەن پەقەت مۇھەببەت دەپ مۇشۇ شېئىرنىلا ساقلاپ كەلدىم، ئېرىشكىنىممۇ مۇشۇ شېئىرلا بولدى، — ئۇ كۆز يېشىنى ئاستا سۈرتتى.

— بولدى يىغلىماڭ، بۇ بىز ئۈچۈن بىر گۈزەل چۈش. چۈش ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ، ئادەم رېئاللىقتا ياشىشى كېرەك.

— مۇشۇ شېئىرنى سوۋغا قىلىۋېتىپ يىغلىغىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئەمدى بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزىگە قارىشىپ يىغلايدىغان ۋاقىتلىرىمىز مەڭگۈ كەلمەسلىكى مۇمكىن.



— مەنمۇ سىزگە بىر نەرسە كۆرسىتەي. . . — مەن يانچۇقۇمدىكى كىچىك خاتىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى ھېلىقى سۈرەتنى كۆرسەتتىم.

— بۇ مەن ئەڭ ياخشى چۈشكەن سۈرەت، ئۇ چاغدا بەك چىرايلىق ئىدىم.

— شۇنداق.

— ھازىر سەتلىشىپ كەتتىم، شۇڭا مېنى تونۇيالمىدىڭىز.

ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۈستىمىزدىكى دەرەخ شېخىدا سايراۋاتقان قۇشلار چۆچۈپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا بىرىنچى تۇرۇپ تۇنجى قاقاقلاپ كۈلۈشىمىز ئىدى.

شۇ تەرىقىدە ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتىم. كېيىن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتىم، يول بويى ئۇنى ئويلاپ ماڭدىم، قەلبىمدە ساقلىنىۋاتقان تۇيغۇ ئۇنىڭغا پەقەتلا ماس كەلمەيۋاتاتتى. شۇنى ھېس قىلدىمكى، قەلبىمنىڭ ھازىرمۇ ئىنتىلىۋاتقىنى ئۇ ئەمەس، بەلكى سەبىيلىكتىكى تۇنجى مۇھەببەت ئىكەن. مەن پەقەت ھازىرمۇ ئاشۇ چاغدىكى تۇيغۇمغا قايتالىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا قارىتا شۇ چاغدىكى سۆيگۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىكەنمەن. شۇ مەلۇم بولدىكى، بىزنىڭ ئايرىلغىنىمىز ھەقىقىي تۇنجى مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى ئۇ ۋە مەن ئىدۇق. مۇھەببىتىمىز ئاشۇ يېزىدا، كۆل بويىدا مەڭگۈ چوڭ بولماي شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئەمدى بىز قېرىدۇق. تۇيغۇمىز تېخىمۇ قېرىپتىكەن.

ئۇ ئۇرۇمچىگە قايتىشىدا مەن بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. بۇ بەلكىم بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىز بولۇشى مۇمكىن.

— مەن سىز بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەشمەكچى

ئىدىم، بىراق شۇنچە قىلسامۇ ئاساسىي گەپنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم. كۆڭلۈمدە بىر خىل يېرىملىق بار، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، بەلكىم بىر ئۆمۈر بىلمەي ئۆتۈپ كېتىشىم مۇمكىن.

— رەھمەت، سىزنىڭ ھاياتىمغا يەنە بىر قېتىملىق گۈزەللىك بېغىشلىغىنىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن. مەنمۇ ئىلگىرى ئۆزۈمنى ئاشۇنداق تۇيغۇدا ھېس قىلاتتىم، ئەمدىلىكتە ئويلىسام بىزنىڭ بىرلەشمىگىنىمىزنىڭ ئۆزىلا بىر بۈيۈك غايىۋى مۇھەببەتنى ياراتقانىكەن. ئۇنى بىر قېتىم چۈشەندىم، ئەگەر ئىككىمىز بۇرۇنلا بىرلەشكەن بولساق، بىز رېئاللىقتىكى ئادەملەرگە ئايلىنىپ مۇھەببەتنىڭ غايىۋى ئوبرازىنى يوقىتىپ قويىدىكەنمىز.

ئۇ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى.

— بەلكىم دېگىنىڭىز توغرىدۇ، بۇنى يەنىلا سىز ئەينەن سۈرەتلىدىڭىز. مەن سىزنىڭ ھاياتىمغا بىر گۈزەل چۈشىنىش ئاتا قىلغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەسلىدە مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغان، بىراق ئىپادىلىيەلمىگەن سۆزمۇ شۇ ئىكەن.

بىز خوشلاشتۇق. ئۇ يەنە ئەسلىمىگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى 30 يىل سېغىنغان قىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. كۆز ئالدىمدا كىچىك ۋاقتىمىزدىكى «مەن» كېتىپ باراتتى، ئۇ ماڭا ئەينەكتىكى كۆلەڭگەمدەك قاراۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا چاچلىرى ئاقارغان، يۈزلىرى پۈرۈلگەن، كۆزەينەك تاقىغان ياشانغان كىشىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ زادى قايسىسى مەن بولغىيتتىم؟ كۆل بويىدىكى بىر قىز بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنىڭ تىكىلىشىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرالماي، ھودۇقۇپ نېمىگىدۇر سوقۇلۇپ كەتتىم. ئالدىمدا ياشىقىنا بىر يىگىت



تۇرۇپتۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ، بىر يېرىڭىز ئاغرىمىغاندۇ؟ — ئۇ نېمىگە ئەپۇ سورايدۇ، ئۇنى مەن سوقۇۋەتكەن تۇرسام.

— ھېچقىسى يوق، كەچۈرۈڭ، — مەن ئىتتىكلا ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم. ئۇ ھەيران بولغىنىچە قاراپ قالدى. ئەتراپىمىزدا رېئاللىقتىن ھالقىغان غايىۋى مەنزىرىلەر لەيلەپ يۈرەتتى.

ھەممە نەرسە چۈشكە ئوخشايدۇ، بىر قارىسا ھەسرەتلىك، بىر قارىسا شېرىن، لېكىن ھەممىسى تېزلا غايىب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنىڭ ئالقىنىدا سىزىلغان بىر رەسىمگە ئايلانغانىدى.

# قار ياغقان كۈندىكى ھېكايە

دېرىزەم سىرتىنى بىر قەۋەت قار قاپلاپتۇ، قار يېغىپتۇ دەپ ئويلىدىم. ئىسسىق يوتقاندىن چىققۇم كەلمىدى. بۈگۈنكى بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ خىيالغا پاتتىم. قارنىڭ يېغىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بوپتۇ. بەلكىم، ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شۇنداق يېغىۋاتقاندۇ. بىردىنلا سانسىزلىغان ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ قەلبىمدە لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مېنىڭ پۈتكۈل روھىمنى كۆمۈپ تاشلىغاندەك شۇ قەدەر سوغۇق ئىدى. ئۆزۈمنىڭ قارغا بۇ قەدەر يېقىنلىقىمنى ئويلاپ ھەيران قالدىم. ئېھ، روھىمدىكى سوغۇق قار. مەن تېخى ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

سىرتتا ھېچكىم يوق. ئاپئاق قارغا دەسسەپ مېڭىشتىن ئۆزۈمچە ئۇيۇلۇپ قالدىم. سېزىۋاتىمەن، قار ئۇستىدىكى ئىزلىرىم ئەسەبىيلەرچە ماڭا ئەگەشتى. مەن ئۇلارغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتىم. ئاۋۋال ئاستا، ئاندىن كېيىن ئىتتىكرەك، ئاخىرىدا ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈردۈم. يۈگۈردۈم، يۈرگۈردۈم. ئىزلار گويا سانسىز سوئال ھەم ئۈندەش بەلگىلىرىگە ئايلىنىپ مېنى قوغلىغاندەك تۇيۇلاتتى. ھېچقاچان تۇيغۇمنىڭ بۇ قەدەر پاكلىشىپ كەتكىنىنى بىلمەيتتىم. تېنىم سەل مۇزلىغاندەك قىلدى. قارمۇ ئادەمنى توڭدۇرامدۇ نېمە؟ شۇ قەدەر سەممىي، ئاق تۇرۇپ – ھە؟ مەن قارغا قارىدىم، قار ماڭا قارايتتى. بەلكىم، قىش يېنىپ كەلگەندۇ. قار ئاۋۋالقىدەكلا بىر خىل رىتىمدا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. قارنىڭ بۇ قەدەر گۈزەللىكى مېنى قايىل قىلالمايتتى. ئۇ ھەممە خۇنۇك



نەرسىنى باغرىغا يوشۇرۇۋالغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، ھەر قېتىم قارغا قارىغاندا سېنى سېغىنىپ قالاتتىم. چۈنكى، ھېكايەمنىڭ قارغا باغلىنىشلىق تەرەپلىرى كۆپ ئىدى. «قاردا بىر خىل ئاقلىق بار. ئۇ مېنىڭ باللىقىمغا، ناھايىتى ئۇزاقتىكى كۈنلىرىمگە ئوخشايدۇ» دەيتتىڭ. لېكىن، ئىككىمىزنىڭ قارغا بولغان تونۇشىمىز شۇ قەدەر چىقىشالمايتتى. مەن قارنىڭ سېنىڭ قەلبىڭدىن شۇ قەدەر چوڭقۇر ئورۇن ئېلىۋېلىشىغا چىدىمايتتىم. «قارنىڭ رەڭگى ئادەمنى قايىل قىلالمايدۇ!» مەن ئىختىيارسىز ئاپئاق قارغا دەسسەپ مېڭىپ كەتتىم.

سەن قارغا بىر ئاز شېئىرى تۈس بېغىشلاشقا تىرىشاتتىڭ. ئۇنى سانسىز گۈل بەرگىلىرىگە ئوخشىتاتتىڭ. نەسىرلىرىڭدە ئاسمان ۋە زېمىننىڭ گىرۋەكلىرى تۇتۇشۇپ كەتكەن نامەلۇم جايدا، سانسىزلىغان قار گۈللىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى، ئۇلارنىڭ كۈز پەسلىدە ئاستا – ئاستا توزۇپ بۇ يەرگە كەلگىنىنى يازاتتىڭ ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتىڭ. لېكىن، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قارغا باغلىنىشلىق تەرەپلىرىنى ئېيتمايتتىڭ. نېمىشقىدۇر مەنمۇ ئۇنى سوراپ باقمىغانىدىم.

«قار يېغىپتۇ» دەپ قوياتتىڭ سەن ئاپئاق ھەم يۇمشاق بىر جۈپ پەلەيىڭنى سالغاچ. مەن سېنىڭ شۇ چاغدىكى تەلەپپۇزۇڭنى ۋە چىرايلىق ھەرىكىتىڭنى تولىمۇ ياقتۇراتتىم. ئۇستۋېشىڭغا ۋە كىرپىكلىرىڭگە قونغان قار ئۇچقۇنلىرى سېنى بەئەينى قار مەلىكىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ھىم، قار يېغىش بۈگۈنگە تەئەللۇق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇرۇندىنلا شۇنداق ئىدى. سېنىڭ قار ياغقاندىكى ھالىتىڭنى پەقەتلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. چېھرىڭدىكى خۇشاللىق ۋە قايغۇڭنىڭ قار ياغقان كۈندىكى بىر ھېكايىگە ئايلىنىپ، مېنى پاراكەندە قىلىشى ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرەتتى، ھەمىشە قارنىڭ مىسكىن، سوغۇق چېھرىگە قارىغاندا شېئىرلىرىڭدىكى مۇڭ ۋە ھەسرەتلەرنىڭ

غەمكىن ھالىتىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. سەن ھەمىشە: «قاردا بىر خىل سېھرىي تۈس بار. ئۇنىڭغا بىر خىل غېرىبلىقنىڭ غايىۋى كۆلەڭگىسى سىڭىپ كەتكەن» دەيتتىڭ. مەن ھەمىشە بىز ئايرىلغان چاغدىكى يۈرەكنى ئەزگۈدەك مىسكىن قىياپىتىڭ مۇشۇ قارغا ئوخشامدىغاندۇ؟ دەيتتىم ۋە مۇشۇنداق چاغدا قارنى ئەسلەپ قالغىنىمنى چۈشەنمەيتتىم. سېنىڭ شېئىرلىرىڭدا سانسىزلىغان قار بەرگىلىرى ۋە يامغۇر تامچىلىرىنىڭ شىلدىرلاپ چۈشۈۋاتقىنىنى ھېس قىلاتتىم. سەن ھېكايەڭدە ھەمىشە قار قاپلىغان دالىلارنى تەسۋىرلىسەڭمۇ مەن كۆپىنچە ھالدا ئۇنى يامغۇر ئارىلاشتۇرغان ھالدا ئوقۇپ چىقاتتىم.

كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايتتىم. سېنى تازا بوزەك قىلغۇم ۋە يوشۇرۇنچە يىغلىغىنىڭنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى. لېكىن، ئۇنداق قىلالمايتتىم. ئېنىقىنى دېگەندە مەندە ئۇنچىلىك جۈرئەت يوق ئىدى. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى بۇ خىل تۇيغۇغا قارشى ئىدى. مېنىڭ يامغۇرنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، يامغۇرنىڭ دېرىزەمگە ئۇرۇلغان چاغدىكى ئاۋازىنى نەقەدەر ياقتۇرىدىغانلىقىمنى، ھەر قېتىم يامغۇر ياغقان چاغدا سىرتقا چىقىپ ھۆزۈرلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قانداق ئېسىل شېئىرلارنى يازىدىغانلىقىمنى چالۋاقاپ تۇرۇپ بىلدۈرگۈم كېلەتتى. لېكىن، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز يەنىلا قار ھەققىدە بولاتتى.

— خوش، مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم.

كۆزلىرىڭ ماڭا ناھايىتى مىسكىن ۋە مۇڭ ئىچىدە تىكىلدى. قارىچۇقلۇرۇڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ لەيلەپ يۈرگىنىنى ھېس قىلدىم. ئاھ! شېئىرلىرىڭدىكى ئاشۇ يامغۇرلۇق تۈن مۇشۇ قارىشىڭغا ئوخشارمىدى؟ بىردىنلا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. راستىنلا كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالماي قالدىم.



سەن لەۋلىرىڭنى مەھكەم چىشلىدىڭ. كۆزلىرىڭدىن سىرغىپ چۈشىۋاتقان ئىككى تامچە ياشنى تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشتىڭ. شۇنداقتىمۇ ئۇ سىرغىپ چۈشتى - دە، زىنىقىڭ ئۇستىدە توختاپ قالدى. مەن ئاشۇ ئىككى تامچە ياشنىڭ ئارقىسىدا قاتار ياش تامچىلىرىنىڭ تىزىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ياشلار مېنى ئۆزىنىڭ پايانسىز ھەسرەتلىرى ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەنىدى. مەن بۇرۇلۇپلا ياتىقىم تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۆرە تۇرغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى. كۆز پەسلىدىكى سارغۇچ غازاڭلار لەيلەپ يۈرگەن بىر كۈندە قەلبىمنىڭ دېرىزىسىگە سانسىزلىغان قار ۋە يامغۇر تامچىلىرى رىتىملىق ئۇرۇلماقتا ئىدى.

ھېچكىم مېنى بۇ ئازابلىق كۈنلەردىن قۇتقۇزالمايدۇ. ئۈستىلىمدىكى خۇش پۇراقلىق ياز گۈللىرى ئەمدى يوق. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بوش ئورنى ھامان ماڭا خىيالچان بىر قىزنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بۈيۈك مۇھەببىتىمنىڭ مۇشۇنداق ۋەيران بولغىنىنى ھېس قىلدىم. گويا بىر ئۆمۈرلۈك مەغلۇبىيىتىم تاماملانغانىدى.

«بۇ چۈشۈم بولسىكەن» دەيتتىم. خۇشاللىق ئىچىدە ئويغىنىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. چۈش بىلەن قارنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك پەرق باردۇ؟ مەن مۇشۇ قار باسقان كۈنۈمگە بىر ئاز بولسىمۇ ئەسلىمە قالدۇرۇشنى خالايتتىم. سەن سەھەرنىڭ جىمجىت مەنزىرىلىرى قاپلىغان كىچىككىنە چىغىر يولدا يەنە تۇيۇقسىز پەيدا بولدۇڭ.

— سىزنى مۇشۇ يەردىمىكىن دېگەن.

ساڭا جىمجىت تىكىلىپ قالدىم. كىرپىكىڭگە بىرنەچچە تال قار ئۇچقۇنى ئىلىنىپ قاپتۇ. يۈزلىرىڭ سوغۇقتا ئاپئاق ئاقىرىپ كېتىپتۇ. «ئاھ، قار مەلىكەم» مەن توڭۇپ كەتكەن قوللىرىڭنى ئىسسىتىپ قويماقچى بولدۇم ۋە سورىدىم.

— نېمىشقا پەلتۇيىڭنى كىيىۋالمىدىڭ؟

مەن پەلتۇيىمنى ساڭا يېپىندۇرۇپ قويماقچى بولدۇم.

— ياق، كىيمەيمەن.

سەن شۇنداق دەپلا مېنى پەلتۇ ئۇستىدىن قۇچاقلىدىڭ. بىز گويا گۈگۈم باغرىدىكى بىر جۈپ ھەيكەلدەك بىر - بىرىمىزگە تىكىلگەن ھالدا ئۇزاق تۇرۇپ كەتتۇق، «قار ئۇچقۇنى بىزنى كۆمۈپ تاشلىسۇن، ئۇنىڭ جىمجىت ئېقىنى قەلبىمگە ئۇن - تىنسىز ئېقىپ كىرسۇن. مەن مۇشۇ قار باسقان گۈگۈمنى، ھەسرەتلىك مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن» دېدىڭ سەن ئاستا شىۋىرلاپ. مەن ئازابلانغان ھالدا ساڭا تىكىلدىم. قار ھەقىقەتەن ئۇزاق يېغىپ كەتتى. «ياق، مەن ھەرگىز مۇھەببىتىمنى قولدىن بەرمەيمەن. ھەرگىزمۇ مۇھەببىتىمنى قولدىن بەرمەيمەن. . . ھەممە نەرسەمنى ئېلىپ كېتەلىشىڭلارمۇ مۇمكىن. مەغلۇبىيىتىم مەڭگۈلۈك. مەن ھەرگىز مەغلۇبىيىتىمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن» مەن ھەممە نەرسەمنىڭ سېنىڭ ئۈنسىز ئاۋازىڭ ئارىسىدا پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ قالدىم.

سېنىڭ ئاشۇ قار باسقان دالىدا ئۇزاپ كېتىۋاتقىنىڭغا قاراپ ناھايىتى ئۇزاق تۇردۇم. قەلبىم بىر خىل ئېچىنىش ۋە زارلىنىشقا ئوخشاش كەيپىياتقا لىقلىنىپ قالدى. سەن ناھايىتى كۆپ ھەسرەتلىك سۆزلەرنى قىلغانىدىڭ. مەن ئۇنىڭ ھەربىر تىۋىشىنىڭ يۈرىكىمنى قانداق پارە - پارە قىلغىنىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئۇ مېنىڭمۇ يۈرىكىمدىكى ساڭا دېمەكچى بولغان سۆزلەر ئىدى. ئېيتقانلىرىڭنىڭ بىرىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ. كۆزلىرىڭدە لىقلا ياش لەيلەپ يۈرەتتى. مۇھەببەتتىن بەك يۈكسەك نەرسىلەرنى كۈتكەن ئادەمنىڭ ھاياتى كۆپىنچە بەك ئېچىنىشلىق بولۇپ قالىدىكەن. ئېرىشكەن نەرسىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئاز بولىدىكەن. سېنىڭ ئاۋازىڭ گويا زۇمرەت



ئاسمان ئاستىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تاڭ شولىسىدەك قەلبىمدە ناھايىتى سۆرۈن بىر تۇيغۇ پەيدا قىلدى. مەن ھازىرغىچە بۇنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدىم. سەن مەن بىلەن تولىمۇ ھەسرەتلىك، لېكىن تەسىرلىك تۇستە خوشلاشتىڭ. شۇنداق، سەن مېنىڭ ھاياتىم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتىڭ. مەن سېنى تۇتۇپ قالماقچى ئىدىم. لېكىن، قۇربىم بۇنىڭغا يار بەرمىدى. بىز تەقدىر ئالدىدا ئوخشاشلا ئامالسىز ئىدۇق. سېنى ھېچقانداق بىر كۈچ تۇتۇپ قالالمايتتى. سەن گويا جىمجىت گۈگۈم ئىچىدىكى ئاپئاق قاردەك قەلبىمنىڭ پايانسىز دالالىرىغىچە يېيىلىپ كەتكەن ئىدىڭ. سېنىڭ سىمايىڭ تەبىئەتنىڭ ھەربىر ئاق رەڭلىرى ئىچىدە يېقىملىق تۇستە تاۋلىنىپ تۇراتتى.

قار ناھايىتى سۆرۈن ھەم جىمجىت كەيپىيات ئىچىدە ئاستا - ئاستا تۆكۈلەتتى.

# كۈنلۈك ئاستىدىكى مۇھەببەت

ئۇ كۈنى ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ئىدى. دەريا بويىدىكى سازلىقتا ئاق قۇشلار ئاندا ـ ساندا سايراپ قوياتتى. ئەتراپتىن باھارنىڭ بىر خىل نەمخۇش ھىدى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

سەن بۈگۈن ئۇچاڭغا قىپقىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغان، خۇددى گۈل بەرگىدەك چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدىڭ. دائىم يېقىملىق كۈلكە ئويناپ تۇرىدىغان ئاق سېرىق چىرايىڭ بۈگۈن نېمىشقىدۇر سەل ـ پەل غەمكىنلىشىپ قالغان، كۆزلىرىڭدە بىر خىل ئىپادە قىلغۇسىز مۇڭ لەيلەپ تۇراتتى. سەن ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ يولغا چىقىپ يەنە قايتىپ كىردىڭ. كىيىم ئاسقۇغا ئېلىپ قويغان كۈنلۈكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ كەتتىڭ.

كۈنلۈك سۇلياۋ قاپ ئىچىگە ئورۇلۇپ ئۈستى يېشىل يىپ بىلەن باغلاپ قويۇلغانىدى. سەن ئىنچىكە يىپنى يېشىپ كۈنلۈكنى قاپ ئىچىدىن چىقاردىڭ. گويا قەلبىڭمۇ باغلاقتىن يېشىپ قويۇۋەتكەندەك ئىدى.

— ئاپا، شەھەرگە كىرىپ چىقاي، — دېدىڭ سەن ھويلىدا تۇرۇپلا. ئاۋازىڭ ئۆي ئىچىگە يېتىپ بارمايلا ئۆزۈڭ دەرۋازىدىن چىقىپ بولدۇڭ. نېمىشقىدۇر ۋېلسىپىتنى مىنمەي پىيادە يېتىلەپ ماڭدىڭ. قەلبىڭدە سانسىزلىغان خىياللار لەيلەپ يۈرەتتى. سەن دېيىشكەن ۋاقىتتىن خېلىلا بۇرۇن يولغا چىقىۋالغانىدىڭ. ئەتىگەندىن بېرى قولۇڭ ھېچقانداق ئىشقا بارمىغانىدى.



شۇڭا، ئۆيدىن بۇرۇنلا چىقىۋالغىنىڭغا ئانچە قىلىپ كەتمىدىڭ. كۆزلىرىڭ ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇلغان كۈنلۈككە چۈشتى. ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق تۇرسا، كۈنلۈكنى نېمىشقا ئېلىۋالغاندىمەن، دەپ ئويلىدىڭ. يول بويىدىكى بىر توشقان ساڭا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ سەن يېقىن كەلگەندە ئېتىزلىققا قېچىپ كىرىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. سېنىڭ توشقاننىڭ بىر جۈپ چىرايلىق كۆزلىرىگە تولىمۇ ئىچىڭ كۆيدى. نېمىشقىدۇر ئۇ كۆزلەرنى ئۇنتۇيالمىدىڭ. ئاھ! ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاشۇ توشقاننىڭ كۆزلىرىدەك مۇلايىم ئىدى ـ ھە؟! ۋۇجۇدۇڭ بىر خىل شېرىن سېزىمدىن جۇغىدە قىلىپ قالدى.

شۇ تاپتا كۆز ئالدىڭغا ئىككىڭلار تونۇشقان دەسلەپكى مەنزىرە كەلدى. ئۇ كۈنى سەن شەھەرگە ھامماڭنى يوقلاپ كىرگەنىدىڭ. كەچ كىرىشكە ئاز قالغان بولغاچقا ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز سىمىلداپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. لېكىن، بىردەمدىن كېيىنلا چېلەكلەپ قۇيغاندەك تۆكۈلۈپ كەتتى.

كىشىلەر بىردىنلا يول بويىدىكى لەمپىلەرنىڭ ئاستىغا قاراپ يۈگۈردى. يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سەن ئاسفالت يولغا تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىغا قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال تاپالمىدىڭ. سېنىڭ بارىدىغان يېرىڭ بۇ جايدىن خېلىلا يىراق ئىدى. كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا تارقاپ كېتىۋاتاتتى. سەن ئۇلارنىڭ يامغۇر ئىچىدىكى شۇمشەيگەن ھالىتىگە قاراپ ئاستا ـ ئاستا ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پاتتىڭ.

ئالدى تەرەپتە بىرسى سەن تەرەپكە كۈنلۈك كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ بىر قارىسا چوڭ ئادەمدەك، بىر قارىسا كىچىك بالىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. سەن ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىدىڭ. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ قالدى.

سەن شۇندىلا ئۇنىڭ سەندىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. نېمىشقىدۇر ئۇ ساڭا ئانچە قىزغىن ئادەملەردەك تۇيغۇ بەرمىدى. ئۇ ھازىرلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەي ئېسىت، يولىمىز بىر بولۇپ قالغان بولسا، مېنىمۇ بىرگە ئېلىۋالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟! دەپ ئويلاپ قالدىڭسەن ۋە بۇ ئويۇڭدىن ئۆزۈڭ خىجىل بولۇپ كەتتىڭ. دېگەندەك ئۇ ئالدىڭدىن ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى. سەن ئاۋۋالقىدەكلا يامغۇر سۈيى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ئېقىۋاتقان يول گىرۋىكىگە قاراپ تۇرىۋەردىڭ.

— ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز بىرگە ماڭايلى.

سەن ئالدىڭدا بايىقى يىگىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۇڭ. سەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىڭ. بەلكىم، يامان ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

سەن يىگىتنىڭ سۆزىنى چىرايلىقچە رەت قىلماقچى بولدۇڭ. بىراق، ئاغزىڭدىن رەھمەت سىزگە، دېگەن گەپ چىقىپ كەتتى. بۇ گەپ ئاغزىڭدىن شۇنداق تەبىئىي ۋە يېقىملىق چىقتىكى، ئۆزۈڭمۇ ھەيران قالدىڭ. سەن تاكى ھاياتىڭنىڭ ئاخىرىغىچە نېمىشقا ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەرگىنىڭنى بىلمەي كەتتىڭ.

سىلەر يامغۇر سۈيىنى كەچكىنىڭلارچە ماڭدىڭلار.

ئۇ ئۆزىنى ئەتەي سەندىن يىراق تۇتۇپ ماڭدى، سەن بۇنىڭدىن خېلى خاتىرجەملىك ھېس قىلدىڭ، بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، ئادەم نېمىشقا بەزىدە ئۆز تۇيغۇسىغا ئىشىنىپ كېتىدىغاندۇ؟! بۇ كىشى روھىدىكى خاتالىقمۇ ياكى ھەقىقىي مەنىدىكى رېئاللىقنىڭ روھىيەتتە ئىپادىلىنىشىمۇ؟!

سەن شۇنداق دەپ يىگىتنىڭ كۈنلۈك تۇتقان قولىنى نازۇك بارماقلىرىڭ بىلەن تۇزلىدىڭ ۋە ئۆزۈڭمۇ تەڭ يىگىتكە يېقىن



سۈرۈلدۈڭ. بۇ چاغدا بەدىنىڭگە تولىمۇ ئىللىق ھارارەت تارقالدى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىپ كىرىۋاتقان بىر خىل سېھرىي كۈچ ئالدىدا سەن ئىختىيارسىز مەستخۇشلىنىشىپ كەتتىڭ. سەن بۇ خىل تۇيغۇدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولساڭمۇ، بىراق كۆڭلۈڭ خالاپ تۇرۇۋاتقاچقا ئۆزۈڭنى تارتالمىدىڭ.

سەن يىگىتكە نەگە بارىدىغانلىقىڭنى ئېيتمىدىڭ، يىگىتمۇ سەندىن نەگە بارىدىغانلىقىڭنى سورىمىدى. سىلەر تەبىئىي ھالدا بۇ يولدا خۇددى بۇرۇن تالاي قېتىم ماڭغاندەك كېتىۋاتاتتىڭلار. شۇ تاپتا يىگىت سېنى باشلاپ كېتىۋاتامدۇ ياكى سەن يىگىتنى باشلاپ كېتىۋاتامسەن، بۇنى بىلىش تەس ئىدى.

سىلەر ئاخىر بىر چۈشىنىكسىز مۆھىت ئىچىدە چۈش دۇنياسىدىن ئۆتۈپ سېنىڭ ھاماڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدىڭلار. ئۇ نېمىشقىدۇر تىترەۋاتاتتى. بۇ تىترەك ھازىردىن باشلاندىمۇ ياكى ئۇنىڭغا بۇرۇندىن تارتىپ تۇتاشقانمۇ؟ سەن ئۇنىڭ كۈنلۈك تۇتقان قولىنىڭ تىترەشلىرىدىن ئۇنىڭ يۈرەك رىتىمىنى تىڭشىغاندەك بولدۇڭ. سەن ئىلگىرى قانچە قېتىملاپ بىر يىگىت بىلەن بىرگە مېڭىشنى ئارزۇ قىلغاندەك بۇ ئويۇڭدىن ئىختىيارسىز قورقۇپ كەتكەن ئىدىڭ - ھە؟ بىراق، ھازىر ئۇ ئويلىرىڭنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. سەن ھازىر شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچە ئەركىن ھالەتتە بۇ دۇنيادىكى بارلىق غەم - تەشۋىشلەردىن خالىي ھالدا تۇراتتىڭ.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدىڭ سەن ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، — سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

— ھېچ ۋەقەسى يوق.

سىلەر بىر پەس جىمىپ كەتتىڭلار. ياكى يىگىت ئۆز يولىغا راۋان بولمىدى، ياكى سەن ئۆيگە كىرىپ كەتمىدىڭ. ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىمجىتلىق ناھايىتى چوڭقۇر

تەپەككۇرنى يېتىلدۈرگەنىدى.

ئاھ، بۇ نېمىدېگەن چۈشىنىكسىز مەنزىرە ـ ھە؟

بەلكىم بىر ۋاقىتلار ئۆتۈپ سەنمۇ ئۆيۈڭگە كىرىپ كېتىسەن. ئۇمۇ ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت مۇشۇنچىلىكلا داۋام قىلىشى مۇمكىن. بەلكىم، ئىشلار مۇشۇنچىلىكلا داۋام قىلسا نەقەدەر ياخشى بولاتتىكىن ـ ھە؟ بىراق. . .

— ئەتە مېنى «خەلق باغچىسى» ئالدىدا ساقلاڭ، — دەپ سالدىڭ سەن. ئاھ، بۇ گەپنى كىم ئېيتتى؟ سەن ئاغزىڭغا ھەيران قالدىڭ. ئۇ نېمىشقا مۇنداق دەيدۇ؟! ئۇنىڭ ئىختىيارىڭدىن تاشقىرى تۇنجى قېتىم سۆزلىشى ئىدى.

سەن يىگىتنىڭ سۆزلىشىنى كۈتمەيلا ھويلا ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ كەتتىڭ. يىگىت تاشقىرىدا قالدى. يىگىتلا ئەمەس بارلىق مەنزىرە تاشقىرىدا قالدى. ھەممىلا نەرسە تاشقىرىدا قالدى دەپ ئويلىدىڭ سەن. ھەتتا بىر كۈنلەر ئۆتۈپ سەنمۇ خۇددى تاشلاندۇق نەرسىدەك ئۆيۈڭگە باغلىنىشلىق نەرسىلەرنىڭ سىرتىدا قېلىشىڭ مۇمكىن ئىدى. سەن ئىختىيارسىز بۇ ئويلىرىڭغا كۈلۈپ قويدۇڭ.

سەن كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتىڭ، ۋۇجۇدۇڭدىكى ئۆزگىرىشتىن ئۆزۈڭ ھەيران قالدىڭ، بىر تونۇمايدىغان يىگىتكە ئۆزۈڭ ۋەدە بەرگىنىڭ ناھايىتى چۈشىنىكسىز ۋە مۇجمەل ئىش ئىدى. بۇ كىشى پىسخىكىسىدا ئاز يۈز بېرىدىغان ياكى يۈز بەرمەيدىغان ئىش ئىدى. ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ سېنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماس ـ ھە؟

لېكىن، ئەتىسى سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا ئاخشامقى ئويلىرىڭنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. سەن ئۇنى ئۆزۈڭدىن چوڭمىكىن دەپ ئويلىغانىدىڭ. بىراق، بۈگۈن ئۇنى كۆرۈپلا ئىككىڭلارنىڭ يېشىنىڭ ئانچە پەرقلىنىپ



كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. ئۇ ھازىر مۇشۇ شەھەردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى، سىلەر ئەنە شۇنداق تونۇشتۇڭلار. كېيىنكى يىلى ئۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ يۇقىرى مەكتەپكە ئۆتەلمىدى. ئاخىر سېنىڭ دەۋەت قىلىشىڭ بىلەن قايتا ئوقۇپ ھازىر ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى، شۇڭا بۈگۈن سەن ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە شەھەرگە كىرگەنىدىڭ.

سەن ئۇنى خېلى ساقلىدىڭ، نېمىشقىدۇر ۋۇجۇدۇڭدا ئۇنى مەڭگۈ ساقلايدىغاندەك تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە سەن ئۇنى بىردىنلا چوڭ بولۇپ كەتكەندەك، بىر تۇرۇپ ئاللىقانداقتۇر تەرەپلىرى ناتونۇش ياكى ياتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى، بۇ بەلكىم روھىمدىكى ئۆتكۈنچى ھېسسىياتىم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىڭ سەن. ئاراڭلاردىكى يىراقلىشىش شۇنىڭدىن باشلانغانىدى.

— يۈرۈڭ ماڭايلى، — دېدى ئۇ سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە پەس ئاۋازدا.

سەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەگەشتىڭ.

ئىككىڭلار گويا تونۇشمايدىغان ئادەمدەك ماڭدىڭلار. ئىككىڭلار مەڭگۈ تونۇشمىساڭلار نەقەدەر ياخشىدى ـ ھە؟ سەن نېمىشقىدۇر ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى باشقىلار بىلىپ قالمىغىدى دەپ ئويلايتتىڭ. شۇڭا، ئەتەي ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇتقانىدىڭ. سەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىنى ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلدىڭ.

سىلەر باغچىغا كىرىپ خېلى ئۇزۇن ئايلاندىڭلار. سەن بىر خالىي جاينى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن قانغۇچە پاراڭلىشىۋېلىشنى ئويلىمۇ خالايتىڭ. قەلبىڭدە ئۇنىڭغا ئېيتساڭ ـ ئېيتساڭ تۈگىمەيدىغان سۆزلىرىڭ بار ئىدى. بىراق، تۇيۇقسىز

سىمىلداپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. سەن نېمىشقىدۇر بۇ يامغۇردىن ئىللىقلىق ھېس قىلىشقا باشلىدىڭ. يامغۇر سېنىڭ قەلبىڭگە شۇ قەدەر يېقىن ئىدى. ئۇ سېنىڭ تۇيغۇڭغا ئاستا ـ ئاستا سىمىلداپ ياغماقتا ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شۇنداق يېغىۋاتقان ياكى ناھايىتى قەدىمىي زاماندىن بېرى قەلبىڭدىن لەيلەپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقاندى.

— چىقىپ كېتەيلى.

ئۇ ساڭا پەقەت شۇ سۆزنىلا قىلدى. ئىككىڭلار ئۈن ـ تىنسىز بىرگە ماڭدىڭلار. ئۇ كۈنلۈكنى ئېلىپ ئاستا ئاچتى. لېكىن، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بەلكى نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىڭلار زېمىننىڭ مەلۇم يېرىدىكى يېگانە دەرەختەك جىمجىت تۇرۇپ قالدىڭلار. بۇ تۇرۇپ قېلىش ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى تۇرۇپ قېلىشنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى ئىدى.

ۋاقىت، زامان، ماكان، تەبىئەت، ھەممە نەرسە بىر توچكىدا قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۈنلۈك تۇتقان قولى بىر پارچە چوغنى تۇتۇۋاتقاندەك لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. سەن بۇ خىل ھېسسىيات ۋە بۇ خىل تۇيغۇنى چۈشىنىش ياكى ھېس قىلىشقا ئامالسىز ئىدىڭ. ئۇ كۈنلۈكنى پەقەت سېنىڭ بېشىڭغىلا تۇتتى. ئۆزى يامغۇردا قالسىمۇ پەرۋا قىلمىدى. چاپلىشىپ كەتكەن چاچلىرى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ كەتمەي ساڭا يانداشىپ ماڭدى. سەن نېمىشقىدۇر ئەمدى تارتىنىش ھېس قىلمىدىڭ. سەن ئۆزۈڭنى چوڭ بولدۇم دەپ ئويلاۋاتقاندىڭ. بۇ تۇيغۇ كاللاڭدا تۇيۇقسىز شەكىللەنگەندىن باشلاپلا ئۆزۈڭنىڭ راستىنلا چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىڭگە ئىشىنىپ قالدىڭ.

سەن ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ كەتكەندىڭ.

— ئىككىمىز بىرگە سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى.

يىگىتنىڭ بۇ سۆزى ساڭا سەل تاسادىپىي ۋە غەيرىي



تۇيۇلدى، شۇنداقتىمۇ ئىتتىكلا قوشۇلدۇڭ. چۈنكى، ئىككىڭلار مۇشۇ كەمگىچە بىرگە سۈرەتكە چۈشۈپ باقمىغانىدىڭلار. سىلەر خېلى ئايلىنىپ ئاندىن خېلى داڭلىق سۈرەتخانىغا كىردىڭلار. سۈرەتچى كۈلۈپلا تۇرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى. سەن ئىلگىرىمۇ بۇ يەرگە كىرىپ سۈرەتكە چۈشكەن بولغاچقا بۇ يەردىكى سۈرەتچىنى تونۇيتتۇڭ. بىراق بۇ قىزنى كۆرمىگەنىدىڭ.

سەن نېمىشقىدۇر قورۇنۇپ قالدىڭ.

— سۈرەتكە چۈشەمسىلەر؟

— شۇنداق.

— بىرگە چۈشەمسىلەر ياكى ئايرىممۇ؟ — ئۇ ساڭا قارىدى. سەن ئاستا يەرگە قاراپ ئۈنچىقمىدىڭ.

— بىرگە چۈشىمىز.

يىگىت سېنىڭ جاۋابىڭنى كۈتمەيلا جاۋاب بېرىۋەتتى. سۈرەتچى ئىككىڭلارنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى.

— تويلۇق چۈشەمسىلەر؟

سەن قىزىرىپ كەتتىڭ. ئۇمۇ دۇدۇقلاپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. سۈرەتچى سىلەرنى يانمۇ يان ئولتۇرغۇزۇپ تارتىشقا ئاز قالغاندا سەن تۇيۇقسىز تارتماڭ، دەپ تۇرىۋالدىڭ. ئۇلار تەڭلا نېمە بولغاندۇ دەپ ھەيرانلىق بىلەن ساڭا قارىدى. سەن تارتىنغان ھالدا ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈۋالاي دېدىڭ. قىياپىتىڭدىن بىر خىل تارتىنىش ۋە خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى.

سەن خۇددى كىچىك بالىدەك يەڭگىل قەدەم بىلەن ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىڭ. ئۇ ئارقاڭدىن بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ قالدى. سەن گىرىمخانىدىن چىققاندا يۈزۈڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا تىك بېقىپ قارىيالمىدىڭ. ئۇمۇ يامغۇردا ھۆل بولۇپ چاپلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى تارىدى. بىراق، قانچە تارىغانسېرى شۇنچە قالايمىقانلىشىپ

كەتتى.

— بولدىلا، مۇشۇنداق چۈشەيلى.

ئۇ قولۇڭدىكى كۈنلۈكنى ئېلىپ سەل ئالدىغا ئەگكەن ھالدا تۇتۇپ تۇردى.

سەن يىگىتنىڭ يېنىڭدا ئولتۇرۇشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتىڭ. بىراق ئۇ سېنىڭ ئارقاڭغا ئۆتۈپ تۇردى. بىر قارىماققا سىلەر خۇددى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتىڭلار. ئۇنىڭ كۈنلۈك تۇتقان قولى ھازىرمۇ تىترەۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىڭ سەن. بىراق، سەن ئۆز بەدىنىڭنىڭمۇ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىڭ. ئۇنىڭ بىر قولى سېنىڭ مۈرەڭدە ئىدى. بۇ سېنىڭ مۈرەڭگە ئەرلەرنىڭ تۇنجى قېتىم قولىنى قويۇشى ئىدى. ئوغۇللارنىڭ قولى ئەجەبمۇ سېھىرلىككەن دەپ ئويلىدىڭ سەن، ئۇنىڭ قولى شۇ قەدەر قىززىق ئىدىكى، خۇددى ئۇ سېنى يالىڭاچ تۇتۇپ تۇرغاندەك ھېس قىلدىڭ.

بىلىپ - بىلمەيلا بىر پارچە سۈرەت شۇنداق تارتىلىپ تۈگىدى. سەن بىر نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئاشۇ ھارارەتلىك قولنى ۋە ھودۇقۇش ئىچىدىكى دەقىقىلەرنى ئەسلەپ يۈردۈڭ. ھەر قېتىم سۈرەتكە قارىغان چېغىڭدا زەڭگەر كۈنلۈك سايە تاشلاپ تۇرغان غوۋا بىر چىرايىنى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدا تارتىنىپ ئولتۇرغان بىر قىز بىلەن خىيالچان يىگىتنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىڭ. سىلەر ئاشۇ جايدا مەڭگۈلۈك ئەسلىمەڭلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۈرەتكە قالدۇرغان ئىدىڭلار.

سىلەر سۈرەتخانىدىن چىققاندا يامغۇر ئاۋۋالقىدەكلا سىم - سىم يېغىۋاتاتتى. بۇ قېتىم سەن ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدۇڭ. سېنىڭ كۆزلىرىڭدە بىرنەچچە تامچە ياش يالتىراپ تۇراتتى. يىگىت كۆزۈڭدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈپ



قويمىدى. ئۇ يۈزۈڭگە چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرىغا قوشۇلۇپ يەرگە سىڭىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سەن داۋاملىق يىغلايدىغان بولۇپ قالدىڭ. سەن نەمخۇش تۇمان يېپىلىپ تۇرغان كوچىدا كېتىۋېتىپمۇ يىگىتنىڭ ئارقاڭدىن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈڭ. ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە زەڭگەر كۈنلۈك تۇراتتى. ئۇ ساڭا كۈنلۈكنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. سەنمۇ ئۇنىڭ كۈنلۈكنى نېمىشقا قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىڭ. ھەتتا كۈنلۈكنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدىڭ. سىم - سىم يامغۇر ئاۋۋالقىدەكلا چۈشمەكتە.

شۇ تەرىقىدە سىم - سىم يامغۇر بەش باھار يېغىپ بەش قېتىم قارغا ئايلاندى. دەسلەپتە پوچتىكەش سېغىنىشلىق سۆزلەر بىلەن تولغان خەتلەرنى پات - پات ئەكېلىپ تۇردى. كېيىنچە خەتلەر ئازلاپ ئاخىر كەلمەي قويدى. كېيىنچە سەن ئۇنى ئىزدەپ شەھەرگە بىر نەچچە قېتىم كىرىپ ئۇچرىتالماي قايتىپ چىقتىڭ. ئاخىرقى قېتىم ئۇنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭ ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن تولىمۇ چىرايلىق قىز بىلەن خۇشال - خۇرام كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىڭ. بىر كۈن كەچكىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىڭ. بۇ بىر كۈن سەن ئۈچۈن ئازابلىق بىر كۈن بولۇپ قالدى. شۇنداقلا ئۇ سېنىڭ ھەسرەتلىرىڭنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. سەن شۇ چاغدىلا ئاندىن پەقەت بىر پارچە سۈرەتكىلا ئېرىشكىنىڭنى بىلدىڭ. شۇنداقتىمۇ سەن ئۇنى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ كۆز يېشى قىلىپ يۈرىۋەردىڭ. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى ئۇچرىتالمىدىڭ.

بۈگۈنمۇ سەن شەھەرگە كىردىڭ. سىم - سىم يامغۇر مۇڭلۇق ناخشىدەك بىر خىل رىتىمدا چۈشەتتى. قەلبىڭدە سانسىزلىغان خىيال گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغانىدى. تۇيۇقسىز بىر كىچىك ئوغۇلنىڭ دومىلاپ كەتكەن توپنى ئېلىش

ئۈچۈن يولنىڭ ئوتتۇرىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈك. بىر ماشىنا تېز سۈرئەتتە بالىغا قاراپ ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. ھايات ـ مامات بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلدى. سەن يۈگۈرۈپ بېرىپ بالىنى ئىتتىردىڭ.

سېنىڭ قان بىلەن بويالغان گەۋدەڭ يول ئۈستىگە ئاستا ـ ئاستا يىقىلدى. سەل نېرىدا بىر دانە زەڭگەر كۈنلۈك تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مەڭگۈلۈك تاشلىنىپ قالغان كۈنلۈك ئىدى. كىچىككىنە سومكا ئىچىدىن چېچىلغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا يېرىمى قان بىلەن بويالغان بىر پارچە سۈرەت بار ئىدى. بالىنىڭ دادىسى ئاستاغىنا سۈرەتنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئالبومىدىمۇ مۇشۇنداق سۈرەتتىن بىرى بار ئىدى.



## كۈتۈش

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. سەن كۈتتۈۋەردىڭ. كۈتۈشلىرىڭنىڭ چېكى يوق، ھەتتا پايانسىز ئىدى. دېرىزىلەر ھارغىن دۇنيانىڭ غەمكىن شولىسىنى قەلبىڭگە تاشلاپ تۇراتتى. ۋاقىت، زامان، ماكان ئۇقۇمى بىر ـ بىرلەپ خاتىرلىرىڭدىن ئېقىپ تۈگىمەكتە. سەن يەنىلا كۈتمەكتە ئىدىڭ.

سەن زادى نېمىنى كۈتىسەن؟ باشقىلار ئاشۇ يېشىل سىرلاقلىق ئۈستەل يېنىدا تۈن ـ تۈنلەپ ئولتۇرغانلىقىڭنى بىلمەيتتى. گۈگۈم شولىسىنى دېرىزەڭگە يايغاندىن تارتىپ تاكى يەنە بىر سەھەر قەلبىڭگە ئېقىپ كىرگەنگە قەدەر سەن يەنىلا ئاشۇ ئۈستەل يېنىدا تۇرغان بولاتتىڭ. يۈزلىرىڭدىكى ھال رەڭ يورۇق مىسكىن كۆزلىرىڭگە خويمۇ ماس كەلگەنىدى. سەن يەنىلا تاقەت قىلغان ھالدا بىر نەرسىنى كۈتەتتىڭ. ئاھ، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سېنى كۈتكۈزۈۋاتقان ئۇ نەرسە زادى نېمە؟ ئۇ سېنىڭ ئادرېسىڭ ۋە ئىسمىڭ يېزىلغان بىر پارچە خەت ئىدى. سەن ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا بىرسىنىڭ ئىشىكىڭنى چېكىپ «خېنىم، خېتىڭىز» دېيىشىنى كۈتەتتىڭ. ئەمما، قىرىشقاندەك ساڭا خەت كەلمەيۋاتاتتى. خۇددى بۇ دۇنيادا ساڭا خەت يازىدىغان ئادەم يوقتەك ئەتراپ تىمتاس ئىدى. ھەممە ئىشلار نورمال تەرتىپتە ئاشۇ كۈتۈش ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئۇپراپ تۈگىمەكتە ئىدى.

سەن ئۇنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمىدىڭ. ئۇ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ يوق، بۇنىسى نامەلۇم. پەقەت سەن ئۇنى بىر خىل

قىزغىن ئۈمىد ۋە ئازاب ئىچىدە كۈتەتتىڭ. ئۇنىڭ ھامان ئۆمرۈڭدە يەنە بىر قېتىم كەسكىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىڭ. ئۇنىڭدىن ساڭا نەمۇنە بولغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. بىر تېلېفون نومۇرى ۋە ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرلا قېپقالغانىدى.

ئۇ كۈنى كېچە شولىسىنى ئەتراپقا ناھايىتى قويۇق يايغانىدى. سەن ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆيۈڭگە ماڭماقتا ئىدىڭ. دەل سەن قورققان ئاشۇ دوقمۇشقا كەلگەندە ئالدىڭدا ئىككى سايىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈڭ. ئالدىڭغا مېڭىشنى ياكى ئارقاڭغا يېنىشنى ئويلاپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۇلار ساڭا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، سەن ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتىڭ. بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ۋە قەيسەرلىك ۋۇجۇدۇڭدا تەڭلا قۇترايتتى.

كۆزىڭكى بىر دەرەخ ئاستا ـ ئاستا يالىڭاچلاندى. ئۇنىڭ ئاجىز يوپۇرماقلىرى ئاستا ـ ئاستا تۆكۈلۈشكە باشلىدى. سەن بىر مۇدھىش كېچىدە ھەممە نەرسىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى چۈشەندىڭ. دەل شۇ پەيتتە، ئۈمىد گۈللىرىڭ توزۇش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا بىر سېھىرلىك ئاۋاز، خاسىيەتلىك قولنىڭ ئۆز ھىماتىغا ئالغانلىقىنى كۆردۈڭ. ناھايىتى قەھرلىك (سەن ئۈچۈن مېھرلىك) بىر ئاۋاز كۆلەڭگۈلەرنى مەڭدىتىپ قويدى. ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىگە توسالغۇ بولغان رەقىبىگە قەھر بىلەن تاشلاندى. شۇ كۈنى كېچە سېنىڭ ھاياتىڭدا ئۇنتۇلغۇسىز كېچە بولدى. ئاخىرىدا ئۇلار ساڭا ھالسىرىغان بىر نىمجان تەننى تاشلاپ بېرىپ كەتتى.

ئەتىسى سەن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئىزدەپ بارغاندا ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا بىھوش ياتاتتى. ئۇنىڭغا قانغۇچە قاراۋالغۇڭ، قەلبىڭدىكى نۇرغۇن سۆزلىرىڭنى ئېيتىۋالغۇڭ كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىڭ بىر دەريا، بىر



ئوكيان، بىر ئالەم ئىدى. ئۇ قەلبىڭدە سانسىزلىغان مىننەتدارلىق گۈللىرىنى پورەكلىتىپ ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بېزىگەنىدى. 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ قېتىم، ھەر قېتىم بارغاندا ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ھالدا بىھوش ياتقان بولاتتى. سەن ئۇنى نەچچە قېتىم ئويغۇتۇشنى ئويلىغان بولساڭمۇ ئۇنداق قىلالمىدىڭ. ھەر قېتىم قايتقىنىڭدا ئۇنىڭ ئۈستىلىگە بىر دەستە گۈل قويۇلغان بولاتتى. دەل يەتتىنچى دەستە گۈل قويۇلغاندا سەن ئۇنىڭغا ئادرېسىڭ، تېلېفون نومۇرۇڭ يېزىلغان بىر تال ئاتكرىتكىنى قالدۇرۇپ قايتىپ كەلدىڭ. قولۇڭدا بىر تال قان بىلەن بويالغان ئىسىم كارتوچكىسى بار ئىدى. كارتوچكىنىڭ دەل ئىسىم ۋە ئادرېسى يېزىلغان جايى پىچاق زەربىسىدىن يىرتىلىپ ئوقۇغىلى بولمىغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى. پەقەت x x x دېگەن نومۇرلا قالغانىدى.

سەن كارتوچكىنى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن كۈنىسى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن تاسادىپىي بايقاپ قالغانىدىڭ. بۇ نومۇر ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىمۇ ياكى باشقا بىرسى ئۇنىڭغا بەرگەنمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ سەن ئۇنى كىچىككىنە گىرىم جازىسىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى قىممەتلىك بۇيۇمدەك ساقلىدىڭ.

ئۈچىنچى كۈنى سەن ئۇنى سەككىزىنچى رەت يەنە يوقلىغىلى كەلدىڭ.

ھاۋا يەنىلا ئوچۇق، ئەتراپتا ھېچقانداق ھادىسە يۈز بېرىدىغان ئالامەت يوق ئىدى. ئەمما، ھادىسە ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسى ياكى ھېس تۇيغۇسىغا بويسۇنماي يۈز بېرىۋېرەتتى. سېنىڭ ئاڭلىغىنىڭ ماشىنىنىڭ ئەنسىز تورمۇز قىلغان ئاۋازى بولدى. ئەتراپىڭدا بىر توپ ئاق بۇلۇت لەيلەپ ئاستا ـ ئاستا بىر چوڭقۇرلۇققا غۇلاپ كەتتىڭ.

شۇنىڭدىن بېرى سەن ئاشۇ يېشىل سىرلىق ئۈستەل

يېنىدىكى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر پارچە خەتنى كۈتىدىغان بولدۇڭ. سەن ئۆز ئەقىدەڭگە تولىمۇ سادىق ئىدىڭ. شۇڭا، ھەر كۈنى ئاشۇ خەتنى كېلىدۇ دېگەن ئۈمىدتە ئىدىڭ. بىراق، ھازىرغىچە پوچتىكەش بىرەر قېتىممۇ ئىشىكىڭنى قېقىپ باقمىدى. «تىرىق» قىلغان بىر تىۋىش ھامان خەت توشۇغۇچىنىڭ قەدىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ خىل ھالەت يۈز بەرگەن ھامان پۈتكۈل سەزگۈلىرىڭ بىر ئورۇنغا جەم بولۇپ ئاشۇ تىۋىشقا قۇلاق سالاتتى. بىراق، سەزگۈڭ ھامان خاتالىشىپ قالاتتى. خەت توشۇغۇچى بىر قېتىممۇ كېلىپ قويمايتتى.

ئۇ كۈنى ئاسماندا ئاي يورۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. سەن ئاي شولىسىغا چىلىنىپ خىيال سۈرۈشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىڭ. بىراق، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلغۇڭ كەلمىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى خاتىرىلەرنى ۋاراقلىدىڭ. ھەربىر بەت، ھەربىر قۇرنى ۋاراقلىغاندا خۇددى قەلبىڭنى بىر - بىرلەپ ئوقۇغاندەك ھېسسىياتقا كېلەتتىڭ. بۇ ھېسسىيات، بۇ خاتىرىلەر ساڭا تولىمۇ تونۇش ئىدى. ئۇ سېنىڭ سانسىز يۈرەك سىرلىرىڭ ۋە پىنھان قايغۇلىرىڭ بىلەن تولغانىدى. سەن خاتىرىلەرنى ۋاراقلاۋېتىپ ھېلىقى قان بىلەن بويالغان كارتوچكىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىڭ. گويا ئۇنىڭدىكى سىرنى ھەقىقىي بىلمەكچى بولغاندەك تەپسىلىي قاراپ چىقتىڭ. بىراق، يەنىلا ئېرىشكىنىڭ ئاشۇ تېلېفون نومۇرى بولدى. بۇ زادى ئۇنىڭمىدۇ ياكى باشقا بىراۋنىڭمىدۇ؟ سەن بۇ نومۇرغا قارىغانسېرى ھەر خىل ئويلارغا بېرىلەتتىڭ. بۇ نومۇرنىڭ ئۇنىڭ بولۇپ قېلىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىڭ ۋە ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگۈڭ كېلەتتى. بىراق، چاقلىق ئورۇندۇقتىكى ھالىتىڭنى ئويلاپ يەنە بۇ ئويۇڭدىن يېنىۋالاتتىڭ. سەن ھەر قېتىم بۇ خىل ھېسسىياتقا كەلگەندە



تولىمۇ ئۈمىدسىز بولۇپ قالاتتىڭ. سەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن خەتلەرنى يېزىپ خاتىرىلەرنى تولدۇرۇۋەتكەنىدىڭ. بىراق، قايسى ئادرېسقا سېلىشنى بىلمىگەچكە ئىلاجىسىز ئۇ خاتىرەڭدە شۇ پېتى قالغانىدى.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى. سەن يەنىلا بىر خىل رىتىم، بىر خىل رەۋىشتە كۈتىۋەردىڭ. بىراق ئۇ خەت تېخىچە يېتىپ كەلمىدى. يەر شارىدا بۇنداق خەت يازىدىغان كىشى يوقتەك ياكى ئۇ خەتنى ئېلىپ كېلىدىغان پوچتىكەش مەڭگۈ مەۋجۇت ئەمەستەك ئىدى.

خاتىرىلەرنى ۋاراقلاۋاتقان قوللىرىڭ توختىدى. سەن خاتىرە ئارىسىدا بىر پارچە خەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىڭ. بۇ خەتنى ساڭا كىم يازغان بولغىيتتى؟ ئېنىقكى ئۇنى ساڭا ھېچكىم يازمىغانىدى. سەن كونۋېرتنى ئاچتىڭ. كونۋېرت ئىچىدە بىر ۋاراق قەغەزلا بار ئىدى. قەغەزدە ھېچقانداق خەت يوق. پەقەت بىر تېلېفون نومۇرىلا بار ئىدى. يەتتە خانىلىق سان ئىكەنلىكىلا ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ نومۇرلارنىڭ ئالدى - كەينىگە ئۇنى ئىزاھلايدىغان بىرەر سۆز يېزىلمىغانىدى. بۇنىڭ ئۆزۈڭنىڭ تېلېفون نومۇرى ياكى ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭ. شۇنداق، سەن ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تېلېفون ئىشلىتىپ باقمىغاچقا ئۆزۈڭگە كېرەكلىك بولغان نۇرغۇن نومۇرلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىڭ. سەن بۇ نومۇرنى ھېلىقى كارتوچكا بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقماقچى بولغانىدىڭ. بىراق، ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنى تاپالمىدىڭ. ئۇ نەگە كەتكەن بولغىيتتى - ھە؟ سەن ئۇنى قايسى جايدا، قانداق ۋاقىتتا قويغىنىڭنى ئەسلەپ باقتىڭ. بىراق، ھېچ نەرسىنى ئېسىڭگە ئالالمىدىڭ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىڭ. بۇلار زادى تېلېفون نومۇرىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئىگىسى زادى كىم بولغىيدى، سەن ئۆزۈڭدىن

بارا ـ بارا ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدىڭ.

ئاي ئاستا ـ ئاستا دېرىزىدىن ئەگىپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. كېچە باغرىدىكى ئۈنسىز جىمجىتلىق ئەتراپىڭدا لەيلەپ يۈرىدۇ.

سەن كېچىلەرگە ئادىتىڭدىكىدەك ھەسرەتلىك ئاۋازدا پىچىرلىدىڭ. كېچە ئۇنى ئادىتى بويىچە ئۆز باغرىغا ئۈنسىز سىڭدۈرمەكتە ئىدى. سەن يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئاشۇ يېشىل سىرلىق ئۈستەل يېنىدا ئولتۇراتتىڭ. خاتىرە تولا ۋاراقلىنىپ ئاجراپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. سەن بۈگۈن دەل ئۆزۈڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدىڭ. بۇ ساڭا بىر ئاز بولسىمۇ ئۈمىد بېغىشلىدى. ھەر ھالدا خاتىرەڭ ئۇنچىۋالا ناچارلىشىپ كەتمىگەنىدى. سەن ئادەمنىڭ ھېسسىياتى بىر پارچە چۈش بوشلۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئوخشاشمىغان ۋاقىتلاردا ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭ.

تۇن يېرىمدىن ئېشىپ كەتتى. ئاي ئولتۇرۇپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى. بۈگۈن كۈنگە نېمە بولغىيدى؟ سەن توساتتىن بۇنى ئويلاپ قالدىڭ. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى كۈنلەر سەن ئۈچۈن ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ بولغانىدى. بىر پارچە خەت سېنىڭ سەزگۈڭدە ھەممە نەرسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. سەن كائىناتنىڭ كەڭلىكىدە بىر پارچە توزان ھالىتىدە لەيلەپ يۈرەتتىڭ. پەقەت ئاشۇ بىر پارچە خەتلا سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. سەن ئاشۇ بىر پارچە خەتنىلا كۈتەتتىڭ.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى. سەن ئاشۇ يېشىل سىرلاقلىق ئۈستەل يېنىدىكى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۈتىۋەردىڭ. كۈنلىرىڭ ھامان ئاشۇ سانلارنىڭ ئىگىسىنى ئويلاش ۋە بىر پارچە خەتنى كۈتۈش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.



سىرتتا سىم ـ سىم يامغۇر ياغماقتا. سەن بۇ يامغۇر تامچىلىرىنىڭ قەلبىڭدىكى سۇزۇك يوپۇرماقلارنى يۇيۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. روھ دەرىخىڭدىكى سۇكۇت تامچىلىرى بىر پارچە تۇمانغا ئايلىنىپ تۇيغۇلىرىڭنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى.

سەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن نېمىشقا خەت كەلمەيدۇ دېگەننى ئويلاپ قالدىڭ ۋە بۇ ئويۇڭدىن چۆچۈپ كەتتىڭ. شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇش ئارزۇيۇڭنىڭ بارلىقىنى ئويلىدىڭ. سەن بۇنى ئويلىغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى. بىراق، تېلېفون ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي كېلىۋاتاتتىڭ.

سەن ئاخىر تېلېفونغا قول ئۇزارتىپ ئۇزۇندىن بېرى ئۆزۈڭگە يادا بولۇپ كەتكەن ھېلىقى نومۇرنى بۇراشقا باشلىدىڭ. نېمىشقىدۇر قوللىرىڭ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. تېلېفون ئۇرۇۋېلىشىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىلەردە ھاياتىڭنى ئاخىرلىشىۋاتقاندەك، ئۆزۈڭنى ئۆلۈپ بولغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىڭ. ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىرلا قەدەم بولۇپ سەن ئۇزۇندىن بېرى بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ياشاپ كەلدىڭ.

سەن خېلى ئۇزۇن كۈتكەن بولساڭمۇ تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى، ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىڭ. ئاخىر مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ بېشىڭغا كېلىدىغانلىقى ساڭا ئايان ئىدى. بەلكىم ئۇ تېلېفون نومۇرى ئەمەس بولغىيدى، ئۇنداقتا ئۇ زادى نېمە بولغىيدى؟ بەلكىم يېرىم كېچىدە تېلېفون ئېلىپ ياخشى قىلمىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. سەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرساڭمۇ نېمىشقىدۇر تېلېفوننى قويۇۋەتمىدىڭ.

— ۋەي!

قارشى تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. سەن

بىردىنلا ئالەمچە شادلىققا چۆمۈپ ئارقىدىن يەنە ئۈمىدسىزلىككە تولۇپ قالدىڭ. تېلېفوندىكى ئۇنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئايالى ياكى سۆيگۈنى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بەلكىم بۇ تېلېفون نومۇرى ئۇنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن.

— ۋەي، سىز كىم؟ — قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل تەقەززالىق ۋە ئەندىشە بار ئىدى. سەن ئاخىر ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىش قارارىغا كەلدىڭ.

— ۋەي، x x x سىزنىڭ تېلېفون نومۇرىڭىزمىدى؟

قارشى تەرەپ جىمىپ كەتتى، قارىغاندا ئۇ يېرىم كېچىدە تېلېفون بېرىپ بۇنداق سوئال سورىغۇچىدىن بىر ئاز غەيرىلىك ھېس قىلغان بولسا كېرەك.

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— بۇ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى. ئېنىقراق جاۋاب بەرسىڭىز، مەن بىرسىنى ئېنىقلىماقچى ئىدىم.

— ئاخىر سىزدىن تېلېفون كەلدى، بۇ ئوغلۇمنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىدى. ئۇ بۇ تېلېفوننى ساقلىغىلى توپتوغرا بىر يىل بولدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ؟

تېلېفوندا يەنە ئۇزۇن جىمجىتلىق، ئارقىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى، سەن ھەيران قالدىڭ.

— ۋەي، ۋەي سىزگە نېمە بولدى؟

— ھې. . . چ، ھې. . . چ نېمە.

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسىز؟

— ئۇ بىر يىل ئىلگىرى بىر قىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ يارىلانغان، كېيىن. . .

ئايال سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي يەنە يىغلاشقا باشلىدى.



— كېيىن نېمە بولدى؟

— ئۇ بىر يىلغىچە بىرسىنىڭ ئۆزىگە تېلېفون بېرىشىنى ساقلاپ، ئاخىر تۈنۈگۈن كېچە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا بىر پارچە خەتنى بىر ئادرېسقا سېلىۋېتىشنى ئېيتقانىدى.

تېلېفون ئۈزۈلدى.

تېلېفوننى قارشى تەرەپ ئۈزۈۋەتتىمۇ ياكى سەن ئۈزۈۋەتتىڭمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

سەھەردە پوچتىكەش ئىشىكنى چەكتى. بىراق، ئىشىكنى ئاچىدىغان ئادەم چىقمىدى.

# مۇھەببەت سوۋغىسى

سەھەر ئۆزىنىڭ يېقىملىق گۈل - چېچەكلىرى ۋە ئالتۇن رەڭ شولىلىرىنى ئېلىپ يېزىغا كىرىپ كەلدى. ھەسەل ھەرىلىرى ۋىژىلداپ گۈل - چېچەكلەر ئۈستىدە ناخشا ئېيتاتتى. كېپىنەكلەر شېرىن خىياللاردا يوپۇرماقلار بىلەن پىچىرلىشاتتى.

بىر قىز ئۆچكىلىرىنى ھەيدىگەن ھالدا مەھەللە بويلاپ يايلاققا ماڭدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى شادلىقتىن ئويناپ، گويا نۇر شارچىلىرى چاقناپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ئاسمانغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ قەلبى مەلۇم شادلىقتىن لەرزىگە كېلىپ گويا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ساز كۈيىدەك تىنىمسىز دولقۇنلايتتى.

قىز پادىلىرىنى ھەيدەپ يايلاققا كەلدى. ئۇ دالىدا ياۋا گۈللەرنىڭ ھىدلىرى، ئوت - چۆپلەرنىڭ يېشىل مەنزىرىسى، سۈپسۈزۈك سۇلارنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرى ۋە يىڭناغۇچلارنىڭ قانىتىدىن قايتقان نۇرلاردىن مەستخۇشلاندى.

قىز قىيا ئۈستىدىكى چوڭ قۇرام تاشقا چىقىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ دالىدىكى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان خانىشقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى پادىلىرىنى ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر قاپلىغان دالىغا قويۇۋېتەتتى - دە، قۇرام تاش ئۈستىگە چىقىپ تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسىگە تىكىلگىنىچە چوڭقۇر سۈكۈتكە پاتاتتى. سۇ، ياپيېشىل يوپۇرماق، زۇمرەت ئېقىن، مەيىن شاماللار بىلەن سىرداشاتتى.

تۇيۇقسىز قىزنىڭ سۈكۈتى بۇزۇلدى. يايلاق ۋە گۈزەل مەنزىرىلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن تەبىئەتكە كۆچتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ



يېنىغا يېزىدىكى ئەڭ كاتتا باينىڭ ئوغلى يېتىپ كەلگەنىدى.

— مەن سىزگە ئىلاھنىڭ بۈيۈك ھىممىتى — مۇھەببەتنىڭ ئۇتلۇق سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى يىگىت تارتىنىش ئىچىدە.

— ئىنئامىڭىزغا رەھمەت. مەن تېخى ئىلاھنىڭ بۇ خىل بېشارىتىنى سەزمىدىم، — دېدى قىز.

— ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۇزۇندىن بېرى كۆمۈلۈپ ياتقانىدى، كۆپ ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن بۈگۈن سىزگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى يىگىت.

— ئۇ پەقەت ئۆزىڭىزگە خاس تۇيغۇ. مېنىڭ قەلبىم تېخى سۆيگۈ بابىدا تىپتىنچ ئۇخلاپ ياتماقتا، — دېدى قىز.

— ئۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ئويغىنىدۇ ۋە ئويغۇنۇپلا مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىدۇ، — دېدى يىگىت.

— مەن مۇھەببەتنىڭ شېرىن تەبەسسۇمىنى تېخى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ ئۇيىلىمەن، — دېدى قىز.

— مېنىڭ قەلبىمدىكى مۇھەببەت سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ئۇخلاپ ياتقان بارلىق تۇيغۇلارنى ئويغىتىدۇ، — دېدى يىگىت.

قىزنىڭ كۆزلىرىدە ھاياجان ياشلىرى يالتىرىدى. ئۇنىڭ قەلبى تاڭ شەبنىمىدەك سۈزۈك ۋە جىمجىت ئىدى.

— بۇنىڭ بىرەر بېشارىتى بارمۇ؟

— بار، — دېدى يىگىت ۋە يانچۇقىدىن بىر جۈپ ئالماس كۆزلۈك بىلەزۈكنى چىقاردى، — مانا بۇ مېنىڭ قەلبىمنىڭ بىر پارچىسى، ئۇ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ كىچىككىنە ئىپادىسى، لېكىن ھەقىقىسىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

قىز ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئالماس

كۆزلۈك بىر جۈپ بىلەزۈك يالتىرايتتى. بۇ ھەرقانداق مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھەببەت سوۋغىسى ئىدى. ئۇنىڭ قىممىتىلا بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

— بۇنى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى يىگىت.

— مەن بۇنىڭدىن ئۇيىلىمەن، — دېدى قىز.

— بۇ ئىككىمىزنى باغلىغۇچى رىشتە، — دېدى يىگىت.

— كۆڭۈل باغلاقتا تۇرمايدۇ، ئۇ ئالتۇن زەنجىر بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا بوشۇنۇپ كېتىدۇ، — دېدى قىز.

— مەن سىزنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزۈمگە باغلايمەن، — دېدى يىگىت.

— مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەنمۇ؟

— ياق، بۇ پەقەت مېنىڭ كۆڭۈل قەسرىمدىكى سىزگە بولغان مۇھەببەتنىڭ بىر قىسمى.

— رەھمەت، سىز راستىنىلا بۇنى چىن يۈرىكىڭىزدىن چىقىرىپ ماڭا سوۋغا قىلدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش راستىنىلا ئۆز ئىختىيارىمدىكەن - دە.

— ئەلۋەتتە.

— ئۆكۈنمەمسىز؟

— ياق.

— ئەگەر مەن ئۇنى قانداقلا بىر تەرەپ قىلسام راستىنىلا ئىچ ئاغرىتمايسىز؟!

— شۇنداق. چۈنكى، مۇھەببەت ھەرقانداق بايلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

قىز خۇشاللىق بىلەن بىلەزۈكنى قولىغا سالدى، بىلەزۈك



ئۇنىڭ قولىغا تازىمۇ ماس كەلدى. ئۇنىڭ سۆلىتىگە تېخىمۇ سۆلەت قوشۇپ ھەقىقەتەن خانىشقا خاس سۈپەت قوشۇلدى. يىگىت قىزنىڭ بۇ شادلىقىدىن مەستخۇشلىنىپ قەلبى ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ ئۆز سۆيگۈسىنىڭ بۇنچە ئاسان ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. پۇل، بايلىقنىڭ مۇھەببەت ئالدىدىمۇ بۇنچىۋالا قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىمىغانىدى.

تۇساتتىن قىزنىڭ قولىدىكى بىر تال بىلەزۈك قولىدىن ئاجراپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. بىلەزۈكنىڭ تاشتىن - تاشقا سوقۇلغان ئاۋازى ئاجىز ئاڭلىنىپ ئاخىر جىمىپ قالدى. يىگىت ئاھ، دېگىنىچە ئۆزىنى تۆۋەنگە ئاتتى.

قىز ئاۋۋالقىدەكلا يىراق ئۇپۇققا، ياپيېشىل ئوت - چۆپلەرنىڭ يەڭگىل چايقىلىشى ۋە ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ناخشىلىرىغا قۇلاق سالغىنىچە سۈكۈتتە پاتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلدى. پۇت - قوللىرىنى تاش - جىرالار تىلىپ، كىيىم - كېچەكلىرى توپىغا مىلەنگەن يىگىت قىزنىڭ يېنىغا چىقتى.

— نېمىدېگەن زور پالاكەت، مەن ئۇنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم. ئەگەر سىز بىلەزۈك چۈشۈپ كەتكەن يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىڭىز مەن ئۇنى چوقۇم تېپىپ چىقىپ سىزگە تاقاپ قويغان بولاتتىم، — دېدى يىگىت.

— مەن ئۇنى قوبۇل قىلدىم. ئۇ نەدە تۇرسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— ياق، ئۇ بەك قىممەت بىلەزۈك ئىدى. قاراپ تۇرۇپلا زىيان تارتساق قانداق بولىدۇ. سىز ماڭا پەقەت ئاشۇ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىزلا مەن ئۇنى تېپىپ چىقىمەن.

— بوپتۇ ئەمسە، مۇشۇ يۆنىلىش شۇ، — قىز قولىدىكى يەنە بىر بىلەزۈكنىمۇ پەسكە قارىتىپ تاشلىدى، يىگىتنىڭ رەڭگى تۆمۈر رەڭگە ئۆزگەردى. پۇت - قولى گويا جانسىز ئادەمنىڭكىدەك تىترەيتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز. ئۇنىڭ ھەربىرى ئون نەچچە مىڭ يۈەنگە يارايتتى، سىزنىڭ كاللىڭىزدا مەسىلە بار ئىكەن، — دېدى يىگىت رەنجىگەن ھالدا.

— ئۇنى ئەستىن چىقىرىۋېتىڭ، — دېدى قىز.

— بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن، قاراپ تۇرۇپلا شۇنچە قىممەت نەرسىدىن مەھرۇم بولغان تۇرسام. ئۇنـــى قانداق ئېسىمدىن چىقىرىۋېتەلەيمەن، — دېدى يىگىت.

— سىز نېمىدىن مەھرۇم بولغانلىقىڭىزنى بىلمەي قالغان ئوخشايسىز. ئاۋۇ چوققىغا قاراڭ، ئۇ ئۈستىدىن بىـــر تال تاشنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ كەتكىنىگە پەسلەپ قالمايدۇ ھەم ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، سىزمۇ ئاھ ئۇرۇپ كەتمەڭ، ھېلىمۇ ياخشى ئىككىمىز چۈشۈپ كەتمىدۇققۇ! مانا بۇنىـــڭ ئۆزى غەنىيمەت. بىز خاتىرجەم ھالدا كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىشايلى.

— يـاق، مـەن ئـاشۇ بىلـەزۈكنى تـاپمىغۇچە بـولدى قىلمايمەن، — دېدى يىگىت. قىزنىڭ چېھرىدە ئېچىنىـــش ئىپادىسى پارلىدى.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، باشقىلارغا نەرسە تەقدىم قىلغاندا ئۇنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆڭلىڭىزدە ھېچقانداق غەرەز بولماستىن چىن دىلىڭىز بىـــلەن تەقدىم قىلىڭ. مەن سىزنىڭ بۇنچىۋالا قىممەت سوۋغىنىـــى تەقدىم قىلىشىڭىزدىن باشتىلا گۇمانلانغانىدىم. ئەگەر سىز چىـــن دىلىڭىزدىن مۇشۇ دالىدىكى بىر تال ئوت - چۆپ يۇپۇرمىقىنى



بەرگىنىڭىزدىمۇ مەن چەكسىز خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان بولاتتىم، — قىز شۇنداق دېگىنىـــچە تاغدىن پەسكە چۈشۈپ پادىلىرىنى ھەيدەپ مەھەللىگە كېتىپ قالدى.

نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان يىگىت روھسىز ھالدا تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى تاشلار تىلىپ قانغا بويىغان، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلغانىدى. قىيادىكى تاشنىڭ قىسىلچىقىدا بىر جۈپ بىلەزۈك ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇراتتى.

# ئاخىرقى بېكەت

مېنى ئەسىر قىلغان زادى نېمە؟

كۈنلەر ئۆزىراپ كەتتى. مەن ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ناھايىتى كونىراپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مېنىڭ ئۆمرۈمدىن ئالغان نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى بېزىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قەلبىم ناۋا بىلەن تولدى.

سۆزلىرىمنىڭ نېمىشقا ھەسرەتلىك چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. مېنى سېغىنىشلىق ئەسلىمىلەرگە تولدۇرغان يەنە سەنمۇ ئەركەم؟! ئازاب خۇددى مۇقەددەس ناخشىدەك قەلبىمگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك قوللىرى پۈتۈن ھاياتىمنى پۈتۈنلەي قۇچاقلىۋالدى.

ئاھ، مەن پۈتكۈل سۆيگۈ - مۇھەببىتىمنى ساڭا بەرگەنىدىم. ھەتتا ئۇنىڭغا قوشۇپ پۈتكۈل بەخت ۋە ھاياتىمنىمۇ بېرىۋەتكەنىدىم. ئەپسۇس، سەن شۇنىڭغىمۇ قانائەت ھېس قىلمىدىڭ. ئەجەبا سەن مېنى ھېچنېمىسى يوق ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويماقچىمۇ؟

ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىنى تاپتى. ئاخىرلىشىدىغان ناخشىلار ئاخىرلىشىپ، يېزىلىدىغانلار يېزىلىپ ئاخىرىدا يەنە بىر ئۇلۇش ھەسرەت ئېشىپ قالدى. پەقەت ۋە پەقەت مەنلا ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. مەندىن ئۆزگە ھېچكىم ئازابقا قاراپ بۇنچە مەردانە قەدەم تاشلىيالمايتتى. مەندىن ئۆزگە ھېچكىم كۆز ياشلىرى ئىچىدىن مۇنچە خۇشاللىق ئىزدىمەيتتى. مەندىن ئۆزگە ھېچكىم ئۆز ھەسرەتلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدىمەيتتى. ئاھ، گۈلۈم! مۇھەببىتىڭ ئاخىرى مېنى



ھالاك قىلىپ ئاندىن ھەقىقىي ئاشىقلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزمەكچىمىدۇ؟! ئەجەبا سەن مەندىن شۇنىلا تەلەپ قىلامسەن؟ سېنىڭ مۇھەببىتىڭ نەقەدەر خەتەرلىك يارالغان - ھە؟ شۇ كۈنى بىز نېمىشقا ئۇچرىشىپ قالدۇق؟ مەن قايتىلانماس خاتىرىلەر ۋە كونىرىماس ئازابلىرىمدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن شۇنچە يىللاردىن ئۆز يۇرتۇمغا قايتمىغانىدىمغۇ؟! سېنىڭ مۇھەببەت بېغىمدىكى مېۋىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزمەيلا تۆكۈۋەتكىنىڭنى كۆرۈشنى خالىمايتتىمغۇ! ئەجەبا سېنىڭ قەلبىڭدىكى سۆيگۈ گۈللىرى ئەبەدىلئەبەت ئاخىرقى ئۆلۈم ئىچىدە مېنى ئۆز قوينىغا تارتامدۇ؟

يەنە مېنى ئۆز چېھرىڭدىكى ئاشۇ كۆرۈنمەس سېزىملەرنى كۆرۈشكە چاقىرىدىڭمۇ ئەي گۈل.

ئۇ كۈنى كۈنگە نېمە بولغىيتتى؟

ئۇ كۈن ھەققىدە مېنىڭ خاتىرەمدە ئېنىق بىر نەرسە قالدۇرۇلمىغانىدى. مەن بەرىبىر ئۆمرۈمدە بۇنداق كۈننىڭ بولۇشىنى خالىمايتتىم. ئازابلىرىم ئاخىر يەنە ئاشۇ كۈندىن باشلاپ يېڭىلاندى.

زال ئىچىدە ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. بۇنچە كۆپ ئادەملەر زادى نېمە ئىش قىلماقچى؟ ئۇلار ئۆزىگە بىر ئاراملىق زېمىن ئىزدىمەكچىمۇ ياكى ئۆز ئاراملىقىنى تارتىۋالماقچى بولغان بۇ شەھەردىن كەتمەكچىمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىپادىلەر بىلەن تولغان چىرايىغا قاراپ ھېچنېمىنى بايقىيالمىدىم. مەن كۈتكەن ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىشىغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالماقچى بولدۇم.

ھەممە ئىش بىردەملىك ئولتۇرۇشتىن باشلاندى. مەن ئاشۇ ئورۇندۇق ۋە ۋاقىتنى خاتىرەمدە بىر ئۆمۈر لەنەتلەپ ئۆتتۈم.

يولۇچى كۈتۈش زالى ئىچىدە ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. بۇنچە كۆپ ئادەملەر زادى نېمە ئۈچۈن چېپىپ يۈرىدىغاندۇ؟ سەل

چەتتىكى بىر ئورۇندۇق بوش ئىدى. مەن ئەمدىلا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا سەن قارشى تەرەپتىن كىچىككىنە بىر بالىنى يېتىلەپ كېلىپ قالدىڭ. ئاھ، سەن شۇ چاغدا مېنى كۆرمەي قالغانسەنمۇ ياكى كۆرسەڭمۇ ئەتەي مۇشۇ يەرنى تاللىغانسەنمۇ؟ بىراق سەھرادىكى چىغىر يولدا مەن بىلەن بىرگە ماڭغان چاغلىرىڭ ئېسىمگە كەلدى. ئۇ چاغدا سەن جىمجىتلىق ئىچىدىكى تەنھا گۈل ئىدىڭ. ھالبۇكى ھازىر بولسا بىر بالىنى يېتىلىۋاپسەن. شۇ تاپتىكى ھالىتىڭنى كەچ كۈزدىكى ۋاقىتسىز تۆكۈلگەن كۈز يوپۇرماقلىرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى.

سەن بىرنەچچە سېكۇنتلا دېلىغۇللۇق ئىچىدە تۇردۇڭ. ئاندىن يوغان كۆزلىرىڭنى يەردىن ئېلىپ: «ياخشى تۇردۇڭمۇ» دېدىڭ.

مەن بۇ كۆزلەرنى نېمىشقا ئۇنتۇيالمايمەن ـ ھە؟! ئۇنىڭ ھەسرەت ـ مۇڭلىرى مۇشۇ نەچچە يىللىق ھاياتىمغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. مەن ساڭا جاۋاب بەرمەكچى بولغانىدىم. بىراق، نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى تېزلا ئۇنتۇپ قالدىم.

ئاستاغىنە ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟ بۇ يەردە ئولتۇر.

سەن ئولتۇرمىدىڭ. نېمىشقا ئولتۇرمايسەن؟ ئالدىمىزدا تۇرغىنى بىر پارچە بوش ئورۇن ئەمەس، ھەسرەتتىن پۈتكەن مۇزىكا ياكى قايغۇدىن تۈزۈلگەن شېئىر ئىدى.

قەلبىمدە سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ لەيلەپ يۈرەتتى. ئېسىمگە كەلگىنى ھازىرچە ئاشۇلا ئىدى.

مەن سېنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. بەلكىم سەنمۇ مېنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭ.

تەقدىر بىزنى ئوخشاشمىغان ھېسسىيات ۋە ئوخشاشمىغان مەنزىلدە ئۇچراشتۇرۇپ قويدى. ئەسلىدە بىز بۇرۇن بۇنىڭدىن



تولىمۇ قورققان ئىدۇق. ئاخىرىدا بىر نۇقتىدا قول ئېلىشىپ ئۆرۈپتىمىز. بىلدۇقكى، قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق ئىدى. ئەسلىمە، يەنە شۇ ئەسلىمە، ئىككىمىز يەنىلا شۇ ئىككىمىز ئىدۇق. بەلكىم قەلبىمىز ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىپ بولغاندۇ. لېكىن بىز بۇنى بىلمەي يەنىلا قەلبىمىزنى سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمىزگە بېغىشلاپ يۈرىۋاتىمىز.

شۇ تاپتا مېنى بەش يىل ئاۋۋال ئۇزىتىپ قويغان چاغدىكى ھالىتىڭ ئېسىمگە كەلدى. شۇ چاغدا سەن غەرق ياش ئىچىدە ئىدىڭ. شۇنىڭدىن بېرى سەن خاتىرەمدە غەرق ياش ئىچىدە يادلىنىپ كېلىۋاتاتتىڭ. قىسقىغىنا دەقىقە ئىچىدە ئەسلىمىلەرنىڭ دېرىزىسىنى ئاچتىم. ئۇ يەردە چىغىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. يول بويىدا ئېچىلغان يالپۇز گۈللىرى ناھايىتى چىرايلىق، خۇشبۇي ھىد تارقىتىپ تۇراتتى. بۇ يول مەندە ئاجايىپ يېقىملىق تەسىرات ۋە شېرىن تەسەۋۋۇرلارنى قوزغايتتى. شۇ كۈنى قانداق كۈن بولغىيتتى، دۈشەنبە ياكى سەيشەنبە بولغىيمىدى. ئۇ كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئەسلەپمۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم.

مەن ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتىم. بىردىنلا كۆز ياشلىرىڭ قەلبىمنى باغلىۋالدى. سەندە مېنى ئۇزىتىشقا يېتىدىغان كۆز يېشىدىن باشقا نەرسە يوقمىدى. كۆزۈڭدىكى چەكسىز ھەسرەتلەرگە قاراپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتىم. مەن سېنى بۇنداق ھالەتتە قانداقمۇ قويۇپ كېتەلەيمەن. بىراق، رېئاللىق رەھىمسىز قوللىرى بىلەن مېنى سېنىڭ باغرىڭدىن يىراقلارغا تارتماقتا ئىدى. ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى لىقلا ياش، مەن پەقەت ئارزۇ ـ ئۈمىد ۋە ياخشى تىلەكلىرىمنى قالدۇرالايدىغانلىقىمنىلا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھېس قىلدىم. ئاھ، مېنىڭ قولۇمدىن مۇشۇلا كەلدى، ئەركەم.

— ياش تۆكمىگىن، مەن كەلمەسكە كېتىۋاتقىنىم يوققۇ.

ئۆزۈم شۇنداق دېگەن بىلەن كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشلارنى تۇتۇپ قالالمىدىم. ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەن. بىراق، قەلبىمدىكى ھەسرەت پۈتكۈل ئالەمنى تەۋرىتىۋەتكەندى. سەن كۈلدۈڭ، ئىچ - ئىچىڭدىن ئەمەس، زورۇقۇپ كۈلدۈڭ. ياش ۋە كۈلكە قەلبىڭدە تەڭلا پارلايتتى.

— مەن خۇشال بولۇۋاتىمەن. كۆزۈمدىن ئاققىنى خۇشاللىق يېشى.

سەن ياشلىرىڭنى سۈرتتۈڭ. ھايال ئۆتمەي يەنە ئورنىغا يېڭى ياشلار پەيدا بولدى.

— كۆزلىرىڭنىڭ ياش يۇقى تۇرۇشنى خالىمايمەن، مۇھەببىتىمىز كۆز يېشى ئىچىدە ئەمەس، بەلكى تەبەسسۇم ئىچىدە يالتىرىشى كېرەك. ئۇقتۇڭمۇ؟ — سەن كۆزلىرىمگە قارىدىڭ. بۇ كۆزلەردىكى مۇڭ - ھەسرەتنى مەن بىر ئۆمۈر يېزىپ تۈگىتەلمەيمەن. مەن ئۇ كۆزلەرگە قەلبىمدىكى سانسىز خاتىرىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم.

— ئېسىڭدە بولسۇن، مەن مۇھەببەت گۈلۈمنى مەڭگۈ كۆز يېشىم بىلەن سۇغىرىمەن، ئۇنىڭ تەبەسسۇمىنىلا ساڭا سوۋغا قىلىمەن.

سۆزلىرىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقى مېنى مەڭدىتىپ قويدى، بىر ئۆمۈر مۇھەببەت ئۈچۈن ئەقىدە قىلىپ كۈتىدىغىنىم مۇشۇ سۆز ئىدى.

— رەھمەت، مۇھەببەتلىك قوللىرىم سېنى بىر ئۆمۈر قۇچاقلاپ ئۆتىدۇ، بىز مەيلى قەيەردە بولمايلى مۇھەببىتىمىز ۋە قەلبىمىز مەڭگۈ بىرگە بولىدۇ، سېنى بىر ئۆمۈر سېغىنىپ ئۆتىمەن.

سەن ئاستا باغرىمغا تاشلاندىڭ، نازۇك گەۋدەڭ يېنىك تىترەيتتى. مەنمۇ ئۆز ۋۇجۇدۇمنىڭ تەڭلا تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ تىترەش قەلبىمدىن روھىمغا كېڭەيمەكتە



ئىدى. شۇ چاغدا سېنى نېمىشقا قۇچاقلىغان بولغىيتىم. مەن تا ھازىرغىچە شۇ قۇچاقلاشنى ئۇنتالمايۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ھارارىتى ھازىرغا قەدەر مېنىڭ قەلبىمدە ساقلىنىپ ياتاتتى. بۇ مېنىڭ سېنى تۇنجى ھەم ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىم ئىدى. ئۇنىڭغا سەممىي ھېسسىيات ۋە ئەڭ سەممىي مۇھەببەت يوشۇرۇنغانىدى.

بىز تارتىنىش ۋە قىيالماسلىق كۆز يېشى ۋە شېرىن تىلەكلەر ئىچىدە خوشلاشتۇق، سېنىڭ ئاداققى رەت پۇلاڭلىغان قوللىرىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مەڭگۈلۈك قول ئۈزۈتىش بولۇپ قالدى. گۈلۈم، بۇنى ھەر ئىككىلىمىز ئويلىمىغانىدۇق، ئەگەر بىلگەن بولساق قۇچاقلاشمىغان، بىر - بىرىمىزگە ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرمىگەن بولارمىدۇق؟

مەن كەتتىم، سەن قالدىڭ. بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتى مېنى سەندىن ناھايىتى يىراق بىر دۇنياغا ئېلىپ كەتتى، شۇ چاغدا مېنى ئۈزۈتىپ قالغان غېرىب ھالىتىڭ مەڭگۈلۈك ئەسلىمە ئىدى. سەن بىر پارچە تۈن دەرىخىدەك دۇنيانىڭ مەلۇم يېرىدە غېرىب سۈكۈت ئىچىدە ئېنىقسىز ئۈمىدنى ساقلاپ قالغان ئىدىڭ. مەن نەچچە ئارقامغا قايرىلىپمۇ سېنىڭ ئۇ يەردە قېتىپ تۇرغانلىقىڭنى كۆردۈم.

چىغىر يول جىمجىتلىق ئىچىگە غەرق بولغانىدى، يول چېتىدە ھۇپپىدە ئېچىلغان يالپۇز گۈللىرى نېمىشقىدۇر ماڭا تونۇش ھېسسىياتتا تىكىلىپ تۇراتتى. گۈلۈم، مەن بۇنى نېمىشقىمۇ شۇ چاغدا ھېس قىلمىغان بولغىيدىم. مەن ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى قايغۇ ۋە مۇڭنىڭ قەلبىمنى قاپلىغىنىنى كېيىنچە چۈشەندىم. ئۇلارنىڭ قاچان باشلانغانلىقىمۇ ماڭا نامەلۇم ئىدى. ماڭا قالغىنى ئاشۇ غېرىب چىغىر يول ۋە چىغىر يولغا مۇناسىۋەتلىك سەن ئىدىڭ. مانا ھازىر سەن كۆز ئالدىمدا مەن ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ھالەتتە پەيدا بولغانىدىڭ.

كىچىككىنە، بۇدرۇق قىزنىڭ ئۆز ئۆيۈنى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— نېمىشقا جىمىپ كېتىسەن؟ ئۆتكەن ئىشلار ئېسىڭدىن كەچتىمۇ دەيمەن؟

سەن كۆڭلۈمدىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقىۋالغان ئىدىڭ. نېمىشقىدۇر سۆزلىرىڭنىڭ ناھايىتى بوش ئىكەنلىكىنى، بۇرۇنقىدەك يېقىملىق ناۋا پەيدا قىلالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ قەلبىمدە ناھايىتى تىمتاس سۈكۈت ھاسىل قىلغانىدى. جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

— ئۇ كۈنلەرنى ھېلىمۇ ئەسلەيمەن.

مەن كۆزلىرىڭگە قارىدىم. ئىستىككلا باشقا ياققا قارىۋالدىڭ. مەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلىمەي ئۆتكەن بىرمۇ كۈنۈمنى ساناپ بېرەلمەيتتىم. بىراق سەن بۇنى چۈشەنمەيدىغاندەك ھېسسىياتتا سوراۋاتاتتىڭ.

— شۇنداق، ئۇ مېنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلىرىمنىڭ بىرى.

سەن خۇرسەندىڭ.

— مەن بۇنى يازغان شېئىر، نەسىرلىرىڭدىن بىلىپ تۇردۇم.

ئاھ، سەن ئاخىر مېنىڭ ھەسرەتلىرىمنىڭ شېئىرغا ئايلانغانلىقىنى چۈشىنىپسەن. ئۇنىڭ مېنىڭ ئۇنسىز ئاۋازىمغا ئايلىنىپ سېنى يىراقتىن تا ھازىرغىچە چاقىرغانلىقىنى بىلىپسەن - دە.

— شېئىر يېزىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بىرى.

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق شېئىرلارنى يازما.

— نېمىشقا؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي، يازما دېگەندىكىن يازما. مېنىڭ قانچە قېتىملاپ شېئىرلىرىڭنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتكىنىمنى بىلەمسەن؟



پەيتىدا ئېلان قىلغان تولپىمىڭنى ئوقۇپ يۈرەك باغرىم پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئىككىمىز قۇشقا ئوخشاش تەقدىرنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي ئىككى جايدا نالە قىلماقتىمىز. يىراق سەن ئەركىن قۇش. مەن قەپەستىكى قۇش. سەن شۇنچە يىراقتا تۇرۇپمۇ ئۇنسىز ئاۋازىڭ بىلەن مېنى ئازابلاپ كەلدىڭ. مەن بۇ خىل ئازابنى قاچانغىچە تاتارمەن.

بىردىنلا كۆز ياشلىرىڭ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمىدىم. مەن بىلىشنى ئارزۇ قىلغان قەلب سۆزلىرىڭ يەنە مېنىڭ قەلبىمگە ئازاب سالىدىغان سۆزلەر بولۇپ چىقتى. ئەگەر سەن ۋاپاسىز بولغان بولساڭ ئىدىڭ گۈلۈم، بۇنچىلىك ئازابلىنىپ كەتمەسىدىم.

— بىز بۇ ئازابتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەلبىمىزدىكى مۇھەببىتىمىزنى ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىلىمىز ناھايىتى كۆپ بەدەل بۆلىشىمىز ۋە ناھايىتى كۆپ جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشىمىز كېرەك.

— كۆڭۈلسىز سۆزلەرنى قىلىشمايلى. ئۆزۈڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەمسەن؟

قەلبىم نېمىشقىدۇر مۇرەككەپ ھېسسىياتقا لىق تولۇپ قالدى. مېنى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سېغىندۇرغان ئادىمىم ھازىر تولۇپ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەمكىنلىشىپ قالغانىدى. بالىلىقتىكى خاتىرىلەر تولىمۇ ساپ، سەممىي بولىدۇ. بىز كۆرۈشمىگىلى ھازىر توپتوغرا بەش يىل بولغانىدى. ھازىر سېنى بەش يىل ئاۋۋالقىغا سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— سۆزلىگۈدەك نېمە ئىش بولسۇن، بەش يىل جەرياندا ئۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. نۇرغۇن قىيىن كۈنلەر ۋە خۇشاللىقلار بولۇپ ئۆتتى. لېكىن ھەر

دەقىقدە، ھەر مىنۇت سىنى ئەسلەپ ئۆتتۇم. سەنچۇ، كۇنلىرىڭ قانداقراق؟

سەن خورسىنىپ قويدۇڭ. بۇ خورسىنىش ھاياتىڭدىكى بارلىق سەرگۇزەشتىلەرنى سۆزلەپ بەرگەندەك بولدى.

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس كېتىپ بارىمەن.

سەن ئىمكانقەدەر قەلبىڭدىكى ھەسرەتلىرىڭنى ئاشكارلىۋېتىشتىن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىۋاتاتتىڭ. «ھەر ھالدا» دېگەنلىكىڭنىڭ ئۆزى بار - يوقنىڭ ئورنىدا ياكى ياخشى ئەمەس دېگەنلىك ئىدى. مەن ساڭا شۇ چاغدا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. بىراق قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ساڭا بەرگەن تەسەللىلىرىممۇ ئاخىرىدا ساڭا روھىي بېسىم ۋە ئازاب ئېلىپ كېلەتتى.

— بۇ سېنىڭ قىزىڭمۇ؟

— شۇنداق.

مەن ئۆزۈم سورىماسلىقتا تېگىشلىك سوئالنى سورىغان ۋە ئاڭلىماسلىقتا تېگىشلىك بولغان ئازابلىق جاۋابنى ئاڭلىغانىدىم.

— ياز ئۆتسىلا تۆتكە كىرىدۇ. تاغا ياخشىمۇ سىز، دېگىنە قىزىم.

— تاغا، ياخشىمۇ سىز؟

قىزىڭنىڭ يۇمران لەۋلىرى مىدىرلىدى. بىراق، مېنىڭ قەلبىمدىكى ئازاب دېڭىزى ۋۇجۇدۇمنى ۋەيران قىلىۋەتتى. سەن مەن بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتامسەن ياكى بۇ بىر غەرەزسىز ھەرىكەتمۇ بىلمىدىم. مەن ئۇنىڭ مېنى: «دادا» دەپ چاقىرىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن - ھە! ئەسلىدە رېئاللىقمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى دەپ چاقىرماقتا ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ۋەزنى مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر ئىدى. قەلبىمدىكى ھەسرەت دېڭىزى ھەرقانچە چوڭقۇر بولسىمۇ بىراق قەلبىم بۇ سۆزنى ھەرگىز سىغدۇرالمايتتى.



— بەكلا ئوماقكەن.

مەن مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدىم. شۇنداقلا ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان، لېكىن تەۋە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىنى تۇتۇپ باقتىم. ئۇ ماڭا يېتىرقىغاندەك قاراپ قويدى. بۇ كۆزلەر سېنىڭ كۆزلىرىڭگە ئوخشاش چوڭ ئىدى. يەنە كېلىپ شېئىرنىڭ ئالتۇن رەڭ مىسرالىرىدەك ساپ ئىدى. بارماقلىرىم ئارىسىدا بىر ئالتۇن قۇش ئويىنىماقتا ئىدى، ئۇ نۇر ئىچىدىكى مەڭگۇ سۆزلىسە تۈگىمەيدىغان ئەپسانە ۋە رىۋايەت ئىدى.

— بۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىڭ؟

بىزگە ئەمدى سۆزلىشىدىغان گەپ قالمىغان ئىدى، ئىلگىرى قانچە مۇڭداشساق سۆزلىرىمىز تۈگىمەيتتى. لېكىن ئەمدى نېمىشقا ئۇنداق بولمايدۇ؟ ئىككىمىزنى ئىككى چۈمپەردە ياكى ئىككى ئېقىن ئايرىپ تۇراتتى، بۇ پەردىلەرنى قايرىۋەتكىلى، بۇ ئېقىنلارنى كېچىپ ئۆتكىلى بولمايتتى.

— شۇنداق، ئوقۇشۇم ئاخىرلىشىپ پراكتىكىغا چۈشكەن، بۈگۈن پراكتىكىنى تۈگىتىپ قايتايمىكىن دەپ چىقىشىم.

— يۇرتقىما؟

— ياق.

يىراق بىر جايدىكى بىر دەرەخ ئۆز باغرىدا ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۆسكەن بىر قۇشقاچنى كۈتمەكتە ئىدى، بىراق ئەمدى ئۇ ئۇ يەردىكى ئۇۋىسىدا ئۆز ھاياتىنى خاراب قىلىۋەتكەن بىر چۈشنى قايتا كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئەمما دەرەخ بۇنى چۈشەنمەيتتى، بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟

— يۇرت ساڭا موھتاج.

— بىراق ئۇ مەن موھتاج بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاراب قىلىۋەتتى. مېنى ئەمدى ئۇ يەردە

كۇتۇۋالىدىغىنى كونا ئەسلىمە ۋە بىر ئۇلۇش ھەسرەت.

— ھەسرەتلەرنى ئۇنۇتقىن. ئادەمنىڭ ھاياتىدا تارتقان ھەسرەتلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ئۇ ھېچنېمىنى مەنستمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. سەن تارتقان كۇلپەت ۋە ھەسرەتلىرىڭنى مەنستمەيلا ئۆتكۈزۈۋەتكىن. بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى.

ساڭا قارىدىم. بۇ قارىشىمغا بىر خىل غەزەپ ياكى ئاچچىق ئارىلىشىپ كەتكەندۇ. چۈنكى مەن سەندىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم.

— كەچۈرگىن. مەن ساڭا ئوخشىمايمەن. ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى مەڭگۈ ئۇلۇغلايمەن. بىراق ئۇنتۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى مەڭگۈ يۈز بەرمىگەندەك ئۇنتۇپ كېتىمەن.

كۆزلىرىڭدە بىر خىل ئازاب تۇمانلىرى لەيلىدى. ئۇ خۇددى جىمجىت شامال تۇندىكى يوپۇرماقلارنى تىترىتىپ ئۆتكەندەك ۋۇجۇدۇڭنى، قەلبىڭنى تىترىتىپ ئۆتۈپ ئاندىن كۆزلىرىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا غايىب بولدى.

— مېنى خاتا چۈشەنمە. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش. ماڭا بەلكىم نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈش پۇرستى بولماس. ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق دېگەنىدىم. چۈشىنىدىغان ئادەمگە بىر ئېغىز سۆزلىمىسەڭمۇ چۈشىنىدۇ. بىراق، چۈشەنمەيدىغان ئادەمگە تۈمەن مىڭ يىل سۆزلىسەڭمۇ چۈشەنمەيدۇ.

— قارىغاندا ئالىي مەكتەپتە بىكار ئوقۇماپسەن. سۆزلىرىڭ شۇنداق ئۆتكۈر. ساڭا بەك ھەۋىسىم كېلىدۇ.

— ماختىغىنىڭغا رەھمەت.

— ئۆزۈڭگە ماس كەلگۈدەك بىرەرسىنى تاپقانسەن؟

سەن شۇنداق دېدىڭيۇ ئىتتىك يەرگە قارىدىڭ. يەنە كېلىپ



بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى پەس ئېيتقان بولغاچقا پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئاڭلاشقا توغرا كەلدى.

— شۇنداق.

— مەندىن ھېلىمۇ نەپرەتلىنەمسەن؟

— ياقەي.

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. يۈرگىنىڭنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ساڭا بىر تۇرۇپ ئۆچلىكىم كېلىۋاتىدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇ قىزغا ھەسەت قىلىۋاتىمەن.

— ئادەم مۇھەببەت ئازابىغا ئۇچرىغاندا ھەسرىتىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن يەنە بىر مۇھەببەتتىن تەسەللى ئىزدەپ باقىدىكەن. بەلكىم بۇ ھەممىمىزدىكى ئورتاق خاسلىق بولسا كېرەك.

— قارىغاندا سەن يەنىلا بەختلىك ئەمەس ئوخشىمامسەن؟

— ئەكسىچە، مېنىڭ تۇرمۇشۇم ھازىر ئەڭ رەڭدار مەنزىرىلەر بىلەن تولدى.

— ئۇ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

— يۈرگىنىڭگە قانچە يىل بولدى؟

— تۆت يىلچە بولدىغۇ دەيمەن.

— ئىككىڭلار ئايرىلماي تۇرۇپلا؟

— ياق، ئايرىلغاندىن كېيىن.

— سىلەر ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق. بىرىنى بۇياقتىن يولغا سېلىپ يەنە بىرىنى بۇ ياقتىن توغرىلاپ بولىسىلەر.

— مەن باشتا ئېيتتىمغۇ، ئادەم مۇھەببەتتىن ئازار يېگەن قەلبىگە يەنە مۇھەببەتتىن تەسەللى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدىكەن دەپ.

— توي قىلىشقا پۈتۈشتۈڭلارمۇ؟

— شۇنداق.

سەن مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ غەمكىن كۈلۈمسىرىدىڭ. ئۇنى كۈلۈمسىرىدى دېگەندىن كۆرە ناھايىتى ئازابلىق تىترىدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. بۇ خىل ھالەت ئۆزى ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان، ئەمما كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەملەردىلا كۆرۈلەتتى.

— بەختلىك بولۇشۇڭنى تىلەيمەن. سەن بىلەن توي قىلغان ئادەم جەزمەن بەختلىك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن.

— رەھمەت، ئاشۇرىۋەتتىڭ.

— ئاشۇرغانلىق ئەمەس. سەن ئۆزۈڭنى تولىمۇ قەدىرلەيسەن. ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلگەن ئادەم باشقىلارنى قەدىرلەشنىمۇ بىلىدۇ.

ھەر ئىككىلىمىز جىمىپ كەتتۇق. دېيىشىدىغان گەپلىرىمىز تۈگىگەنىدى. ئىككىمىزنىڭ ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار بىر - بىرىمىزنىڭ قەلبىگە نۇر چېچىپ تۇراتتى. بىراق بۇ نۇرنى ھېچقايسىمىز كۆرەلمەيتتۇق.

بەلكىم تېخىچە ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇ قېتىمقى تاسادىپىي پۇرسەت ئىككىمىزنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگەن بولسا يەنە بىر تۈرۈپ پايانسىز ھەسرەت قوينىغا غەرق قىلاتتى.

زال ئىچىدىكى رادىئو كانىيىدىن ئاپتوبۇسلارنىڭ قوزغىلىدىغان ۋاقتى بولغانلىقى مەلۇم قىلىندى. ھەر ئىككىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

— سەنمۇ ھازىر ماڭامسەن؟

— شۇنداق.

— سەنچۇ؟

— مەنمۇ شۇ.

سەن ماڭا قولۇڭنى سۇندۇڭ.



— يۇرتقا بارغاندا يۇرگەن قىزنىڭنى بىرگە ئېلىپ بار. ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قوي. بەك كۆرگۈم بار.

— سەن يۇرتقا قايتامسەن؟

— شۇنداق، يولدىشىم بىلەن تونۇشقان ئاجرىشىپ كەتتىم. مانا ئەمدى سېپى ئۆزىدىن بەختسىز ئايالغا ئايلاندىم.

— ئۇنداق دېمە.

— سەن چۈشەنمەيسەن. بەختسىز نىكاھ بىر روھى كىشەنگە ئوخشايدۇ. ھە راست، ئۆيدىكىلەرگە دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— بوپتۇ ئەمىسە. مەن ماڭاي، يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

سەن شۇنداق دەپلا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈردۈڭ. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— سالامەتلىكىڭنى ئاسرا، تويۇڭغا جەزمەن چاقىر، — سەن ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن بېشىڭنى چىقىرىپ ۋارقىرىدىڭ. كىشىلەر ئىككىمىزگە قارىشاتتى. مەن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتىم.

مەن كىم بىلەن توي قىلىمەن؟ سۆيگەن قىزىم كىم؟ تۆت يىل ئىلگىرىلا يۇرتقا بارغاندا سېنىڭ تويۇڭغا ئۇلگۈرۈپ بارغانىدىم. شۇنىڭدىن بېرى ھېچكىم بىلەن يۈرمەسلىككە ۋە توي قىلماسلىققا قەسەم قىلدىم. تا ھازىرغىچە يۈرگەن قىزىممۇ يوق ئىدى.

سەن چىققان ئاپتوبۇس ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسنى توستۇم. چۈنكى، ئاپتوبۇس ئۈستىدە مېنىڭ بېسىپ قويغان يۈك - تاقلىرىم بار ئىدى.

# يامغۇر ياغقان كۈندىكى ھېكايە

بۇ كۈن ھامان يېتىپ كېلىدۇ. سەن سۆزلەشكە تېگىشلىك سۆزلەرنى سۆزلەيسەن، كۆز يامغۇرى ئۆزىنىڭ جىمجىت مەنزىرىسىنى قەلبىمىزگە تاشلايدۇ. شەيئىلەر ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىنى كەينىگە ياندۇرۇپ مېنىڭ قەلبىمدە يېڭى بىر ئازابنى قالدۇرىدۇ، مەن ئەڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيەت ئىچىدە سېنىڭ قەلبىڭدىن سۆيگۈ مۇھەببىتىمنى ئېلىپ قايتىشقا مەجبۇرمەن.

«يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى ياقتۇرىمەن. بۇ مېنىڭ روھىمدىكى كىرىزىس تۇيغۇسىدىن ياكى ئازاب تامچىلىرىنىڭ ئۈنسىز تامچىلىشىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. نېمە بولمىسۇن، مەن ئۆمۈرۋايەت ئۆز كۆيۈمنى ئىزدەيمەن.»

ئۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى، ئۇ كۈنى دەل ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بۇرۇلۇش بولغان كۈن. بۇنداق بولۇشىنى سەنمۇ، مەنمۇ ئالدىنئالا ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن. بۇ بىر قېتىملىق تاسادىپىيلىق ھەر ئىككىلىمىزگە ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز سەرگۈزەشتىلەرنى ھەدىيە قىلدى. ئۇ كۈنى مەن نېمە قىلماقچى بولغىيتتىم. توغرا، شەھەردىكى بىردىنبىر ئەڭ بازارلىق گۈل دۇكىنىدىن گۈل سېتىۋېلىپ قەبرىستانلىققا بارماقچى ئىدىم. ئۇ پۈتۈنلەي ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن گۈل ساتىدىغان دۇكان. ئەمما، مەن ئۇنىڭدىن بىر مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتالغان گۈلدەستىنى سېتىۋالماقچى ئىدىم، بۇ پۈتۈن ھايات ئادەملەر ئۈچۈن تىزىلغان گۈللەر، ئەمما ئۇ بىر مەرھۇمنىڭ روھى ئۈچۈن ئاتالدى.



بۇ يىل يازدە يامغۇر ناھايىتى كۆپ ياغدى، ئۇنى ئۆتكەن يىلدىكىگە سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ يامغۇر ھامان بۇ يەردە تىمتاس بىر قايغۇنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى ئەسلىتەتتى. يامغۇر سىم - سىم تۆكۈلمەكتە، ئەتراپتا بىر خىل نەمخۇش تۇمان لەيلەپ يۈرمەكتە. نېمىشقىدۇر بىردىنلا شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىقنى ئېسىمگە ئالدىم. ئۇنىڭ يامغۇر بىلەن چېتىشلىق ھېچقانداق يېرى يوق. ھەتتا ئۇ يامغۇر بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، ئەمما ئۇ يەردە مېھرىبان ئانام ئارامبەخش نۇرلار ئىچىدە جىمجىت ياتماقتا.

ھاياتلىق دۇنياسى خىلمۇخىل شاۋقۇن سۈرەنلەرگە تولغان. لېكىن، ماماتلىق بولسا قەبرە ئىچىدىكى سۈكۈتكە غەرق بولغان. قەبرە جىمجىت ئارام مۇھىتى بىلەن بېزەلگەن، ئۇنىڭدىكى سۈرلۈك مۇھىت ماماتلىق دۇنياسىغا تەۋە. قەبرىستانلىق ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل. ھەممىمىزنىڭ ئۇيەرگە قەدەم ئىزىمىز چۈشىدۇ. ھەممىمىزنىڭ قەدەم ئىزى شۇ يەرگە بارغاندا ئۆچىدۇ. ئۇ ياپيېشىل ئارچا دەرەخلىرى بىلەن بېزەلگەن يانباغىر. بۇ يەردىكى مەنزىرىگە قاراپ ھېچكىمنىڭ ئۆلۈم دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغۇسى كەلمەيدۇ. سىم - سىم يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردە ھېچقانداق ئۆلۈم مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەستەك گۈزەل مەنزىرە قۇچاق ئاچىدۇ، پارلاق قۇياش گۈل - چېچەكلەرنىڭ مەڭزىگە يارقىن تەبەسسۇم ئاتا قىلىدۇ، يەنە ئاشۇ يېشىل يانباغىر ئۈستىدىكى سانسىز قەبرىلەر ئۈستىگە قونۇپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكىدۇ.

رەستىلەردە كېزىپ يۈرمەكتىمەن. مەن ئادەملەرنىڭ خىلمۇخىل ھېسسىياتقا تولغان چىرايىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئويلىرى نېمىشقا ھەر خىل بولىدۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. مەن ئاشۇ گۈل دۇكىنىدىن بىر نەچچە تال گۈل سېتىۋېلىپ قەبرىستانلىققا

بارماقچى ئىدىم. لېكىن، ئۇنداق قىلمىدىم. بەلكىم بۇنى مەغلۇبىيەت دەپ كەتكىلى بولماس، ئەمما ئۇ مەغلۇبىيەتتىن ئۆتە پاجىئە ئىدى. بەلكىم پاجىئەمۇ ئەمەستۇ، ئىشقىلىپ ماڭا نىسبەتەن بىر قېتىملىق كۆڭۈل يېرىمچىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، دەل ئاشۇ دەقىقىدە سەن ئۇ يەردىن گۈل كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتىڭ. مەن تۇنجى قېتىم سېنىڭ گۈل سېتىۋالغانلىقىڭنى كۆرگەندىن باشلاپلا سەن قەلبىمگە نۇرغۇن سوئال تاشلىۋەتكەنىدىڭ. سەن ئۇ گۈلنى كىمگە ئاتاپ سېتىۋالغان؟! جەزمەنكى ماڭا ئەمەس، چۈنكى سەن ماڭا ئەزەلدىن گۈل سوۋغا قىلمايتتىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن بىزنىڭ ئۇچرىشىش ۋەدىمىز يوق. بۇ بىر گۇمانلىق نۇقتا، سەن ئەركىن قەدەملىرىڭ بىلەن مېنىڭ ئۆيۈم تەرەپكە ئەمەس، بەلكى باشقا تەرەپكە قاراپ ماڭدىڭ، ئىختىيارسىز ئارقاڭدىن ئەگەشتىم، نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۇقمايمەن، بەلكىم بۇ قىلىقىم خاتادۇر. ئەمما، ئاشۇ گۈلنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلىش ئىستىكى مېنى بىردەممۇ تىنچ قويمىدى. قىزىل چىراغ ياندى. ئورنۇمدا توختاشقا مەجبۇر بولدۇم. سېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىڭنى خالىمايتتىم. شۇڭا، ساڭا يېقىنلاپ بارماي يىراقتىن كۆزىتىپ تۇردۇم. يامغۇر تېخىچە سىم - سىم تۆكۈلۈپ تۇراتتى، مەن بۇ يامغۇر نېمىشقا قاتتىق يېغىپ كەتمەيدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. بەلكىم خىياللىرىم رېئاللىققا ئايلىنىپمۇ قالار. بېشىمنى بۇراپ ساڭا سىنچىلاپ قارىدىم. سەن يەنىلا شۇ جايدا، شۇ ئىزىڭدا تۇراتتىڭ. چىرايىڭدىن تىت - تىتلىق چىقىپ تۇراتتى. يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولدى. سەن ماڭا بىر ئالدامچىدەك تۇيغۇ بەرمىدىڭ. ماڭا مۇھەببەت ھەققىدە بەرگەن ۋەدىلىرىڭ يالغان چىقىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. قارشى تەرەپتىن كەلگەن بىر ماشىنا يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن يامغۇر سۈيىنى چاچراتقىنىچە ئۆتۈپ



كەتتى. ئۆزۈڭدىن بۇيان جىمجىت تۇرغان بۇ كاللام بۈگۈن تۇيۇقسىز خىيال سۈرگۈسى كېلىپ قالغاندەك نۇرغۇن خىياللارنى ئويلاپ چىقتى. مەنمۇ نېمىشقا گۈل سېتىۋېلىش ئۈچۈن باشقا كۈننى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ يامغۇر ياغقان كۈننى تاللىۋالغانلىقىمنى ئويلاپ كەتتىم. سەن ئاۋۋالقىدەك ئورنۇڭدىن مىدىرلىمايسەن. جەزمەن مەنمۇ تۇرغان ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم، قىزىل چىراغ يانغۇچە ياكى سەن ئورنۇڭدىن قوزغالغۇچە مەن سېنى مۇشۇ ئورنۇمدا سەۋرى قىلىپ ساقلىشىم كېرەك ئىدى. شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىۋېلىش ئىمكانىيىتى بېرەتتى.

بۇ يەكشەنبىدىكى سىم - سىم يامغۇر ياكى سىم - سىم يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى بىر قىزنى پايلاش ماڭا ئانچە مۇھىم ئەمەس، لېكىن دەل ئاشۇ سىم - سىم يامغۇرلۇق يەكشەنبىدە مېنىڭ مۇھەببىتىمگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىز داۋاملىق قولىدا گۈل كۆتۈرگەن ھالەتتە ماڭا ئۇچراۋەرمەيتتى. پەقەت ئۆمرۈمدىكى مۇشۇ پەيتتىلا سېنى بىر قېتىم ساقلاش ئىمكانىيىتىم بار ئىدى.

بۇ يەكشەنبىنى مەن نەس باسقان يەكشەنبە دەپ ئاتىدىم، قەلبىمدىكى يامان خىياللاردىن قاچقۇم كەلگەندەك ئەتەي بىر - بىرىدىن مۇدھىش نەرسىلەرنى خىيال قىلىشقا باشلىدىم، ھەرقانچە ئويلاپمۇ سېنىڭ گۈل سېتىۋېلىشىڭنى توغرا تاپمىدىم. مۇھەببەت باسقۇچىدا ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىپ قالغان بىر قىزنىڭ ئاشىقىدىن يوشۇرۇن ھالدا گۈل سېتىۋېلىشى ئەلۋەتتە يامان تەسەۋۋۇرلارنى قوزغايتتى. قارىغاندا مەن ئىچكى ھۇجەيرىلەرگىچە تونۇش بولۇپ كەتكەن بىر قىزنى تېخىچە تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن ئوخشايمەن.

سىم - سىم يامغۇر ياغماقتا. قولۇڭدا كۆتۈرۈۋالغىنىڭ قانداق گۈل؟ ئۇ ئادەتتىكى گۈللەرگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى، ئۇ

توق قىزىل ۋە سېرىق ئېچىلغان سېرىنگۈللەر ئىدى. سەن ئادەتتە سېرىق گۈلنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى كۆپ تىلغا ئالاتتىڭ. ئۇنىڭ قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكە سىمۋول ئىكەنلىكىنى سۆزلەيتتىڭ، بۈگۈن دەل ئاشۇ گۈل سېنىڭ قولۇڭدىن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ يەردە سېرىنگۈل تېرىلمايدۇ. ئۇنى باشقا يەرلەردىن سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ باھاسىمۇ باشقا گۈللەرگە قارىغاندا قىممەت بولىدۇ. سېنىڭ گۈل لوڭقاڭدا ھەمىشە ئىسمى نامەلۇم ئەرزان باھالىق گۈللەر چىلانغان بولاتتى. بۈگۈن بۇنداق قىممەت باھالىق گۈل سېتىۋالغانلىقىڭغا قارىغاندا ئۇ چوقۇم ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا ئۇ سەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئادەم بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ خىياللارنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ چىقالمىدىم. خىياللار ئويلىغانسېرى ئاۋۇپ باراتتى، سەن يەنىلا ئاشۇ بىر توپ ئادەملەر ئارىسىدا يېشىل چىراغنىڭ يېنىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىڭ، بۇ دەل ئاۋغۇستنىڭ بېشىدىكى سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان ئاشۇ يەكشەنبىدىكى ھېكايە ئىدى. مەن سېنى كۆزىتىپ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ۋاقىت قىلچە ئۆزگەرمىگەندەك، ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا تىپتىنچ تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

يېشىل چىراغ ياندى. سەن يەنىلا كۈندىكىدەك لەرزان مېڭىشىڭ بىلەن ئاسفالىت يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۆتۈرمە كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى يولغا قايرىلدىڭ - دە، يەنە ئادەملەر توپى ئىچىگە قوشۇلدۇڭ. سېنىڭ بۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پىيادە ئايلىنىپ يۈرۈشۈڭ مېنى ھەيرانلىققا سېلىپ قويدى. سەن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مەن بىلەن يۈرگەن، ماڭا تەۋە قىز ئىدىڭ. ھالبۇكى ھازىرقى قىياپىتىڭنى قانداقمۇ ماڭا تەۋە دەپ ئېيتالايمەن؟

سەن بىر دەستە گۈلنى قۇچاقلاپ ئالدىمدا كېتىۋاتاتتىڭ،



بۇ ھالىتىڭ خۇددى ماڭا بىر دەستە ھەسرەتنى قۇچاقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سەن ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ نازۇك نەرسىنى ئاسرىغاندەك ئۇدۇل كېلىپ قالغان كىشىلەردىن قوغداپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ ماڭاتتىڭ، مەن سېنىڭ بۇنچە ئىخلاسمەنلىكىڭگە قاراپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. سەن خۇددى مۇقەددەس جەننەت پەرىشتىسىدەك ئۆز ئىلكىڭدىكى مۇھەببەت گۈلىنى ناھايىتى سادىقلىق بىلەن قوغداۋاتاتتىڭ، سەن شۇ چاغدا راستىنلا پەرىشتىگە ئايلانغانىدىڭ، يامغۇر تامچىلىرى ئانچە - مۇنچە ساقىپ چۈشۈۋاتقان دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۈستىگە ئاجايىپ بىر يارقىن كۆلەڭگە تاشلىغانىدى. سەن شۇ تاپتا مەن بىلەن بەش يىل مۇھەببەتلەشكەن قىزغا ئەمەس، بەلكى دەل ئاۋغۇست ئېيىنىڭ يامغۇر ياغقان بىر كۈنىدە بارلىق مۇھەببىتىنى بىر دەستە گۈلگە ئايلاندۇرۇپ تۇزىتىۋەتكەن بىر قىزغا ئوخشاپ قالغانىدىڭ. يەنە ئىككىمىز بەش مىڭ يىل مۇھەببەتلەشكەن ھالەتتىمۇ يەنە مۇشۇ قىسقىغىنا جەرياندا ياراتقان مۇھەببەتتەك بۈيۈك مۇھەببەت يارىتالىشىمىز ناتايىن ئىدى. مۇھەببەت چۆلدە بەش يىل قاغجىراپ ياشىغان بولسامۇ، بىراق ھېلىقى يامغۇرلۇق يەكشەنبە كۈنىدىكى ئېغىر ھەسرەت تېخىچە قەلبىمدە ئۆز يامغۇر تامچىلىرىنى توختاتمىغانىدى. بۇ كۈنى ئارىمىزدىكى بارلىق باغلىنىشلىق شەيئىلەر ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مېڭىشقا تېگىشلىك يوللار ئۈزۈلۈپ، ئېيتىشقا تېگىشلىك ناخشىلار ئاخىرلىشىپتۇ. ھەقىقىي مەنىدىكى ئېنىقسىزلىق ئارىمىزدا سوزۇلۇپ يېتىپتۇ، بىز ئۇنىمۇ ئۇزاققا بارمايلا ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز مۇمكىن.

مەن قەلبىمدىكى بارلىق مۇھەببەتنى بېغىشلاشنى بىلگەنگە ئوخشاش يەنە ئۇنى قانداق قايتۇرۇۋېلىشنىمۇ بىلىمەن، مۇھەببەت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندا مەن ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر

ھەسرەت ۋە نەپرەتنىمۇ قوشۇۋالىمەن، بەلكىم ئۆز قايغۇمنى پەسلەتىشتىكى بىر باھانە بولسا كېرەك.

مەن خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ئارىلىقنىڭ قىسقىراپ كەتكىنىگە دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇدۇلدىكى دوقمۇشتا يەنە قىزىل چىراغ يېنىپ تۇرۇپتۇ. مەن سېنى يەنە يېشىل چىراغ يانغۇچە ساقلايدۇ دەپ قىياس قىلغانىدىم، بىراق سەن يانغا قايرىلغان ئىدىڭ. دەقىقە ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئادەم ھەيران قالىدۇ. سەن كۆز ئالدىمدا غايىب بولدۇڭ. سەن ئاشۇ غايىب بولغانچە قەلبىمدىنمۇ قىلچە ئازابسىز غايىب بولساڭ نەقەدەر ياخشى ئىدى - ھە؟! مەن ئارقاڭدىن ھېلىقى كوچىغا بۇرۇلدۇم. يەنە شۇ مەنزىرە، شۇ ئادەملەر توپى، سېنىڭ مەنزىلىڭ زادى قەيەردىدۇ؟! سەن مۇشۇ مېڭىشىڭدا ئۆمۈر بويى ماڭماقچىمۇ؟ نېمىشقا بۇ سەپەرگە ئۆزۈڭ يالغۇز ئاتلانماي مېنىمۇ بىرگە ئېلىۋالمىسەن؟ سەن شۇ ماڭغان پېتىچە شەھەرلىك دوختۇرخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتىڭ، توغرا، مەن نېمىشقا سېنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالىمەن. بىرەرسى كېسەلمۇيا؟ بۈگۈن يەكشەنبە، ھەرگىزمۇ ئىشلەيدىغان كۈنۈڭ ئەمەس، بۇ مېنىڭ خاتىرەمدە ناھايىتى ئېنىق، مەن ئارقاڭدىن نامەلۇم ھېسسىيات ئىچىدە ئەگىشىپ كەلمەكتىمەن.

قىلىۋاتقىنىم بىر ئەخلاقسىز ئىش بولسىمۇ نېمىشقىدۇر مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتەك تۇيۇلماقتا ئىدى. سەن كارىدوردىن ئۆتۈپ يەنە بىر ئايالنىما ئىشىك يېنىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىڭ. مەن بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم. بۇ ئىشىك ساڭا ناھايىتى تونۇش بولسا كېرەك، سەن قىلچە توسالغۇسىز ھالدا كىرىپ كەتتىڭ. ئىشىك قىيا ئوچۇق بولغاچقا ئۇ يەرگە يېقىن بارالمىدىم. قەلبىمدە ئىككى خىل زىددىيەت لاۋۇلداپ تۇراتتى. بىرى، سېنى ئاقلاپ مېنى خىجىل قىلسا، يەنە بىرى سەن كۆتۈرۈۋالغان ئاشۇ سېرىنگۈلنى گۇمانلىق نۇقتىسىغا



ئىلاندۇراتتى.

مەن ئۇدۇل تامدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت تارىخىنى ئوقۇغان بولۇپ تۇرۇۋالدىم، سەن تۇرغان ياتاق بۇ يەرگە خېلى يېقىن بولغاچقا ھەربىر ئاۋاز، ھەربىر تىۋىش ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تامدىكى سۈرەتلەر مېنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ مېنىڭ ئەزەلدىن تىنچىمايۋاتقان نېرۋىلىرىمنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى.

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — بىر ئەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىغاندا سەن بۇ يەرگە بۇرۇندىنلا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپتىكەنسەن.

— ئەھۋالىڭىز قانداق، ئاغرىقىڭىز يەڭگىللەپ قالغاندۇ؟

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

— سىزگە بىرنەچچە تال سېرىنگۈل ئالغاچ كەلدىم.

— رەھمەت سىزگە، سىزگە بەك جاپا سېلىپ قويدۇم.

— نېمە دەپ يۈرىسىز، تېزرەك ساقايسىڭىز ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

— مەن ئۇلارغا نەچچە قېتىم ئېيتتىم، مەن كېسەل ئەمەس دەپ، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ساق - سالامەت تۇرىۋاتىمەنغۇ.

— يەنە بىر مەزگىل يېتىپ كۆرۈڭ، تەلتۆكۈس ساقايغاندا ئاندىن دوختۇرخانىدىن چىقسىڭىز بولىدۇ.

— سىزمۇ ئۇلارغا بولۇشۇۋاتىسىزغۇ، مەندە ھېچقانداق كېسەل يوق. جاراھەتلىرىممۇ ھازىر ئاغرىمايدۇ.

— ئۇلارغا بولۇشقانلىق ئەمەس، سىزگە كۆيۈنگەنلىك.

ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغان، ئاندىن بىر نەرسىنىڭ بىر - بىرىگە يەڭگىل ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىز سېرىنگۈلنى ناھايىتى ياخشى كۆرىسىز. شۇڭا بۇ گۈلنى ئالايىتەن سېتىۋالدىم، بۇ لوڭقىلاردىكى گۈللەرمۇ كونىراپ قاپتۇ.

— گۈل ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ سولىشىدۇ، بىراق مۇھەببەت مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق گۈلمۇ ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى بولالمايدۇ.

— يەنە ئالجىغىلى تۇردىڭىز.

ئاستا ئارقامغا ياندىم. قەلبىمدىكى ھەممە نەرسە خوراپ تۈگىگەندى. بەش يىلدىن بېرى يېتىلدۈرگەن مۇھەببىتىم بەش مىنۇتلۇق ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. مەن سەندىن ياكى ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىشىمنى بىلەلمىدىم. بەلكىم ھەر ئىككى خىل ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمدا تەڭ قوتراۋاتقاندۇ؟ نېمىشقىدۇر روھىم چۈشۈپ كەتتى. ئاشۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاشۇ كۈنى قەلبىمدىكى غەمكىن بىر سادا مېنى ئىما قىلىپ: «مەغلۇبىيەت ئۈچۈن يىغلىۋال، ئەنە ساڭا بېغىشلانغان مۇھەببەت» دېگەندە، كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى.

مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم يۈردۈم. سېنى ئىزدەپمۇ بارمىدىم. سەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەندە ئەتەي ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. بەلكىم سەن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمەي تىت - تىت بولۇپ يۈرگەنسەن، ئەمما ماڭا نىسبەتەن بۇ بەربىر.

بۈگۈنكى يەكشەنبە كۈندىمۇ ئوخشاشلا سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن ئۆتكەنكى يەكشەنبە كۈنى قەبرىستانلىققا بارالمىغانلىقىمنى ئويلىدىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرنەچچە تال مۇسىبەت گۈلى سېتىۋالدىم. قەلبىم دەل ئاشۇ گۈللەرنىڭ غەمكىن چېھرىدەك مۇسىبەت قايغۇسىغا تولغانىدى. گۈلچى بوۋاي بۇ گۈللەرنى مەخسۇس مۇسىبەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلىغانىدى. ئۇ گۈل تىزغاندا قوللىرىنىڭ ئازراقمۇ



تىترەپ قويمىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ ماڭا گويا بۇ گۈللەرنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە تەييارلىغاندەك تەسىرات بەردى. بىراق، بوۋاي بۇ تۇيغۇمنى قىلچە سەزمىگەنىدى. يولدا كېتىۋېتىپ بوۋاينىڭ چىرايىنى ئەسلەي دەپمۇ ئەسلىيەلمىدىم، ئۇنىڭ چىرايىنى بۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمگە ھەيران قالدىم.

مەن قەبرىستانلىققا بېرىپ قايسى خىل ھالەتتە تۇرۇشنى ئويلىدىم. بىراق، مۇۋاپىق بىر ئۇسۇل تاپالمىدىم. مەن خۇددى ئىلاھنىڭ ئالدىدا ئۆز گۇناھىغا تۆۋە قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. بىر خىل كۆڭۈل غەشلىكى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى.

قەبرىستانلىق ئالدىغا كەلگەندە سېنىڭ ئۇ يەردە تۇرغانلىقىڭنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ ماڭا نىسبەتەن تاسادىپىيلىق ياكى يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. قولۇڭدا بىرنەچچە تال مۇسىبەت گۈلى سوغۇق نۇر تارقىتىپ تۇراتتى. مەن خۇددى سەن ئۆلۈپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، سېنىڭ مۇسىبەتلىك تۇرقۇڭ قەلبىمنى ئەزمەسلىكى مۇمكىن. ساڭا نىسبەتەن مەندە ئۆلۈك تۇيغۇلا مەۋجۇت. بەلكىم ئۇمۇ مەۋجۇت ئەمەستۇ. سەن خىيالدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا غەمكىن قاراپ قويدۇڭ، مېنى كۆرۈپ ھودۇقامدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى. سىم - سىم يامغۇر يەنىلا ئاۋۋالقىدەك ياغماقتا ئىدى. مەن ساڭا قارىدىم، بەلكىم بەك ئۇزۇن قاراپ كەتكەندىمەن ياكى ئانچە ئۇزۇن قارىمىغاندىمەن. ساڭا نېمە ئۈچۈن بۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە قارايدىغانلىقىمنى ئويلاپ يېتەلمىدىم، ئويلاپ يېتىش ئويۇمنىڭ يوقلۇقىنى كېيىنچە ھېس قىلدىم. سەن خۇددى ماڭا نىسبەتەن بىر پارچە مۇناسىۋەتسىز

شەيئى، بەلكىم شۇنداقلا قارىغۇم كېلىپ قالغاندۇ.

— ياخشىمۇسىز؟ — ئىختىيارسىز ئېسىمگە كەلگەندەك بولدۇم.

— ياخشى، — سۇسلا جاۋاب بەردىم. قايتۇرۇپ تىنچلىق سورىغۇم كەلمىدى. ئارىمىزدا نۇرغۇن سۈكۈت لەيلەپ يۈرەتتى. ساڭا قىلغان سوغۇق مۇئامىلەم خېلى تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

— سىزنى بۈگۈن كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ تاپالمىدىم.

مەن ئۈنچىقمىدىم.

— ماڭا نېمىشقا بۇنداق قارايسىز؟ تونۇيالمايۋاتامسىزيا؟

— ئۇقمايمەن، بەلكىم كۆڭلۈڭگە ئاياندۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مەن توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، لېكىن بەزى ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم.

— ماڭا بۇنداق تىكىلمىسىڭىزچۇ، خۇددى ئالدىڭىزدا گۇناھكاردەك.

— ساڭا تىكىلىشىم ياقمىغان بولسا تىكىلمەي، بىراق سېنى ھەقىقىي تونۇش ئۈچۈن بەك كۆپ ۋاقىت سەرپ بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ ئورنىنى ھەرگىز تولدۇرۇپ بولالمايمەن.

— بۈگۈن نېمىشقا بۇنداق سىرلىق بولۇۋالىسىز؟ يېقىندىن بېرى سىزدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتامدۇ قانداق؟

— ئۆزگىرىش بولۇۋاتقىنى مەن ئەمەس، بەلكى سەن.

— چۈشەنمىدىم.

— گەپنى ئوچۇق قىلمىسام سەن بىر ئۆمۈر



چۈشەنمەيسەن، ئۆتكەن ھەپتىنىڭ دەل بۈگۈنكى كۈنىدىمۇ سەن قولۇڭغا بىر دەستە گۈل ئېلىپ باشقا بىرسى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغانىدىڭ، بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپسەن. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ كۈندىكىسى مۇھەببەت گۈلى ئىدى، ھازىرقىسى بولسا مۇسىبەت گۈلى. مەن ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ مۇشۇ قەبرىستانلىقتا كۆمۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

چىرايىڭ تاتىرىپ كېيىن ئەسلىگە كەلدى.

— سىزمۇ خەۋەر تېپىپسىز - دە!

— خاتا چۈشىنىپ قالما، تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالدى.

— گېپىڭىزنى چۈشەندىم، ئۇ بىر بەختسىز ئادەم.

— مەنمۇ شۇ.

— خاتا چۈشىنىپ قالغىنىڭىزنى بىلىمەن، سىزگە باشتىلا چۈشەنچە بېرەي دەپ ئويلىغان، ئىشلار بەك تاسادىپىي بولغاچقا پۇرسەت چىقىرالمىدىم.

— چۈنكى كۆپ ۋاقتىڭنى ئۇنىڭغا سەرپ قىلغان تۇرساڭ.

— نېمىشقا ئاق - قارىنى ئايرىماي قارا - قويۇق سۆزلەيسىز؟

— ئۇنداقتا ئۇ كۈنى دوختۇرخانىدا ئاڭلىغانلىرىم خاتا ئىكەندە.

— نېمىلەرنى ئاڭلىغىنىڭىزنى ئۇقمايمەن. بىراق، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىچە ماڭا پۇرسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن، ئاندىن كېيىن نېمە دېسىڭىز ئىختىيار. راست مەندىن ئۆتتى، ئۇ ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال سىزدىن رۇخسەت ئېلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق پۇرسەت چىقمىدى. سىزنى ئاڭلىسىمۇ قوشۇلىدۇ دەپ ئويلىدىم، بىلەمسىز، ئۇ ئەسلىدە بىز بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان بىر سېستىرانىڭ يۇرگىنى ئىدى. ئۇلار

بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ قىز ئۆلۈپ كەتتى. يىگىتنىڭ كاللىسى سىلكىنىپ خاتىرىسىنى يوقاتتى. يۈرگەن قىز بىلەن مېنىڭ چىرايىم ئوخشاش بولغاچقا ئۇ خاتا ھالدا مېنى يۈرگەن قىزىم دەپ تونۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ يۈرگەن قىزىنىڭ رولىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆپ ۋاقتىم ئۇنىڭ يېنىدا ئۆتىدىغان بولغاچقا سىزگە ۋاقىت ئاجرىتالمىدىم ھەم بۇ ئىشنى سىزگە تەپسىلىي ئېيتىشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى.

ھەقىقىي تەسىرلىك بىر ھېكايە قەلبىمدىكى خىلمۇخىل تۇمانلارنى قوغلىۋەتتى. ساڭا خىجىللىق ئىچىدە تىكىلدىم، بېشىم ئاستا - ئاستا چۈشۈپ كەتتى. ماڭا سىم - سىم يامغۇر ئاۋۋالقىدىن بەكرەك يېغىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— كەچۈرگىن، سېنى خاتا چۈشىنىپتىمەن. بۈگۈن بىز بىرلىكتە ئۇنى يوقلايلى.

— ئەمدى كېچىكتۇق.

— نېمىشقا؟

— ئۇ. . . ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. بىر ھېسابتا ھاياتىنىكى بارلىق قايغۇلاردىن قۇتۇلۇپ ئۆز سۆيگۈنىنىڭ يېنىغا كەتتى، بىراق ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمگە قالدۇرۇپ كەتكەن قايغۇ - مۇڭى تېخىچە ئۆز ناۋاسىنى توختاتقىنى يوق.

سىم - سىم يامغۇر ئاۋۋالقىدەكلا تۆكۈلمەكتە، مەن بىردىنلا قەلبىمنىڭ ناۋا بىلەن لىقلا تولغانلىقىنى، روھىمنىڭ ئۇزاق تىمتاسلىق ئىچىدە بىردىنلا يامغۇر تامچىلىرىغا قوشۇلۇپ سانسىزلىغان كۆز ياشلارنى تۆككەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ سىم - سىم يامغۇرىغا تولغان بىر يەكشەنبە كۈنىدە چوڭقۇر روھىي ئازابقا تولغان بىر غەمكىن ئادەممەن. قولۇمدىكى مۇسىبەت گۈللىرى ئاددى، ئەمما ئۇلۇغ



روھىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىمەكتە، كۆز ياشلىرىم يامغۇر تامچىسىغا قوشۇلۇپ يۈزۈمنى، ھەتتا پۈتكۈل روھىمنى يۇماقتا. ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن تولغان كىچىككىنە بىر تاغ باغرىدا كىچىككىنە بىر قەبرە يېڭىدىن قەد كۆتۈردى، ماڭا بۇ يامغۇر مەڭگۈ يېغىپ تۇرىدىغاندەك بىلىندى. دەل ئاشۇ يامغۇرنىڭ سىم - سىم ناۋاسى ئىچىدە ياپيېشىل ئارچا دەرەخلىرى بىلەن تولغان بىر كىچىككىنە تاغ باغرىدىكى قەبرە ئالدىغا بىر جۈپ گۈلدەستە قويۇلغان، ئۇ مەڭگۈ گۈلچەمبىرەك ۋە سىم - سىم يامغۇر ناۋاسى ئىچىدە ئۆز چۈشلىرىنى كۆرۈپ ياتىدۇ.

# زەڭگەر پەردىلىك دېرىزە

جىمجىتلىق قەلبىمدىكى غېرىبلىقتا ئوخشاش كۆرۈنمەس قوللىرى ئارقىلىق روھىمنىڭ يېپىق دېرىزىلىرىدىن بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. مەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تەنها قالغانلىقىمنى چۈشەنمىدىم. بىلىمەن، ئادەملەر توپلىشىپ ياشايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ خىيال ئالىمى بولسا يەنە باشقا بىر دۇنيا. ئۇ يەردە ھەممە ئادەم تەنها تەپەككۇرنىڭ قۇربانى. نېمىشقىدۇر كەيپىم ئۇچتى. بەلكىم يەنە ئاشۇ زەڭگەر پەردە تارتىلغان دېرىزىنى ئەگىپ يۈرسەم كېرەك. دېرىزە قانتى يەنىلا بۇرۇنقىدەك قىيا ئوچۇق، غەمكىن ھالدا ئۇ يەرگە قارىدىم (ئۇنى قارىدىم دېگەندىن كۆرە، روھىم ئاشۇ يەرگە مەڭگۈ تىكىلىپ تۇرىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى). سەھەردىكى قۇياش شولىسى دېرىزە ئەينىكىگە چۈشۈپ كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇ دېرىزىلەردىكى ئەينەكلەرنىڭ نۇر سۇندۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە كۈچلۈك ئىكەن. باشقا دېرىزىلەردىن بۇنچە كۈچلۈك نۇر تارقىمايدۇ، دەپ ئويلىدىم. بەلكىم مەن دېرىزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نۇر سۇندۇرۇش توچكىسىدا تۇرۇۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن، بۇنى قايىل قىلغۇدەك چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. نېمىدېگەن غەلىتىلىك — ھە؟

ھەر كۈنى سەھەردە نازۇك ھەم ئاپئاق بىر قول دېرىزىنى قىيا ئېچىپ پەردىلەرنى قايرىپ قوياتتى. ئوخشاشلا كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا يەنە ئۇنى ئەسلىي ھالىتى بويىچە يېپىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئىچى مەن ئۈچۈن بىر تىلسىم، يېپىق دۇنيا ئىدى. ئۇ



كۈنى سەھەردە ئالدىراش ئىشقا كېتىۋېتىپ تاسادىپىي ھالدا ئاشۇ دېرىزىدە ناھايىتى نازۇك، گۈزەل بىر قامەت ئىگىسىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. بىراق بۇ شۇ چاغدىكى بىر قېتىملىقلا پۇرسەت بولۇپ ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قېتىمدا كۆرىدىغىنىم ئاشۇ قىيا ئوچۇق زەڭگەر پەردە ۋە ئۇنى قايرىۋاتقان ئاپئاق قول بولدى. بەلكىم ئاشۇ قول ئىگىسىمۇ ھەر كۈنى سەھەردە دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ پەردە ئارقىسىدىن ماڭا قارىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ماڭا نىسبەتەن ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكى ئاشۇ ئۈچىنچى قەۋەتتىكى سىرلىق دېرىزىدەكلا غۇۋا ئىدى.

بىر خىل رىتىم داۋاملىق تەكرارلانماقتا ئىدى. مەن، ئۆي، ئىدارە، يول، دېرىزە ئارىسىدا بىر خىل كۆرۈنمەس مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ قالدى. ئىشخانىغا كېلىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم، بۇ يەردىمۇ نۇرغۇنلىغان دېرىزىلەر بار. يەنە كېلىپ ھەر خىل چىرايلىق گۈللەر تىزىپ قويۇلغان، بىراق پەردىسى زەڭگەر ئەمەس. بىرقانچە قېتىم بۇ پەردىلەرنى زەڭگەرگە ئالماشتۇرماقچى بولغاندا باشلىقىم قوشۇلمىغانىدى. بەلكىم بۇ يەردىكى مەسىلە پەردىدىمۇ، دېرىزىدىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇ ئۆزۈم پەيدا قىلغان، قەلبىمدىكى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان كۆرۈنمەس ھېسسىيات بولۇشى مۇمكىن ئىدى. دېرىزە سىرتىغا قارىدىم. كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. بەلكىم سىرتتا ھېچنېمە يوقتۇ، ھېچبولمىسا ئاسمانمۇ يوقمىدۇ؟! ئاسمان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، قەلبىمدىكى ئاسمان يوق بولۇشى ئېھتىمال. قەغەز، قەلەم ئۈستەل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. قارىغاندا قەلەم بىلەن قەغەزگە خەت يازماقچى بولسام كېرەك. قانداق قىلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۆزۈمچە سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. بۇ ئۆزۈمگە بولغان مەسخىرىدىنمۇ ئۆتە بىچارە كۈلكە

ئىدى. قەغەزنى قويۇپ قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم. ئاپئاق بىر بارماق، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر لاك ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ قوللار يەنە مېنىڭ ئەمەسقۇ. ئۇ كىمنىڭ قولى بىلەن ئالمىشىپ قالغاندۇ؟ توغرا، بۇ دەل ھەر كۈنى ھېلىقى زەڭگەر پەردىنى قايرىيدىغان بارماقلارغۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە پەردىسىنى قايرىغىلى ماڭدىم. پەردىلەر ئاللىبۇرۇن قايرىۋېتىلگەن. كۈچلۈك گۈل ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئۇ ھەر خىل گۈللەرنىڭ ئارىلاشما ھىدى ئىدى. بۇ گۈللەرمۇ مېنىڭ خىيالىمدەك چىگىشلىشىپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. پەستە بىر قىز ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرۇپتۇ، بۇ قىزنى داۋاملىق مۇشۇ بېكەتتە كۆرۈپ قالاتتىم. ئۇ مەقسەتسىزلا مەن قاراپ تۇرغان دېرىزىگە قاراپ قويدى. يۈرىكىم ئەنسىزلىشىپ قالدى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش دېرىزە مەستانىسىمىدۇ - يە؟

مەن ھەر كۈنى ئاشۇ دېرىزە ئالدىدىن ئۆتىمەن. زەڭگەر پەردىنى قايرىيدىغان بىر جۈپ ئاپئاق قولنى كۆرىمەن، ئۇ قولنى كۆرمەي، ئۇ يەردىن ئۆتمەي ئامال يوق. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئەڭ يېقىن ئۆتەر يولۇم. ئۇ قول مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس دەل ئاشۇ دېرىزىگە قارىغان ۋاقتىمدا ئاندىن زەڭگەر پەردىنى قايرىيدۇ. بۇ يىلقى ياز تېخىمۇ ئىسسىق بولدى. دېرىزە تېخىمۇ كۈچلۈك نۇر تارقىتىدىغان بولدى. مەن ھەر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاشۇ دېرىزىگە قارىسام كۈچلۈك بىر ئىستەك مېنى ئىچىگە كىرىپ بېقىشقا قىستايدۇ. بىراق، مەن بىر قېتىم غىل - پاللا كۆرۈپ قالغان، ئەمما ئەزەلدىن ئىسمى ۋە چىرايىنى بىلمەيدىغان بىر قىز ئۈچۈن بۇنداق تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. قولنىڭ نازۇكلىقىدىن قارىغاندا ئۇ ناھايىتى گۈزەل بىر قىز بولۇشى مۇمكىن.

مەن باشتا ئادەملەر ماڭا قاراۋاتامدىكىن دەپ خۇدۇكسىنىپ



ئەتراپقا قاراپ قوياتتىم. كېيىن ئەپچىل بىر چارە تاپتىم. يولنىڭ چېتىدىكى رىشاتكىغا يۆلىنەتتىم - دە، بىر تال تاماكا چەككەچ دېرىزىگە، دېرىزىدىكى زەڭگەر پەردە ۋە ئاپئاق قولغا نەزەر سالاتتىم. مەن ئەسلىدە تاماكا چەكمەيتتىم. بىراق، مۇشۇ دېرىزىگە قاراش ئۈچۈن تاماكا چېكىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلنى ئۆگەندىم. يەنە كېلىپ تاماكىنى كۈندە ئىككى رەت — پەقەت مۇشۇ دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىلا چېكەتتىم. خۇمارىممۇ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قوزغىلاتتى. بۈگۈن يېنىمغا بىر قىز كېلىپ: «سائەت قانچە بولدى؟» دەپ سورىدى. قىزنىڭ سائەت نەچچە بولدى دېگىنىگە ئەمەس، بەلكى قولىدىكى سائەتكە قارىمىغىنىغا ھەيران قالدىم. ئەزەلدىن ھېچكىم مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سوراپ باقمىغانىدى. مەن بۇ قىزنى بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەردە كۆرسەم چوقۇم تونۇۋالىمەن دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنى خاتىرەمدە ساقلاپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭدىن ۋاقىتنى نېمىشقا باشقىلاردىن سورىماي مەندىن سورىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم. بىراق، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنداق سورىغۇم كەلمىدى. ئۇنداق قىلسام ئۇ ئاشۇ دېرىزىدەكلا ئۆز سىرىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ۋاقىتنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم، ئارقىدىن چاقمىقىمنى چىقىرىپ ئوت ياقتىم. بىراق، قىز سۆزۈمگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ ئەزەلدىن مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغىنىنى سورىمىغاندەكلا تۇراتتى. تاماكىنى كۈچەپ شوراپ كەتكەچكە يۆتىلىپ كەتتىم ھەم ئۇنىڭ ئىختىيارسىز تىترەۋاتقان قولىغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ قولىدا قىپقىزىل ئېچىلغان بىر جۈپ ياۋا چوغلۇق بار ئىدى. ئۇ خىيالىنىڭ ئىسكەنجىسىدە بۇ بىر جۈپ گۈلنىڭ بەرگىنى تىتىشقا باشلىدى. قەلبىمدە گۈلگە ھېسداشلىق قوزغالدى.

— نېمە ئۈچۈن گۈل بەرگىنى تىتىۋېتىسىز؟

قىز كۆزۈمگە ئىپادىسىز قاراپ قويدى. مەن شۇ چاغدىلا

ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلدىم.

— سىزدە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغۇدەك ئىشتىياق بولمىسا ئۇ سىزگە ھۇزۇر ئەمەس، ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.

— سىزدە گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلانغۇدەك قەلب يوقمۇ؟

— مەسىلە گۈزەللىكنىڭ مەنىسىدە، بەزىدە گۈزەللىك تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھەم ئازابلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ يېقىنلىشىدۇ. خۇددى سىز شۇنىڭغا ئوخشاش، — ئۇ قولىدىكى بىر تال گۈل بەرگىنى ئاستا بوشلۇققا قويۇۋەتتى. گۈل بەرگى بىر ئاجىز ناخشىدەك ئارىمىزدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ سەل نېرىدىكى نەمخۇش يەرگە چۈشتى.

— نېمە ئۈچۈن سىزدىكى گۈزەللىك بۇنچە قايغۇلۇق؟

— بىلمەيمەن. ھازىر ئۇنى ساقايتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەۋاتىمەن.

— ئامال تاپالىدىڭىزمۇ؟

— ئۇنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ گۈل بەرگىنى تىتىشىڭىز قەلبىڭىزدىكى گۈزەللىكنىڭ ئازابىنى بىر تال - بىر تالدىن تۇزۇتۇش ئۈچۈن ئىكەن - دە.

— شۇنداق بولسا كېرەك. بۇ گۈزەللىككە قىلىنغان رەھىمسىزلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىۋاتقان تەسەللىنىڭ شولىسى.

— كۆزقارىشىڭىز تولىمۇ ئۆزگىچە قىز ئىكەنسىز.

— غەلىتىمۇ؟

— ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

— بۇ خىل غەلىتىلىك سىزدىمۇ بار. مەن بىلەن ھەر كۈنى ئاشۇ زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىگە قارايسىز.



— سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟

— غەلىتە ئادەملەرنىڭ ئوخشاش سېزىمى بولىدۇ. ھەر ئىككىمىز بۇ ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن قورقىمىز.

— مەن دېرىزىگە قارىمىساممۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەندە ئازاب يوق. بىراق سىز. . .

— سىزدىكىسى تېخىمۇ ئېغىر، كۆرۈنمەس ئازاب. ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ. ياكى بولمىسا ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.

— لېكىن، جۈرئەت قىلالمىغان.

— نېمىشقا جۈرئەت قىلالمىغۇدەكمەن.

— سىز ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك بىر قىزنىڭ بولماسلىقىدىن ياكى ئۇنىڭ ئېرى بارلىقىدىن، يا بولمىسا ئۇنىڭ بىر كۆرۈمسىز قىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيسىز. بەلكىم ئۇ ئۆيدە بىر ئەر ئولتۇرغاندۇ ياكى بىر قېرى خوتۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا سىزنىڭ بۇ دېرىزە ئۈچۈن تۆلىگەن روھى بەدىلىڭىز بەك ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ. ھەرقېتىم مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە بىر قېتىم ئازابلىنىسىز. ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ. مەندە ئۇ ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىمۇ بار.

قىز بىر ۋاراق قەغەزگە بىر قاتار سانلارنى يېزىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن قەغەزنى تۇتقىنىمچە ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۇ كۆز ئالدىمدىن بىر پارچە نۇرغا ئوخشاش ئۇزاپ كەتتى. بوشلۇقتا ئۇنىڭدىن قالغان ئەتىر ياكى تىتىپ تاشلانغان گۈل ھىدىنىڭ خۇش پۇرىقى قالدى. نەمخۇش يەردە قىپقىزىل گۈل بەرگىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. تېلېفون نومۇرىغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتىم. بۇنىڭ ھاياتىمغا بىرەر ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

مېنى داۋاملىق بىر خىيال ئويغا سالىدىغان بولۇپ قالدى.

مەندىكى دېرىزىگە قاراش بىر خىل كېسەللىكمۇيا؟ ئەگەر ئۇ كېسەللىك بولمىسا نېمىشقا مەن ئەتەي ئاشۇ دېرىزىگە قاراش ئۇچۇنلا ئالدىراپ - تېنەپ ماڭىمەن؟ نېمىشقا شۇ ئىش ئۇچۇن تاماكا چېكىشنى ئۆگەندىم؟ نېمىشقا ھەر كۈنى ئاشۇ دېرىزىگە قارىشىم خىزمەت، تاماق يېيىش، كۆڭۈل ئېچىش، ھەتتا ياشاشىنىڭمۇ ئالدىدا تۇرىدۇ؟ ئۇ مېنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمىتىمنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالىدۇ؟ ئەمما بۇنى كېسەللىك دېسەك جاننى ئاغرىتمايدۇ، ياكى ئوكۇل سېلىپ دوختۇرخانىدا ياتقۇزمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى بىر خىل خۇمار، ياكى ھەۋەس دەپ چۈشەندىم. بەزىلەرنىڭ تاماكا خۇمارى، بەزىلەرنىڭ ھاراق خۇمارى بار. بەزىلەر ئىت باقىدۇ، بەزىلەر كەپتەر، ھەتتا قورقۇنچلۇق ھاشارەتلەرنى باقىدىغانلارمۇ بار. مانا بۇ ئىنسانلاردىكى تەبىئىي مىجەز. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېسەل دېگىلى تۇرسا يەر شارىدا ساق ئادەم قالمايدىغۇ.

قىزنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكەندە مېنى قايىل قىلغان مەغرۇرلۇقى كۆڭلۈمنى ئەزدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ: «ھەي، ئەخمەق، دۇنيادا غەلىتىلىك ئەسلا يوق» دېگۈم كەلدى. لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم. ھازىر ئۇ ئىشقا بىر قانچە كۈن بولۇپ كەتتى.

مەن بۇ يولدىن ھەر كۈنى ئۆتىمەن. بەزىدە ھەتتا تەكرار ئۆتىمەن. دېرىزىگە قارايمەن. لېكىن، ئاشۇ دېرىزىدىن نېمىنى ئىزدەيمەن؟ بىر قېتىم غىل - پاللا كۆرۈنۈپ قالغان گۈزەللىك مېنى بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئاۋارە قىلامدۇ؟ بەللىرى زىلۋا، قوللىرىغا ئاق پەلەي كىيىۋالغان ئاللىكىملەرنى كۆرسەملا دەرھال ئۇلارنىڭ چىرايى يوقاپ ھېلىقى دېرىزە كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. تامامەن باشقا بىر جايدىكى ئادەمنى يەنە باشقا بىر جايدىكى دېرىزە بىلەن باغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەمما، ئۇلار مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا تەبىئىي ھالدا بىر - بىرىگە باغلىنىپ



قالىدۇ. ئادەملەرنىڭ زىلۋا بولۇشى، گۈزەل بولۇشى ماڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى. شۇڭا، مەن كوچىغا چىقسام ئاشۇ دېرىزىدىن باشقا ياققا قارىماسلىققا تىرىشىمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئوبرازىمغا ماس كەلگەن ھەربىر ئادەم ئاشۇ دېرىزە ئىچىدە ياشايدۇ. ھەربىر دېرىزە ئاشۇ دېرىزىنىڭ شەكلىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، مەن ئۇ دېرىزە ئىچىدىكى قىزنىڭ زادى قانداقلىقىنى، ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى، ئاۋازىنىڭ قانداقلىقىنى ئەسلا بىلمەيمەن. مەن مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى ئۆزۈمدە ھامان بىر كۈنى ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن. چۈنكى، بۇ ماڭا روھىمدا ئاللىبۇرۇن بېرىلگەن بېشارەت.

يېنىمدىكى قىزغا سۆكۈت ئىچىدە قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن تىنچلىق سوراشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتىم. ئۇمۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. مەن باشقىلارنىڭ سۆكۈت ئىچىدە مەن بىلەن بىللە تۇرۇشىغا، يەنە كېلىپ مەن بىلەن ئورتاق ھېسسىياتتا بولۇشىغا ئۆچ. گەرچە ئۇ بىر قىز، يەنە كېلىپ مەن چۈشەنمەيدىغان، ھەم چۈشىنىشنى خالىمايدىغان ناتونۇش بىر قىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېنىڭ خىيالىمغا سىڭىپ كىرىشى بىر روھى زورلۇقتەك ئىش ئىدى. خىيال، قىز، دېرىزە، ئاخىرىدا ھەممىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەم ئالدايدىغان نەرسىلەر. بىر كۈنلەر كېلىپ يەنە ئەتراپىمنى گۈل ۋە ئەتىر ھىدى قاپلايدۇ. يەردە تىتىلغان گۈل بەرگىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرسىنىڭ، بەلكىم مېنىڭدۇ، ئازابىم ساقىيىشقا باشلايدۇ. ئازابتىن قۇتۇلۇش شادلىنىش ئۈچۈن. بىراق، شېرىن بولسا، يەنە كېلىپ ئۆزى خالىغان بولسا ساقىيىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! بىز بەربىر ئۆزىمىز تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغانلار ھەم قۇتقۇزۇۋېلىنغانلار. بۇنىڭ نەتىجىسى نۆلدە نۆل. شادلانغۇدەك يەنە نېمە بولسۇن؟ ئۇلۇغ ھېسسىياتى ئالدانغانلار ھەرگىز غالىب سانالمايدۇ.

قىز بۇ قېتىم ۋاقىتنى سورىمىدى. گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا گۈلمۇ يوق ئىدى. قارىغاندا جاراھىتى ساقايغان ئوخشايدۇ.

بۈگۈن يەنە زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىگە قارىدىم. ئارىمىزدا نەچچە ئون مېتىر بوشلۇق بار ئىدى. مەن بۇ بوشلۇقتىن مەڭگۈ ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغاندەك قىلاتتىم. بەلكىم سەل جۈرئەت قىلسام ئاشۇ پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرەلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئۇنى روھىمدىكى ھېلىقى بىر تال ئېغىر تاش بىلەن چۈل - چۈل قىلىۋېتەلەيتتىم. بىراق، مەن ئاتقان تاش ھەرقانچە كىچىك بولغان بىلەنمۇ ۋەزنى ناھايىتى ئېغىردەك قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ كېتىدىغاندەك ئىدى. بەزىدە ئاشۇ دېرىزىنى چۈل - چۈل قىلىۋېتىپ بارلىق غەملەردىن قۇتۇلماقچى بولاتتىم. بىراق، ھازىرغىچە بۇنداق جۈرئەتكە كېلەلمىدىم. روھىمدىكى يۈكمۇ يەڭگىللىمىدى.

ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا بۇنداق غەلىتە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىنىمغا ئەجەبلىنىمەن. مەن بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ئاشۇ ئادەملەر تولىمۇ غەمسىز. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق يۈكى يوق. تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ ئۆزىچە غەمسىز بولۇۋالغىنىغا غەزەپلىنىمەن. ھەممىسىنى ئەتراپىمدىن قوغلىۋەتكۈم كېلىدۇ، يەنە ئويلىسام ئۇلارنىڭ ياشاش دائىرىسىنى مەن بەلگىلەپ بېرەلمەيدىكەنمەن. ئىلاجىسىز ئۇلارنىڭ غەمسىز ياشىشىغا رۇخسەت قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. ئالدىنقى كۈنىلا بىر قىزنىڭ مەن بىلەن بىرگە ھايات غەملىرىنى تارتقىنىغا ئاچچىقىم كەلگەنىدى. ئەمدى بۈگۈن باشقىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا غەمسىز بولۇۋالغىنىغا ئاچچىقىم كەلدى. «سىلەرنىڭ غەمسىزلىكىڭلار يالغان» دەپ پىچىرلىدىم. بىراق، بۇ پىچىرلىشىم ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

بۈگۈن ئەتىگەن قەتئىينىيەتكە كېلىپ دېرىزىگە قارىماي



ئۆتۈپ كەتتىم. ئۆزۈمچە غەلىبە قىلدىم دەپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. ئالدىمدىن كېلىۋاتقان قىزمۇ خۇمالىق كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنى بەك چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ كۈلكىسى بەك سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كەتتى. قىزلارنى يېقىملىق ھەم سۆيۈملۈك قىلىدىغان ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئىكەن دەپ ئويلىدىم. مەنمۇ ئەمدى ھاياتقا كۈلۈمسىرەپ قارايمەن. شۇ چاغدا باشقىلارمۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىشى مۇمكىن.

— سائىتىڭىز نەچچە بولدى.

ئالدىمدا ھېلىقى قىز تۇراتتى. ئۇنىڭغا ۋاقىتنى ئېيتىپ بەردىم.

— بۈگۈن تۈنجى رەت دېرىزىگە قارىمىدىڭىز - ھە؟

— مېنى كۆزىتىپ تۇرغانمىدىڭىز؟

— سىز ئۆزىڭىزنى داۋاملىق بىرى كۆزىتىپ تۇرغاندەك ھېس قىلامسىز؟ بولۇپمۇ دېرىزە كەينىدە، ياخشى، سىزدە ئىلگىرىلەش يامان ئەمەس.

— سىز بۈگۈن ئەجەب گۈل ئەكەلمەپسىزغۇ؟

— بۈگۈن مەن ئازاب ساقايتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئارام ئېلىش ئۈچۈن چىقتىم. سىزچۇ؟

— كۈندىكىگە ئوخشاش، ئىدارىگە ماڭدىم شۇ.

— يەكشەنبىدىمۇ ئىشلەمسىز؟

— بۈگۈن يەكشەنبىما؟

قىز كۈلۈمسىرىدى.

— سىزنىڭچە نېمىدۇ؟ — بىردىنلا خىجىل بولۇپ قالدىم. بۈگۈن يولدا ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى بىكار ئەمەسكەن - دە.

— سىز نەگە ماڭدىڭىز؟

— سىزنى كېلىپ قالسا بىرگە ئايلىنايمىكىن دەپ. . .

قىزنى قولتۇقلاپ قويۇق دەرەخلىكتىن ئۆتتۈم. بۈگۈن

دېرىزىگە راستتىنلا قارىمىدىمىمۇ؟ ئەجەب مەندە باشقا ئۆزگىرىش بولمىدىغۇ. ئىلگىرىمۇ ھاياتىمدا دېرىزە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما، كېيىن ئۇ ھەممە تەرەپكە تەڭ ئېچىلدى. ئۆتمۈش - كەلگۈسىنىمۇ قوشۇپ تەڭ يۇتۇۋالدى. مانا ئەمدى ئالدىمدا پەقەت ئورمانلىقلا قالدى. يەنە بىر قىزمۇ بار. بەزىدە ئادەم ھامان ئۆزىگە كۆرۈنمەس دېرىزىلەرنى ياسىۋالىدۇ. بەزىلەر بولسا بىر قۇشقا ئوخشاش ئورماندا ئەركىن ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭغا بىر گۈزەل تۇمۇچۇق ھەمراھ بولىدۇ. قارىغاندا ھاياتنىڭ گۈزەل تەرىپى شۇ بولسا كېرەك، دەرەخ شېخى ئەڭ راھەت ئارامگاھ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا ئەڭ سۈزۈك شەبنەم ۋە ئەڭ نازۇك شامالنىڭ پىچىرلاشلىرى بار. دېرىزىدىچۇ؟ دېرىزە، يەنە شۇ دېرىزە، يەنە شۇ نازۇك قول.

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز.

— ھېچنېمىنى.

— ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق ئەڭ خەتەرلىك.

— سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا يېقىنلىشىسىز؟

— سىزنىڭمۇ ماڭا يېقىنلاشماقچى بولغىنىڭىز ئۈچۈن.

— چاقچاق قىلمىڭا.

— گېپىم چاقچاقتەك تۇرامدۇ؟

— مەن سىزنى ئەزەلدىن تونۇمايدىغان تۇرسام، سىز ئۆزىڭىز يېقىنلاشمىدىڭىزمۇ؟

— يېقىنلىشىش دېگەن ۋاستىلىك، ۋاستىسىز بولىدۇ. بەزىدە بىراۋغا يېقىنلاشماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەي قالىسىز.

— بولمىسىغۇ ئادەمنىڭ سىز بىلەن خويمۇ پاراڭلاشقۇسى كېلىدىكەن.

— مەن بىلەن تونۇشقىنىڭىز سىز ئۈچۈن ياخشىلىقتىن بېشارەت بولماسلىقى مۇمكىن.



— نېمىشقا داۋاملىق مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز.

— چۈنكى مەن بىر ئاچچىق مېۋىگە ئوخشايمەن. مېنىڭ تەممىنى بىلىش ئۈچۈن چىداپ تۇرۇپ يېيىشىڭىز كېرەك.

— بۇ سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟

— بەلكىم.

ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى. مەن ئۆزۈمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى، ئىلگىرىكى ھايات قېلىپلىرىنى چۇۋۇۋاتقان بولۇپ تولىمۇ تەرتىپسىزلىشىپ كەتتىم. ئۆزۈم ئۈچۈنلا قايغۇرۇپ ياشىسام مېنى بۇ قايغۇدىن ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم.

بۇ قىز زادى كىم؟ ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتامدۇ ياكى شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلەتمەكچىمۇ؟ ئۇ داۋاملىق مەن ئويلىغان پەيتلەردە پەيدا بولىدۇ. مەن ئۇنى ئۈچ كۆرۈپ ياكى ياخشى كۆرۈپ قالمىغىنىم ئۈچۈن ئۇ تۇرمۇشۇمدا بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەر قاتارىدا سانىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ناۋادا ئۇ مېنىڭ جىمجىتلىقىمغا ئۆزى بېسىپ كىرمىگەن بولسا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەڭگۈ بىلمەي قالغانمۇ بولاتتىم. ئۇمۇ بەلكىم ماڭا ئوخشاش قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىلا بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنەلەيمىز.

بۈگۈن ھاياتىمدا ئۆزۈمدىن بېرى تاشلىنىپ قالغان بىر ئىشنى قىلماقچى، يەنى ئازراق خاتىرە يازماقچى بولدۇم. لېكىن، بىر خەتمۇ يازالمىدىم. چۈنكى، مەن ھېلىقى دېرىزىنى ئۇنتۇپ قالايلا دەپ قالغاندەك قىلاتتىم. ئۆزۈم يازدىممۇ ياكى ھېلىقى قىز يازغان نومۇر شۇمۇ بىر تېلېفون نومۇرى تۇرۇپتۇ. قانداق قىلىپ بۇ نومۇرنىڭ قولۇمغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم. قانداق ئىشلار يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر مەن نومۇرغا تېلېفون قىلىشنى ئويلاپ قالدىم. بۇنىڭ قورققۇدەك

نېمىسى بار؟ قارشى تەرەپ سېنى كۆرەلمەيدۇ، دەيدىغاننى دەۋېرىش كېرەك. سۆزۈڭ قاملاشمىسا خىجىل بولمايسەن، ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ تېلېفون ئۇردۇم.

— ۋەي! — خېلىدىن كېيىن قارشى تەرەپتىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇداغا شۈكرى، ياخشى ئۇ يەردە ئەر كىشى يوق ئىكەن، — ۋەي، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — تولىمۇ ياش بىر قىزنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى. مەن سۆزنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى، ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتىم، ئالدىراپ تېلېفون قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئەسلىدە دەيدىغان گەپنى ئويلىۋالمىدىغان ئىشكەنتۇق. تېلېفوندىن قىزنىڭ يېنىك تىنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ھەيران قېلىۋاتقان بولۇشى ياكى بىزار بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنى ھەم ھەيران، ھەم بىزار قىلماسلىق ئۈچۈن تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. تېلېفوننى قويۇپلا ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلاندىم.

قۇياش نۇرى دېرىزىلەردىن كۈچلۈك نۇر تارقىتىپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدە ئۆزۈم يالغۇز، ئۆز تىنىقىمدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق. دېمەك، دۇنيادا مەندىن باشقا ئادەم يوق. مەن ھەددىدىن ئاشقان بۇنداق يېگانىلىقتىن سىقىلىپ ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. كوچىدا ئادەملەر خۇشال مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئوي - خىياللىرى يوقتەك ئەركىن ھەم بىمالال ئىدى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە ئۆزۈمدىن بېرى تۇغۇلمىغان بىر ئارزۇ پەيدا بولدى. «مەنمۇ ئۆيگە قايتقاندا دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ (بەلكىم مەڭگۈ تاقىماسلىقىم مۇمكىن) ئاندىن بارلىق خىياللىرىمدىن ۋاز كېچىمەن. يېڭىۋاشتىن مۇشۇ ئادەملەردەك غەمسىز بولىمەن» دەپ ئويلىدىم. مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ قەلبىم بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. غۇر - غۇر شامال يۈزۈمنى سىلاپ ئۆتتى. مەن



يوپۇرماقلارنىڭ شىۋىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدۇم. تۇيغۇم ئەزەلدىن بۇنداق سەزگۈرلىشىپ باقمىغانىدى.

بۈگۈن ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئاشۇ دېرىزىگە قاراپ سالدىم. مەن دېرىزىگە قارىمىساممۇ بۇ دېرىزىنىڭ نېرۋامنىڭ مەلۇم بىر جايىدا ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرەتتىم. ئۇ ئەسلىمىلىرىمنى تىنىمسىز قوزغايتتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر پەردىلەر قايرىلمىغانىدى. بەلكىم بۇ پەردىلەر مەن قارىماس بولغاندىن تارتىپ قايرىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەن ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى. مەن بۇ پەردىلەرنىڭ ئېچىلىدىغان ياكى ئېچىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ كەتتىم. يولدا ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. كۆپىنچىسى ئەرلەر ئىدى.

— بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ — ئىتتىك يېنىمغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئىشخانىمىزغا يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان بىرسى تۇراتتى، ئۇ كىمنىلا كۆرسە سەن دەپ سۆزلەيتتى.

— بىرسىنى ساقلاۋاتىمەن، — دېدىم پەرۋاسىزلا. ئۇ لەپپىدە ھېلىقى زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىگە قاراپ قويدى. ئەمدىلىكتە پەردە قايرىۋېتىلگەنىدى. ئۇ خۇددى مېنىڭ ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك قايرىپ قويۇلۇپتۇ.

— ھەر كۈنى قارىسام مۇشۇ يەردە تۇرىسەن. بىرەرىگە ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇيە؟ شۇنداق بولسا ماڭا ئېيت، مېنىڭ بۇ بىنا بىلەن ئالاقەم قويۇق.

— ئۇنداق ئىش يوق. بۇ يەردە تۇرۇپ ئادەملەرنى كۆزىتىش تولىمۇ قىزىقارلىق.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ئەمىسە، — ئۇ يەنە ھېلىقى دېرىزىگە قارىۋېتىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ ئالغان قەدەملىرىدىن كۆزۈمنى ئالماي قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردۇم.

ئۇنىڭ بۇ بىنا بىلەن قويۇق ئالاقىسى بارلىقى بىر ئاز ئىچىمنى سىقىپ قويدى، ئۆزۈمنى بۇ بىنا بىلەن ئەڭ باغلىنىشلىق دەپ قارايتتىم. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ بىنا توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يېنىمدىن ھېلىقى ۋاقىتنى سورايدىغان قىز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەنە ۋاقىتنى سورايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇ سورىمىدى، گەپمۇ قىلمىدى. ئۇنى توختىتىپ: «ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورىغۇم كەلدى. بىراق، ئۇنداق قىلمىدىم. بەدىنىم يول بويىدىكى رىشاتكىغا تېگىپ تۇراتتى، شۇ چاغدا نېمىشقا ئۇنىڭغا ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرىش ئويىغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمىدىم. ھازىرمۇ شۇ چاغدىكى ئويۇمنى بىلمەيمەن. بەلكىم كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەنە ئالدىمدىن مۇشۇنداق ئۆتسە بۇنىڭ سەۋەبىنى تۇيۇقسىز بىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بەلكىم يەنە ئۇنىڭدىن ھېلىقى خىيالنىڭ تۇرتكىسىدە: «ۋاقىتنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟» دەپ سوراپ قېلىشىم مۇمكىن. لېكىن، ھازىر ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۇزاپ كەتتى. مەن بۇ دېرىزىنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرۈپ بېقىشنى تۇيۇقسىز ئويلاپ قالدىم. بۇ ئەزەلدىن كاللامدا پەيدا بولمىغان ئويلارنىڭ بىرى ئىدى. دېرىزە مەندىن ئون نەچچە مېتىرلا نېرىدا. نېمىشقا ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ بۇ دېرىزىنىڭ سىرلىق تەرىپىنى كۆرۈپ باقمايمەن. پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ دېرىزە توغرىسىدىكى ئەسەبىي خىياللار غايىب بولىدۇ ھەم ماڭا نىسبەتەن بۇ دېرىزىنىڭ سىرىنى بىلىش ھوقۇقى بار. بۇنى ئاشۇ دېرىزە ئىگىسىدىن سورىماي بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرۇش ئەخمەقلىق، ئەمدى ۋاقىت يەتتى. بۇ ۋاقىتنى كۈتكىلى ئۈچ يىل بولدى. كېچىكىشكە بولمايدۇ. بەلكىم يەنە كېچىكسەم ئۆمۈرلۈك كېچىكىشىم مۇمكىن. ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ بىنا تەرەپكە ماڭدىم. ئىشىكنى ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئاچتى. خاتالىشىپ باشقا ئىشىكنى چېكىپ سالغان بولماي دەپ



ئويلىدىم. خاتا ئەمەس. ئوڭ تەرەپتىن سانىغاندا تۆتىنچى ئۆي. ئايال سەل ھەيران قالغان ھالدا مېنى ئۆيگە باشلىدى. كۆزۈم ھە دېگەندىلا ھېلىقى زەڭگەر پەردىگە چۈشتى. ئۆي ئىچى تولىمۇ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. لېكىن، بۇ يەردە مەن كۆرگەن ھەم تەسەۋۋۇر قىلغان ھېلىقى گۈزەل قامەت كۆرۈنمەيتتى. ئايال ماڭا بىر پىيالە چاي دەملەپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا نېمە ئىشىڭىز بار دېگەندەك بىر مەنە بار ئىدى.

— بۇ ئۆيدە ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟

— ياق، بىر قىزىم بار، — ئايال سەل ھەيران قالغاندەك جاۋاب بەردى.

— ھەر كۈنى مۇشۇ پەردىلەرنى قايرىيدىغان قىز شۇمۇ؟

— سىز بۇ پەردىلەرگە دىققەت قىپسىز - دە، ئۇ زەڭگەر رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ئايال كۆزۈمگە تىكىلدى.

— سىز ئۇنى تونامسىز؟

مەن ھودۇقۇپ قالدىم. ئۇنى تونۇيمەن دېسەم قاراپ تۇرۇپ ئانا يوللۇق بىر ئايالنى ئالدىغان بولۇپ قالاتتىم. تونۇمايمەن دېسەم ئۆزۈم ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىم. شۇڭا ھازىر ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا قالغانىدىم.

— كەچۈرۈڭ، راستىنى ئېيتسام مەن ئۇنىڭ پەقەت ئەتىگەن ۋە كەچتە دېرىزە پەردىسىنى قايرىيدىغان قوللىرىنىلا كۆرگەن. بىراق، ئۆزىنى كۆرمىگەن. بىر خىل قىزىقىش ئىستىكى مېنى مۇشۇ زەڭگەر پەردىنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كىردى.

ئايال پىيالىگە چاي لىقلاپ قويدى.

— سىز تولىمۇ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنسىز. ئەگەر بۇ سىرنى راستتىنلا بىلمەكچى بولسىڭىز كۆڭلىڭىز يېرىم

بولارمىكىن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — مەن سەل ئەندىشە ئىچىدە سورىدىم.

— قىزىم بۇ يىل 23 كە كىردى. بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بۇ پەردىلەرنى ئۆز قولى بىلەن بۇ دېرىزىگە ئاسقانىدى. ئۇ ھەر كۈنى پەردىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ ياپاتتى، بىراق بىر قېتىملىق ماشىنا ھادىسىدە ئۇنىڭ يۈز قىسمى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەننى ئاز دەپ بەدىنىـــى پالەچ بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. ئۆز چىرايىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىرتقىمۇ چىقمايدۇ. مانا بۇ سىز بىلمەكچى بولغان سىر.

— ئەجەب بۇگۈن ئۆزى يوققۇ؟

— ھەپتە بولدى، يېزىغا ھاۋا يېگىلى كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، كۆڭلىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم (ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى).

— كېرەك يوق، قىزىمنىڭ چىرايى بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مېنىڭ پەرزەنتىم، ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازى يەنىلا شۇ پېتى. باشقىلار باشقىچە نەزەردە قارىغان بىلەن مەن ئۇنى سۆيىمەن.

— شۇنداق، ئۇ ھەممە ئادەملەرنىڭ چۈشىنىـــشـــى، كۆيۈنىشىگە موھتاج. بۇ ئادەملەرنـــىڭ باشقــــلارغا ياردەم بېرىشىدىكى بۇرچى، — دېدىم مەن.

— سىز تولىمۇ ئاقكۆڭۈل يىگىتكەنسىز؟ بەلكىم سىز ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، سىردىشىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، يەنە چىرايىنىڭ كەمسىتىلىشىدىن قورقۇپ مۇشۇ ئۆيگە بېكىنىپ كۈن - كۈنلەپ يالغۇز ئولتۇرىدۇ. ئەمدىلا ياشلىق باھارنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بىر قىز ئۈچۈن بۇ ئاسانمۇ؟ بولمىسا ئۇ قايتىپ كەلگەندە يوقلاپ قويسىڭىز ئۇنـــىڭ ئۈچۈن زور



تەسەللى بولغان بولاتتى.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ، — ھە، راست، قىزىڭىزنىڭ بىرەر پارچە سۈرىتى يوقمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇ قەتئىي سۈرەتكە چۈشكىلى ئۇنىمىدى. بىزمۇ ئۇنى زورلىيالمىدۇق. ئىلگىرىكى گۈزەل چىرايىنى كۆرسىمۇ كۆڭلى بۇزۇلىـــدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بارلىق سۈرەتلىرىنى ئېلىۋەتتۇق.

روھسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۈچ يىلدىن بېرى مەپتۇن بولغىنىم پەقەت بىر زەڭگەر پەردىلا بولدى. ئىسسىت، ئۇنىڭ ئارقىسىغا قارىمىسام بوپتىكەن.

— ئەتىلەتىن قىزىم قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. مۇمكىن بولسا يوقلاپ كېلىڭ. ئۇ ئۆزىگە دىققەت قىلىدىغان بىـــر يىگىتنىڭ بارلىقىنى بىلسە چوقۇم روھلىنىپ كېتىدۇ. سىزمۇ باشقىچە بىر قىزنى كۆرەلەيسىز.

مەن ئايال بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتىم، بەلكىم بۇ مېنىڭ ئاشۇ زەڭگەر پەردىلىك دېرىزە بىلەن خوشلاشقىنىم بولۇپ قالار. نېمىشقىدۇر بۇ پەردىلەر ئەمدى بۇرۇنقىـــدەك سېھىرلىك تۇيۇلمايۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئۈچ يىللىق گۈزەل ھېسسىياتىمنى ئالدىغاننى ئاز دەپ بارلىـــق گۈزەل ئۈمىدلىرىمنى يوققا چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا بۇنداق پاجىئەنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلگەن بولسام ئاللىبۇرۇن بۇ دېرىزىگە قارىمىغان بولاتتىم.

مەن قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئۇ ئۆيگە قايتا بارماسلىق قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، ئاشۇ دېرىزىلا مېنى ئۈچ يىل ئەخمەق قىلغانىدى. ئەمدى يەنە ئىچ ئاغرىتىشىنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتكۈم يوق ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشۇ كوچىدىن ئۆتسەم ھېلىقى دېرىزىگە قارىماي ئۆتىدىغان بولدۇم. مەن رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەندىم. ھېلىمۇ ئۈچ يىل رومانتىكلىـــققا گول

بولغىنىم يېتەرلىك ئىدى. ئۆزۈمنى ئويلىساملا رومانتىكلىقتا ئەسىر بولغانلارنىڭ ئالدىنىشىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقىغا ھەۋەسىم كېلىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىزدەك خىيالىي ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ پۇشايمانغا قالمايدۇ. ھەر ۋاقىت سەگەك رېئاللىق قوينىدا ياشاپ باش ئاغرىقى تېپىۋالمايدۇ.

بۈگۈن قىزنى يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ قولىدا گۈل تۇراتتى. ئۇ گويا ئەتەي مېنى ساقلاۋاتقاندەك ئۆتەر يولۇمنى توسۇۋالغانىدى. ئۇ مەندىن يەنە سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سورايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سورىشى ھەرگىزمۇ ۋاقىتنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالغانىدىم. چۈنكى، ئۇ دەسلەپتىلا مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سورىغاندا قولىدا ناھايىتى ئېسىل بىر سائەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. ھەتتا سائەت مېڭىۋاتقان بولۇپ تۈيغۇمدا ئۇنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغاندەك قىلغانىدىم. قىز مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا باھانە ئىزدەپ قەستەن شۇنداق سورىغانىدى. بۇ نېمىدېگەن ئوبدان چارە - ھە؟

— ياخشىمۇ سىز؟ — قىز ماڭا ئاۋۋال سالام قىلدى.

— ياخشىمۇ سىز؟ بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟

— سىزنى ساقلاپ.

— مېنى؟! — مەن سەل ھەيران قالدىم.

— شۇنداق. ھەيران قېلىۋاتامسىز؟

— مېنى تېخى مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بىرەر قىز ساقلاپ باقمىغان.

— بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى داۋاملىق بىر قىز ساقلايدىغان بولىشى مۇمكىن.

— ماڭا بۇنداق چۈش نېسىپ بولماسمىكىن.



— بۇ تامامەن ئۆزىڭىزگە باغلىق. چۈشۈم رېئاللىققا ئايلانسۇن دېسىڭىز ئويغىنىشىڭىز كېرەك.

— ئەگەر ماڭا ئۇنداق گۈزەل چۈش نېسىپ بولىدىغان بولسا ھەرگىز ئويغانمىغان بولاتتىم.

— ھەرقانداق شېرىن چۈشنىڭمۇ تۈگەيدىغان ۋاقتى بولىدۇ. تېخى ئۇنىڭ ۋاقتى قىسقا بولىدۇ، ئۇنداق ۋاقىتتا ئويغىنىش تېخىمۇ ئازابلىق.

— بۇ گېپىڭىز دۇرۇس بولدى. شۇڭا، مەن ھازىر بارلىق چۈش ۋە خام خىيالنى تاشلاپ رېئاللىق قوينىدا ياشايدىغان بولدۇم.

— ئۇنداقتا ئاۋۇ دېرىزىنى ئۇنتۇپ كېتىپسىز - دە، — قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى دېرىزىنى كۆرسەتتى. دېرىزىدە ھېلىمۇ ھېلىقى زەڭگەر پەردە تارتىقلىق تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ. بۇ دېرىزىنى كۆرسەملا ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىغا بەك ئېچىنىشلىق ھېكايە يوشۇرۇنغان. ئۇ مېنىڭ ئۈچ يىللىق شېرىن چۈشۈمنى بىراقلا ۋەيران قىلىۋەتتى. مەن رېئاللىقنىڭ بايا سىز ئېيتقاندەك ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم.

— بۇ ھېكايىنى مەنمۇ بىلمەن. ئۇنى سىزنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقىڭىزدىن قورقۇپ ئېيتمىغانىدىم.

— مېنىڭ ئەمدى ئۇ ھېكايىنى قايتا ئەسلىگۈم يوق.

— بەلكىم ئۇ قىز سىزنى كۈتۈۋاتقاندۇ.

— مېنىڭ باشقا بىراۋنىڭ بەختسىزلىكىگە شېرىك بولغۇم يوق.

— لېكىن ئۇ سىزنى شۇنچە ئۇزۇن مەپتۇن قىلغان دېرىزىنىڭ ئارقىسىدىكى قىزغۇ؟ بەلكىم بۇ سىزنىڭ ھەقىقىي

ئاق كۆڭۈللۈكىڭىزنى سىنايدىغان پەيت بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئاق كۆڭۈللۈك باشقا گەپ، ھېسسىيات باشقا گەپ. كۆڭۈلنى بىر كىمگە يەڭگىللىك بىلەن سوۋغا قىلغىلى بولمايدۇ - دە.

— ئەگەر ئۇ سىز ياخشى كۆرىدىغان بىرسى بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدىمۇ ھەقىقىي كۆڭلىڭىزنى بەرمەمسىز؟ ئەمەلىيەتتە بىر ئاجىز قىز سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ سىزدەك بىرسىگە موھتاج، سىز ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەمسىز؟ سىزدىكى ئاشۇ دېرىزە پەردىسى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى قىزغا بولغان ئىشتىياق شۇنچىلىككەن - دە؟

— مەن ئەزەلدىن ئۇ قىزنى كۆرۈپ باقمىغان، مېنىڭ كۆرگىنىم پەقەت دېرىزە ۋە ئۇنىڭغا تارتىلغان پەردە، مەن كۆز ئالدىمغا تارتىلغان پەردىلەر تەرىپىدىن ئالداندىم. ھازىردىن باشلاپ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسەم ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ.

— بۇ چىن سۆزىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، بۇ ئاشۇ ۋاقىتتىن بېرى ئويلانغان ئويلىرىمنىڭ يەكۇنى.

— ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشمەمسىز؟

— بەلكىم، چۈنكى قىزلارنىڭ چىرايى باشقىلارغا كۈلۈمسىرەش، ئىللىقلىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن يارالغان. بىراق، مەن بۇ چىرايدىن ئازاب، قورقۇنچتىن باشقا نەرسە كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئويلاپ بېقىڭ، قورقۇنچلۇق نەرسىگە قاراشقا كىممۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن.

— مەن تېخى سىزنى ئۆز ھېسسىياتىنى قەدىرلەيدىغان سەمىمىي يىگىت ئىكەن دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، سىز تولىمۇ شەخسىيەتچى، ئىنسانىي ھېسسىياتتىن مەھرۇم يىگىتكەنسىز.

قىز غەزەپ بىلەن ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. قىپقىزىل گۈل بەرگىلىرى نەمخۇش يەردە چېچىلىپ قالدى.



مەن ئاشۇ دېرىزىگە بولغان ئۇنتۇپ كېتىش ھېسسىياتىنى ئۆزۈمدە پەيدا قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپلا كۆڭلۈمدە بىر خىل غەشلىك پەيدا بولدى. ئەگەر مەن ئاشۇ دېرىزىنى ئۇنتۇپ كەتسەملا بارلىق خۇشاللىقىم ئەسلىگە كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، بۇنداق غەم چىرمىۋېلىشىنى ئەسلا ئويلىماپتىمەن. ئۆزۈمدە بىر بەختسىز قىزنىڭ گۈزەل ئوبرازىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغاندەك، ئۆزۈمنىڭ قەلبىگە داغ تەگكۈزۈپ قويغاندەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى. بار ئىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئەمدى رەسمىي ئىشىنىپ قالغانىدىم. مەن ھازىر بۇرۇنقى ھالىتىمگە قايتىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن - ھە؟ پەقەت ئاشۇ زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىلا مېنى ھەقىقىي شادلاندۇرالىغان، ھەقىقىي رومانتىك ھېسسىياتلار ئىچىگە غەرق قىلالىغانىدى. بىراق، مەن ھازىر ئۇ دېرىزىلەرنىڭ ئالدىدا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدىم. ئەمدى ئۇ تەرەپلەرگە قەدەم باسقۇدەك يۈزۈم قالمىدى. نېمىشقىدۇر ئەمدى ۋىجدانىمنىڭ ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. «سىز تولىمۇ شەخسىيەتچى، ئىنسانىي ھېسسىياتتىن مەھرۇم يىگىتكەنسىز»، ھېلىقى قىزنىڭ شۇ چاغدا دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرغانلاشقا كىرىۋالاتتى. بۇ سۆزلەرگە ئەينى ۋاقىتتا ئانچە دىققەت قىلماپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام ئۇ مېنى تولىمۇ پەسلەشتۈرۈۋېتىدىغان سۆزلەر ئىكەن. بۇ سۆز ھەر قېتىم كاللامدا پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇ يەنە بىرمۇنچە سۇپەتسىز سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ قەلبىمگە ئېغىر روھىي يۈك بولۇپ تۇيۇلاتتى. بىراۋ يۈزۈمگە كاچاتلاۋاتقاندەك بىئاراملىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتىم.

بۈگۈن كېچە يەنە ئاشۇ دېرىزە، ئاشۇ قىز خىيالىمغا كىرىۋالدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم. قارىغاندا مەن ئاشۇ قىز بىلەن كۆرۈشمىسەم

مەڭگۈ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. تاقەتسىزلىك ئىچىدە تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. پەقەت تاڭ ئاتسىلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ، ۋىجدان ئازابىمدىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسىلا باشقا ھەرقانداق ئازابقىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن، دەپ ئويلىدىم.

سەھەردە ئورنۇمدىن تۇردۇم، يۈزۈمنى يۇمىدىم، ناشتىمۇ قىلمىدىم، ئۇدۇللا بېرىپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئىشىكنى چىرايلىق بىر چوكان ئاچتى. ھېلىقى ئايال نەگە كەتكەندۇ. بۇ قىز كىم بولغىيدى. دىلغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — چوكان ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— بۇ ئۆيدە ئولتۇرغان. . . — قارىغاندا ئىشىكنى خاتا چېكىپ سالغان ئوخشايمەن. ئىشىك نومۇرىغا قارىدىم، قەۋەت ۋە ئۆي نومۇرى توغرا ئىدى.

— ھە، سىز بۇرۇنقى ئۆي ئىگىسىنى ئىزدەيدىكەنسىز - دە. بۇ ئۆيدىكىلەر يېرىم يىل ئىلگىرى كۆچۈپ كەتكەن. بىزمۇ بۇ ئۆيگە تېخى يېقىندىن كۆچۈپ كىردۇق.

— مەن دەل ئاشۇ كۆچۈپ كەتكەنلەرنى ئىزدەيتتىم. ئۇلارنىڭ يېڭى ئادرېسىنى بىلەمسىز؟

— كەچۈرۈڭ، بىلمەيدىكەنمەن. بەلكىم قوشنىلار بىلەمدىكىن.

— ئاپا! چېپىم تۆكۈلۈپ كەتتى، — ئىچكىرىدىن كىچىك بالىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايال يا مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنى، يا ئىشىكنى يېپىۋېتىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، — مەن خوشلىشىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتىم. بۇ ماڭا بىر تۇرۇپ



ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلغانلىقنىڭ بېشارىتىدەك، يەنە بىر تۇرۇپ باشلانغىنىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

مەن ۋاقىتنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ جاراھەتلەرمۇ بارا - بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك كۈن ۋە ئايلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئىشلارمۇ ئېسىمدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. قىزنىڭ يېڭى ئادرېسىنى بىلمەسلىكتەك سەۋەب مېنى چوڭ ئاۋارىچىلىقتىن خالىي قىلدى.

بىر كۈنى ئەمدىلا ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى ھەممە ئادەمنى «سەن» لەپ سۆزلەيدىغان خىزمەتدىشىم كىرىپ كەلدى. ئەمدى ئۇ بۇ ئىدارىغا كونىراپ خېلىلا يېقىن ئۇلپەتداشلاردىن بولۇپ قالغاندۇق.

— يۇرە، سېنى بىر يەرگە ئاپىرىمەن، — دېدى ئۇ.

— نەگە؟

— بارغاندا بىلىسەن.

— ئاۋۋال دېمەمسەن؟

— بۈگۈن بولغۇسى قېيناناڭ يۈز كۆرۈشۈشكە چاقىرىپتۇ. شۇ يەرگە بارىمىز.

— مېنى چاقىرمىسا مەن نېمىدەپ بارىمەن.

— يالغۇز بېرىشتىن خىجىل بولىدىكەنمەن.

— ۋاي - ۋۇي، سېنى يەۋېتەمتى، بېرىۋەرمەمسەن؟

— بىر ياردەم قىلە.

— مەن بۇنداق ئىشلارنى قاملاشتۇرالمايمەن جۇمۇ.

— پەقەت، ھە، ھۇ دېيىشىپ بەرسەڭلا بولىدى.

— قانداق بولاركىن.

— بۇ ئىدارىدە سەن بىلەنلا كۆڭلۈم يېقىن، باشقىسى بىكار. مۇشۇ ئايدا تويۇم بولىدۇ، تېخى قىلىشىپ بېرىدىغان ئىشلىك جىق.

— قاچان قولغا كەلتۈرۈۋالغانتىڭ، ئەجەب مەن بىلمەپتىمىنا؟

— بەك تەسكە چۈشتى ئاداش، بىز كىچىكىمىزدىن تونۇش. بىراق، ماقۇل كەلتۈرگىلى تېخى يېرىم يىلچە بولدىغۇ دەيمەن.

— ئەجەب تېز تۇتۇش قىپسىلەرغۇ، چىرايلىق ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنى بىر دېمە، ئەخلاق، چىراي دېگەندە ھەممىنىڭ ئالدى. . .

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. بىز بارىدىغان ئۆي شەھەرنىڭ سەل چېتىگە جايلاشقان بولسىمۇ خېلى كۆجۈم مەھەللە ئىكەن. ئۆيگە كىرىپلا ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى چوڭ خاتالىقتا يول قويغانلىقىمنى بىلدىم. بىزنى كۈتۈۋالغىنى دەل زەڭگەر پەردىلىك ئۆيدىكى ھېلىقى ئايال ئىدى. مەن ھودۇققىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— ئۇزۇن بولدى، سىز كۆرۈنمىدىڭىزغۇ؟ — ئايال ماڭا چاي قۇيغاچ سورىدى.

— خىزمەت ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، — مەن ئايالنىڭ كۆزىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىپ يان تەرەپكە قارىدىم، قارىدىمۇ چۆچۈپ كەتتىم. تامدىكى نەقىشلىك جاھازىدا ناھايىتى گۈزەل بىر قىزنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ خۇددى ماڭا «سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟» دېگەندەك قاراپ تۇراتتى.

— ھېلىقى چاغدا سىزنى كېلەمدىكىن دەپ بىرقانچە كۈنگىچە ساقلىدۇق، بىراق سىز كەلمىدىڭىز. قىزىمنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. كېيىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق.

— ئۇ ھازىرمۇ يېزىدىما؟

— ياقەي، سىلەرگە تاماق ئېتىۋاتىدۇ.

— نېمە؟ تاماق ئېتىۋاتىدۇ؟ ! — مەن چۈشىنەلمەي



ۋارقىراۋەتتىم، — سىز ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ دەۋاتمامتىڭىز؟

— بۇمۇ شۇ قىزىمنىڭ كۆرسەتمىسى بولمامدۇ. ھازىرقى ياشلار نېمىلەرنى ئويلايدىكىن، شۇنداق بىر ھېكايىنى سىزگە ئوقۇپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغان.

— ئۇ ئاشۇ سۈرەتتىكى قىز شۇمۇ؟

— دەل شۇ، — ئاچچىق بىر ئازاب قەلبىمنى تىلغاپ ئۆتتى.

— سىلەر تونۇشىدىكەنسىلەر - ھە؟ — دوستۇم ھەيران قالغان ھالدا سورىدى، — ھېلىقى ھېكايە قانداق ئىش ئىدى.

— ئۇ ئەسلىدە گۈزەل مۇزىكىغا ئوخشايتتى. كېيىن تارى ئۈزۈلدى، خاتىمىسى كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

بىز دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدۇق. ئىشىكتە پەتنۇستا تاماق كۆتۈرگەن ھالدا سۈرەتتىكى قىز تۇراتتى.

— سىز ئاجايىپ غەلىتە سۆزلەرنى قىلىسىز؟ — دوستۇم ئۇنى ماختىغاندەك سۆزلەپ قويدى، — ئىككىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.

— بىز كونا تونۇش.

— شۇنداقمۇ؟ — دوستۇم جىمىپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى باغلاپ ئارىمىزدا نېمە مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك قىلىۋاتاتتى. مەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى ئىدىم. بىراق، بۇ يەرگە ئۆزۈمنى ئازابقا قويغىلى كەلگىنىمنى چۈشەندىم. قىز ئاستا دېرىزە پەردىسىنى قايرىۋەتتى. سىرتتىن قۇياشنىڭ ئاخىرقى شولىلىرى ئۆيگە چېچىلدى. ئۇ ماڭا ناھايىتى قىممەتلىك بىر ھېكايىنى ئەسلەتتى، بۇ ھېكايە ماڭا نىسبەتەن تولىمۇ ھەسرەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق ھېكايە ئىدى. مەن ئاشۇ پەردىلەرنى قايرىغان ئاپئاق قوللارغا ھەسرەت بىلەن قاراپ قالدىم.

# قالدى مۇھەببەت يىراقتا

1

گۈلسۇم!

ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتقاندا قەلبىمنىڭ كۆز ياشلار بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئادەمنىڭ ھاياتىدا تۆككەن ياشلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ھەممە نەرسىگە ئۈمىدسىز قارايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. شۇ تاپتا قەلبىمدىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ پايانى يوق. ئۆزۈمنى خۇددى يىراق دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن يېگانە قېيىقتەك ھېس قىلىمەن. مەن ئىزدىگەن ئۇ قىرغاق زادى قەيەردە؟ ئۆزۈمگە ھەمىشە شۇنداق سوئال قويىمەن. بىراق، سوئاللىرىم ھەمىشە شۇ پېتى ئۈن - تىنسىز ھالدا قېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا دۇنيا، كائىنات، ھەربىر قەلب مەڭگۈ سۈكۈت قىلىدۇ.

ھايات يولىدىكى تېڭىرقاشلىرىم ۋە مۇھەببەت يولىدىكى مەغلۇبىيەتلىرىم مېنى ناھايىتى غېرىب ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ مەڭگۈ يېگانە ئارالدەك ئاشۇ دېڭىزدا يېگانە قالىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئەمدى كېلەچەك توغرىسىدا سۈرگەن خىياللىرىم، بەخت توغرىسىدا ئويلىغان ئويلىرىم، مۇھەببەت توغرىسىدىكى شېرىن چۈشلىرىم مەڭگۈ بولمايدۇ.

گۈلسۇم!

ئادەم زىددىيەت چەمبىرەكلىرى ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەندە ئۆز قايغۇسىنى ئېيتىدىغان ۋە ئىچكى سىقىلىشنى تۆكىتىشكە



ياردەم بولىدىغان بىر دوستقا نەقەدەر موھتاج بولىدۇ - ھە! شۇ تاپتا يېنىمدا بولۇشۇڭنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇسكى بۇ بىر خىيالدىنلا ئىبارەت. شۇ تاپتا سېنىڭ يېنىڭغا ئۇچۇپلا بارغۇم كېلىدۇ. قەلبىمدىكى نۇرغۇن سۆزلىرىمنى تۆكۈۋالسام يەڭگىللەپ قالارمىدىم. بەلكىم ئۇنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەسمەن. مەڭگۈ بىر ئۆمۈر ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ئۆتەرمەن. شۇنداقتىمۇ دوستۇم، ئۇنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنى ساڭا ئېيتىش قارارىغا كەلدىم. كېيىنكى ئىجادىيىتىڭگە ماتېرىيال قىلارسەن.

سىرتتا ئاي غەمكىن شولىلىرىنى تاسقاپ تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش يېگانە، ئۇزۇن تۈنلەردە ھەمراھ بولىدىغان دوستى يوق. يېقىندىن بېرى بۇ ئىككىمىز يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭغا قاراپ كېچە - كېچىلەپ خىياللىرىمنى تۆكىمەن. ئۈنسىز سىردىشىمەن. نۇرغۇن سۆزلىرىمنى، ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئورتاقلىشىمەن. ھېچ بىلمىدىم، ئۇ بۇلارنى چۈشىنەمدىكىن، ئۇنىڭدىن ئالغىنىم پەقەت جىمجىت سۈكۈتتىن ئىبارەت بولدى. مانا ھازىرمۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا جىمجىت سۈكۈت چاقناپ تۇرۇپتۇ. كائىنات شېرىن ئۇيقۇدا، ئاي بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىق — ھەر ئىككىلىمىز ئويغاق تۇرۇپتىمىز. بىراق، قەلبىمىز ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە.

گۈلسۇم، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم - ھە؟ مەن ساڭا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىم ھەققىدە سۆزلىمەكچى ئىدىمغۇ!

. . . شۇنداق قىلىپ سىلەر يېزىدا قالدىڭلار، پۇلاڭلىغان قوللار، تونۇش يوللار ۋە تونۇش مەنزىرىلەر مېنى ئۇزىتىپ قالدى. شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى ئويلىسام ھېلىمۇ كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ. شۇ چاغدا ماڭا چوڭ شەھەردە ئوقۇش خۇشلۇقى بىلەن سىلەردىن ئايرىلىشمۇ ئانچە بىلىنمەپتىكەن. مانا ئەمدى

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سىلەرنى تولىمۇ سېغىنغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئاپتوبۇس مېنىڭ خىياللىرىمدەك ئۇزۇن بولغان يوللارنى بېسىپ ئاخىرى ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى. مەن بۇ يوللارنى تۈگىمەسمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. شۇ چاغدىلا سىرتقى دۇنيانىڭ ناھايىتى چەكسىزلىكىنى، يۇرتىمىزنىڭ مۇنچىۋالا چوڭلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. يوللارمۇ تۈگەپ قالدى. مىڭ تەستە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ مەكتەپكە ئورۇنلىشىۋالدىم. ئوقۇش ھاياتى شۇ قەدەر شېرىن بولسىمۇ، بىراق كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاللىقانداق ئەندىشە ياكى كۆڭۈل يېرىمچىلىقىغا ئوخشاش تۇيغۇ بار ئىدى. بۇنى مەن بىر مەزگىللىك يات مۇھىتقا كۆنەلمەسلىكتىن بولدى دەپ ئويلىدىم. كۈنلىرىم خېلى مەزگىلگىچە بىر خىل گاڭگىراش ئىچىدە ئۆتتى.

كۈنلەر بىر خىل رىتىمدا داۋام قىلماقتا. شىمالنىڭ ھاۋاسى ئادەتتە بىز تەرەپلەرگە قارىغاندا نەمرەك بولىدۇ. بىرنەچچە يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىزدا مەن بۇ يەردە يۇرتىمىزدىكىدەك كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ھەممىدىن بەك چۈشەنگىلى بولمىغىنى، بىردە قارىسا يامغۇر يېغىپ، بىردە قارىسا ھاۋانىڭ ئېچىلىپ تۇرغىنى ئىدى. بەزىدە تېخى بىردەمدىلا يامغۇر يېغىپ بىردەمدىلا قارغا ئۆزگىرەتتى. بۇ ماڭا دەسلەپتە غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ ھازىر كۆنۈپ كەتتىم. مەيلى قار ياغسۇن، مەيلى يامغۇر ياغسۇن بىكار بولسىلا كۇتۇپخانىغا يۈگۈرەيتتىم. ساڭا ئېيتسام، يېزىدا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. مەن ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىكار تۇرماي كىتاب كۆرەتتىم. بۇ يەردىكى ئەۋزەل شارائىت، ئۆزگىچە مۇھىت مېنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ھېلىمۇ ئۇرۇمچى كىشىلىرىنىڭ قانات ياساپ ئۇچمىغىنىغا ھەيرانمەن. بەلكىم



ئادەم ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىسە كېرەك. شۇڭا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىمۇ ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ.

كۇتۇپخانا مەن ئەڭ ئامراق جايلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ يەر كىتاب كۆرمىگەندە ئارام ئالىدىغانمۇ ئەڭ ياخشى جاي ھېسابلىنىدۇ. پەستىكى يېشىل مەنزىرە دەرەخلىرى، ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەر ئادەمنى ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇغا غەرق قىلىدۇ. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن ئەزەلدىن ئويۇن - تاماشىغا ئامراق. كۆلكە - چاقچاقسىز كۈن ئۆتكۈزەلمەيتتىم. بىراق ھازىرچۇ؟ سەن ئويلاپمۇ يېتەلمەيسەن، نېمىشقىدۇ تەنھا يۈرۈشنى ياقتۇرۇپ قالدىم. تىنچ خىلۋەت بىر جاينى تېپىپ ئۇزاق - ئۇزاق خىيال سۈرۈشنى ياقتۇرىمەن. نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بەزىدە تۇرغان جايىمدىلا ئولتۇرۇپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىمچە ناھايىتى ئۇزاق خىيالغا چۆكۈپ كېتىمەن. ئەپسۇسكى، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا نېمىنى ئويلىغىنىمنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىمەن. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن گۈلسۈم؟ بەلكىم بىلمەيسەن، بىر ئۆمۈر بىلمىسەڭمۇ ياخشى بولاتتى. قەلبىمدىكى دەرد - ھەسرەتلىرىم، ھايات يولىدىكى ئوڭۇشسىز سەرگۈزەشتلىرىم سېنىمۇ پاراكەندە قىلىشى مۇمكىن. ئەمما گۈلسۈم، مېنىڭ شۇ تاپتا سەندىن باشقا ئەھۋال ئېيتقۇدەك ھېچكىمىم يوق. بۇ ئىشلارنى ئېيتمىسام مېنى دەرد - ھەسرەت يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ. ئاھ، مەندەك شادىمان بىر قىزنىڭ نېمىشقا بۇنچە ھەسرەتلىك، بۇنچە مۇڭلۇق قىزغا ئايلىنىپ قالغىنىنى چۈشىنەمسەن؟ بۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتقانسەن بەلكىم. ئېيتسام ھەيران قېلىشىڭ مۇمكىن، بۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى ھېسسىيات دولقۇنلىرىنىڭ ئويغىنىشى، شۇنداقلا ھاياتىمدىكى پاجىئەنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئاھ، بۇ ھېسسىيات دولقۇنى قاچاندىن باشلاپ مېنىڭ قەلبىمدە تىمتاس كۆمۈلۈپ ياتقان بولغىيتتى؟ بەلكىم

بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغان گەپ. بىراق مەن بۇنى تا ھازىرغىچە بايقىيالماي كەپتىمەن. گۈلسۈم، بەلكىم بۇ بىز قىزلارنىڭ قەلبىمىزدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى ناھايىتى پىنھان تۇتقانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇ خۇددى ئۇرۇق پوستى ئىچىدىن ئۈنۈپ چىقىپ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەندەك ئادەم قەلبىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىكەن. بۇنىڭغا ھەيران قالىدىكەنسەن. نېمىشقىدۇر بۇ ھېسسىيات مايسىسىنى يۇلۇۋېتىشنى ئەمەس، ئاسراپ ئۆستۈرۈشنى خالايدىكەنسەن. ئۇنى قانچە پىنھان تۇتقانسېرى قەلبىڭدە شۇنچە ئاشكارىلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى ئەتەي قاچۇرغاندەك قىلساڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئوغرىلىقچە قارىغىنىڭ كېلىدىكەن. قىسقىسى، ئادەمدىكى سۆيگۈ ھېسسىياتى توسالغۇسىز بىر خىل سىرلىق ئېقىمغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئەقىل، ئىدراك، تەسەۋۋۇرىنى قورشىۋالىدىكەن. مەن مۇشۇ خىل ھېسسىيات ئىچىدە بىر مەزگىل ناھايىتى قىينالدىم. ياق، بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك قىينىلىشىمنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ھېسسىيات جەھەتتە باسقان كىچىككىنە بىر قەدەم ئاخىرىدا سېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھايات يولۇڭ بولۇپ قالىدىكەن. مەن بۇنى كېيىنچە ھېس قىلدىم. بىراق، ئۇ چاغدا كىچىككەنىدىم.

ھەممە ئىش ئاشۇ بىر قېتىملىق كىنو كۆرۈشتىن باشلاندى. مېنىڭ ئويۇن - تاماشادىن قالمايدىغىنىم ساڭا ئايان. يېزىمىزدا يېڭى كىنو ياكى ئويۇن قويۇلۇپلا قالسا ئىككىمىز بىرىنچى بولۇپ كۆرمەي قالمايتتۇق. يېزىدىكىلەرنىڭ قانداقلىقى ساڭا ئايان، نامازشام بولۇشى بىلەنلا قىزلارنى سىرتقا چىقارمايدۇ. بىراق، ئۆيىمىز كىنوخانىنىڭ يېنىدىلا بولغاچقا نۇرغۇن كۆرەشلەر ئارقىلىق پۇرسەتنى ئاخىر قولغا كەلتۈرگەنىدۇق. بۈگۈن «ئىتتىپاق تىياتىرى» دا ھىندىستاننىڭ بىر فىلىمى قويۇلىدىكەن. كەچتە زۆلپىيە بىلەن بىرگە



بارماقچى بولدۇق. ئەلۋەتتە، كىنوغا قىزلار يالغۇز بارالمايتتۇق. شۇڭا، ئوغۇللار ھەمراھ بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن غەم قىلما، ئامالىنى ئۆزۈم قىلاي، دېدى زۆلپىيە. ئۇ مەندىن ئىككى سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيتتى. كۆز قاراشلىرىمىز، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمىز ئوخشاش بولغاچقا ئىككىمىزنىڭ مىجەزى ناھايىتى ئاسانلا چىقىشىپ قالغانىدى. شۇڭا، نېمە ئىش قىلساق بىرگە قىلاتتۇق. بىراق، بىرلا ئىشتا ئۇ مېنى ھەمراھ قىلمايتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ يۈرۈۋاتقان يىگىتى بار ئىدى. دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، ستۇدېنت قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرۈۋاتقان يىگىتى بولىدۇ. ئۇ سېنىڭ باشپاناھىڭ ھەم تۇرمۇشتىكى ھەمراھىڭ، ئىشقىلىپ بۇ يەردە مۇھەببەتسىز تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مېنى قېلىن دەۋاتقانسەن ھەقاچان. بەلكىم بۇ يەردىكى ئەھۋالنى چۈشەنمەسلىكىڭدىندۇر. بۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئىش تۇرسا مەندە نېمە ئامال. يەنە كېلىپ بۇ دېگەن ئەركىن جەمئىيەت - تە.

— سەنمۇ بىرنى تاپساڭ بولاتتى، — دەيتتى زۆلپىيە. بىراق، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە پەرۋا قىلمايتتىم، — كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسەن، — دەيتتى ئۇ ۋە كۈلۈپ قوياتتى.

زۆلپىيە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. مەن بىر پەس ئۆزۈمنى تۈزەشتۈردۈم. چېچىمنى قويۇۋەتسەم بولارمۇ ياكى تۈگىۋالسام بولارمۇ دەپ ئويلىدىم. تۈگىۋالسام ياخشىدەك قىلاتتى. بىراق، ھەرقانچە قىلىپمۇ قاملاشتۇرالمىدىم. بۇ چاچ ماڭا ياراشمىدى دېگەن ئوي كاللامدىن كەچتى - دە، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتىم. كۆڭلۈم يېيىلىپ قالغاندەك ئىدى. پەستىن زۆلپىيەنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مانا، ھازىر، — دېدىم مەن دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپ. پەسكە چۈشسەم ئۇلار مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

زۇلپىيەنىڭ يىگىتىنى مەن تونۇيتتۇم. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئورۇق يىگىت تۇرۇپتۇ. بەلكىم ئۇنى زۇلپىيە ماڭا ھەمراھ بولسۇن دەپ ئېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

— ئىسمىم ئۆمەر، تونۇشۇپ قويايلى،— ئۇ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. مەن تارتىنىپراق ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يەنە قويۇۋەتتىم.

— ئىسمىم رىزۋان،— مەن ئۆز ئىسمىمنى ئېيتىۋاتقاندا گويا بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتەك ئاۋازىم ناھايىتى پەس چىقتى. ئۇ ماڭا ناھايىتى يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. باشقىلارغا قانداق تۇيغۇ بەرگەندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزى گۈگۈم سايىسى ئاستىدا ناھايىتى جىمجىت ۋە ئۇنسىز بوشلۇقتەك كۆرۈنەتتى. كۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا ناھايىتى ئۇزاق چەكسىزلىك يېپىلغانىدى. بىز ئاستا مېڭىپ مەكتەپ ئىچىدىن چىقتۇق. يولدا ماشىنىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. نەدىدۇر بىر يەردىن ياڭراۋاتقان مۇزىكا ئاۋازى كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. مەن ئۇنى ماڭا گەپ قىلامدىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭمۇ ماڭا گەپ قىلغۇسى باردەك قىلاتتى. بىراق، ئۇ نىمىشقىدۇر گەپ قىلماي مېڭىۋەردى. قايرىلىپ چوڭ يولغا چىقتۇق. يولدا ئادەملەر كۆپىيىشكە باشلىدى. نېمىشقىدۇر مەندە ئادەملەرگە قارىتا تۇيغۇ يوقالغاندەك ئىدى. مۇزىكا ئاۋازى يىراقتا قالدى. ئاندىن بارا - بارا ئاڭلانماي قويدى.

— سىز كىنو كۆرۈشنى ياقتۇرامسىز؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى باياتىنقىدەكلا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. مەن سەل ھودۇقۇپ قالدىم. بۇ سوئال ماڭا سەل باشقىچىرەك تۇيۇلدى، نەزىرىمدە بىر ئوغۇل بالا بىر قىز بىلەن تۇنجى قېتىم سۆزلەشكەندە ھەرگىز بۇنداق سۆزلىمەيتتى. ھېچ بولمىغاندا ئۇ نەلىكلىكىنى ياكى زۇلپىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى



سورىغان بولسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئامالسىز شۇنداق دەپ سوراپ قالدى. مەن دەماللىققا جاۋاب بېرەلمىدىم. دېمىسىمۇ مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ كىنو كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيتتىم. ھازىر بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن راستىنىلا كىنو كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلدىم. بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ مۇھەببەت فىلىملىرىنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەنمەن. لېكىن، ئۇ قانداق فىلىملەرنى ياخشى كۆرەر؟ مەن ياخشى كۆرگەن فىلىملەرنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا ئۆزۈمنىڭ كۈلگىسى كېلىپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشى بىلەن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى بىرلەشتۈرۈۋالغىنىم نېمىسى؟

— قىزلارنىڭ كىنوغا ئامراقلىقىنى بىلىسىزغۇ؟— دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ. ئۇ بىر پەس جىمىپ قالدى. زۇلپىيەلەر ئارقىمىزدا قالغانىدى. مەن ئۇلارنى يېتىشىۋالسۇن دەپ قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم. بىراق، ئۇلار بىزدىنمۇ ئاستا مېڭىۋاتاتتى. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ پات ئارىدا بىزگە يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇلاردا بۇنداق ئويمۇ يوقتەك قىلاتتى.

— ھەممە قىزلارنىڭ كىنوغا ئامراق بولۇشى ناتايىن،— دېدى ئۇ.

— مۇتلەق دېگىلى بولمىسىمۇ كۆپىنچىمىز شۇنداق،— دېدىم مەن،— سىز ئۆزىڭىز كىنوغا قانداق قارايسىز؟

— كىنو كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. مەن ئۆزۈمنى كىنودىكى بىر تاماشىبىن ۋە ئارتىس دەپ ئويلايمەن.

— سىز بەك رومانتىككەنسىز.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، يەنە كېلىپ بۇ بەك ھاماقەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن مەن ھايات سەھنىسىدىكى رولۇمنى

ياخشى ئېلىپ چىقىشقا تىرىشىمەن.

تۇرۇپلا ئۇنىڭ كىشىلىك هايات كۆزقارىشىنى سۆزلەپ كېتىشى مېنى ئۆزىگە يېقىن كۆرگىنىدەك بىر تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويدى.

— ناتايىن، — دېدىم مەن، — تەقدىر سىزنى ئويلىمىغان يەردىن بىر مەغلۇبىيەتچىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇ هەيران بولغاندەك كۆزۈمگە تىكىلدى. مەن هودۇقۇپ قالدىم. ئالدىراپ قىلغان بۇ سۆزۈم ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ سۆزۈمنى راستىنلا ئانچە قاملاشمىغاندەك هېس قىلدىم. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ قارىشىدىن ۋۇجۇدۇمنى شېرىن تۇيغۇلار قاپلىۋالدى. بۇ قاراش مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ۋەهىمىلىك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنداق دېگەندىمەن دەپ ئويلاپ قالدىم.

— دېگىنىڭىز توغرىدۇ. لېكىن، هەممىمىز تۇرمۇشتىكى رولىمىزنى ياخشى ئېلىپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ياخشى ئارتىس بولالمىغاندىمۇ ياخشى رول ئېلىپ بېقىشقا تىرىشىش هەممىمىزنىڭ هايات يولىدىكى مەجبۇرىيىتى.

مەن ئەمدى يەنە ئارتۇقچە سۆزلەپ سالماي دەپ باشقا گەپ قىلمىدىم. زۇلپىيەلەر تېخى يېتىپ كېلەي دېمەيتتى. ئارقامغا قايرىلىپ ئۇلارغا قارىدىم، ئۇ يىگىتى بىلەن بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ تولىمۇ ئاستا كېلىۋاتاتتى.

— ئۇلار يېتىشىۋالسۇنمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئاز قاپتىمىز، مېڭىۋېرەيلى، — دېدى ئۇ. ئۇ زۇلپىيەلەرنىڭ پاراڭىغا دەخلى قىلىشنى خالىمىغاندەك ئىدى. زۇلپىيەگە هەۋىسىم كەلدى. يېنىڭدا شېرىن دەقىقىلەردىن بىرگە هۇزۇرلىنىدىغان بىر هەمراهىڭ بولسا نەقەدەر ياخشى - هە! مەن ئۆمەرگە ئوغرىلىقچە سەپسالدىم. ئۇنىڭ غەمكىن، ئەمما كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان چىرايى كىشىنى خېلى



جەلپ قىلاتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چېچى هەددىدىن زىيادە قارا ئىدى. مەن بۇنداق قارا چاچلارنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ چاچ سەندە بولماي مەندە بولسىچۇ دەپ ئويلىدىم. تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان قوشۇمىلىرى ئۇنى تېخىمۇ خىيالچان قىلىپ كۆرسىتەتتى ۋە قويۇق قاشلىرى قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن قوشۇلۇپ تىپىك بىر ئۇيغۇر يىگىتىگە خاس سالاپەت ئاتا قىلغانىدى. مەن نېمىشقىدۇر ئاشۇ كۆزلەرگە تۇنجى قاراشتىلا بىر نەرسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بولغانىدىم. مەن بىردىنلا ئۆزۈمدىن خىجىل بولدۇم. بۇرۇن هېچكىمگە بۇنداق هېسسىياتتا بولمىغانىدىم. بىراق بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ مەن ئويلىرىمنى ئۆمەر بىلىپ قالدىمىكىن دەپ ئۇنىڭغا قارىدىم. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئىتتىك يەرگە قارىدىم. بۈگۈن تازا قاملاشمىغىلى تۇردۇمغۇ دەپ ئويلىدىم ۋە ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كەلدى. جىمجىت هالدا كىنوخانا ئالدىغا كەلدۇق. ئۆمەر بېلەت ئېلىش ئۈرنى تەرەپكە كەتتى. مەن ئۇنىڭغا پۇل تەڭلەي دەپ ئويلىغان بولسامىمۇ بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم. بەلكىم ئۇ رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. يىگىتلەر بۇنداق ئىشلاردا ئاسانلا رەنجىپ قالىدۇ. بەلكىم بۇنى قىزلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىسا كېرەك. لېكىن، تۇنجى كۆرۈشۇشتە بىر يىگىتنى بېلەت ئالغىلى سالسام قانداق بولار، دەيدىغان قاراش كاللامدا لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ زۇلپىيەمۇ ئەجەب كەلمىدى!

ئۆمەر بېلەتنى ئېلىپ كېلىشكە ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى. قارىسام زۇلپىيە شۇنچە خاتىرجەم. مېنى بىر ناتونۇش يىگىت بىلەن يالغۇز تاشلاپ قويغاندەك قىلمايتتى.

— مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭمىكىن دەپتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا.

— ئۆزۈڭ بىزنى ئارقىدا قويۇپ كېتىۋالغان تۇرساڭ.

هەرقانچە قىلىپمۇ يېتىشەلمىدۇققۇ ـ تاڭ!

ئۇنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىغا ئاچچىقىم كەلدى. بىراق دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. بىز كىنوخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. زال ئىچىدە ئادەم بەك كۆپ ئىدى. كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچىلاردەك قىلاتتى. مەن تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىدى. مەن هودۇقۇپ قالدىم. ئىلگىرى بۇنداق سورۇنلاردا هودۇقۇپ يۈرمەيتتىم. بىراق بۈگۈن ئۇلار نېمىشقىدۇر باشقىچە نەزەردە قارىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بەزىلىرى مارۇژنى، كەمپىت يەۋاتقان، بەزىلىرى پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقان. ئۇلارنى مەن توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. ئورنىمىزنى تېپىپ ئولتۇرغىچە بۇنداق هېسسىياتتىن خالىي بولالمىدىم. پەقەت ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ ئەركىن نەپەس ئالدىم. زال ئىچىنى ناهايىتى پەس شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ مۇهىت ئادەمگە هېچكىمنىڭ كىنو كۆرۈش بىلەن خۇشى يوقتەك تۇيغۇ بېرەتتى. سائىتىمگە قارىسام كىنو باشلاشقا يەنە بەش مىنۇت ۋاقىت قاپتۇ. بۇ بەش مىنۇت ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ كەتتىم. زۇلپىيەگە قارىسام ئۇ يىگىتى بىلەن بىر نەرسە توغرۇلۇق ناهايىتى پەس ئاۋازدا سۆزلەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كەلدى. بۈگۈن نېمە بولدىكىنە. بىز تېخى ئەمدىلەتىن تونۇشقان تۇرساق بىز بىلەن كارى يوق قىلىۋاتقان ئىشىنى قارىمامدىغان، ئۆزۈمگىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. باشقىلار ئاسانلا چىقىشىپ پاراڭلىشالايدىكەن. مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايدىغاندىمەن؟ بىلمەن، ئۇلار كىچىككىنە بىر ئەهمىيەتسىز تېمىنى تېپىۋالسىمۇ ناهايىتى چوڭ تېمىدەك قىلىپ سۆزلىشىپ كېتىدىكەن. مەندە ئۇنداق هېسسىيات يوق. ئۆمەر مېنى بەلكىم شۇ تاپتا بىرەر مەسىلىنى ئويلاۋاتىدۇ ياكى ماڭا گەپ قىلىش ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىۋاتىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك. لېكىن،



مەن ئۇنداق ئەركىن بولالمىدىم. قىزىق، مەنمۇ بۇنداق كەم سۆز يىگىتنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم ئىدى. ئۇ ئادەمنى جەلپ قىلاتتى. لېكىن قىيىن ئەهۋالدا قوياتتى. ئۇنىڭ جەلپ قىلىدىغان تەرىپىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.

چىراغ ئۆچۈپ كىنو باشلاندى. ئېسىمنى يىغىپ پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئېكرانغا يۈزلەندىم.

كىنوخانىدىن چىققاندا ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېيىلىپ، ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى.

سالقىن شىمال شامىلى چاچلىرىمنى ئۇچىراتتى. كۆڭلۈم شېرىن تۇيغۇلارغا غەرق ئىدى. كىنودىكى ۋەقە ماڭا بەك تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. خۇددى ئاشۇ ئىشلار مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەندەك مۇڭلىنىپ قالدىم. مەن هەمىشە كىنو كۆرسەم ئۆزۈمنى شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پېرسوناژدەك هېس قىلاتتىم. شۇڭا، كۆپىنچە هاللاردا كىنودىكى پېرسوناژلارنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئېسىمدىن چىقىرالمايتتىم.

قاتارلىشىپ كېتىۋاتىمىز، يولدا ئادەملەر شالاڭلاشقان، ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان ماشىنىلار تۈن قوينىغا سىڭىپ ئاخىر كۆزدىن غايىب بولاتتى. بىز ئاستا ـ ئاستا كىنو هەققىدىكى تەسىراتلىرىمىزنى سۆزلەپ ئاخىرىدا قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتۇق. كىنو هەققىدىكى قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە، تەهلىللىرىمىز ئاغىزىمىزدىن چىققان ئەكس سادانى بېسىپ كېتەتتى.

بىز مەكتەپ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى تۇيمايلا قاپتىمىز. مەكتەپ ئىچىگە قاراڭغۇلۇق ئۆز شولىسىنى يايغانىدى. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا ئۇخلاۋاتقان جىمجىتلىق ئەتراپقا شولا تاشلاپ تۇراتتى. ئەتراپتا كۈندۈزدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەندىن ئەسەرمۇ يوق، بىر خىل ئارامبەخش مەنزىرە قۇچاق يايغانىدى. قاراڭغۇلۇق باسقان بىنالارنىڭ بەزىلىرىدە چىراغ

ئۆچكەن، بەزىلىرى ھېلىمۇ يېنىقلىق ئىدى. بۇ يەردە دېرىزىلەر بەك كۆپ ئىدى. قىزىل رەڭدىكىسىمۇ، يېشىل رەڭدىكىسىمۇ، سۆسۈن رەڭدىكىسىمۇ بار ئىدى. ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان مەنزىرە پەقەت كەچتىلا پەيدا بولاتتى.

ياتاق بىناسى ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئۆمەر يورۇق دېرىزىلەرگە بويۇنداپ قاراپ قويدى. شۇ چاغدا ماڭا خۇددى دېرىزىلەرنى ساناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بەلكىم ئۇنىڭ مۇڭ باسقان كۆزلىرى ئاشۇ يورۇق دېرىزىلەردىن ئۆزىگە باب بىرەر چىرايىنى ئىزدەۋاتقاندۇ. بۇ خىيال كېلىشى بىلەن ۋۇجۇدۇم يەڭگىل تىترەپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى قاراڭغۇدا ھېچكىم چىرايىمغا دىققەت قىلمىدى، بولمىسا ئۇلار يۈزۈمنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرىۋالغان بولاتتى.

بىز ياتاققا كىرىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتۇق. مەن يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشسەم قانداق بولار دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ تۇيۇقسىز ماڭا قولىنى سۇندى. نېمە قىلارىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. بىراق قولۇمنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ قانداق سوزۇلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدىم. بېغىشلىرىم يەڭگىل تىترەپ تۇراتتى. قەلبىمنىڭ بىر خىل شېرىن سېزىمدىن لەرزىگە كەلگىنىنى ھېس قىلدىم. تاڭ ئاتقۇچە ئاشۇ شېرىن سېزىم تەسىرىدىن راھەتلىنىپ ئۇخلاپتىمەن.

— ئۇ بولامدىكەن؟ — زۇلپىيە ياتاققا كىرىپلا كۆزلىرىمگە تىكىلىپ سورىدى.

— مەن نەدىن بىلەي، — قەستەن بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالدىم، زۇلپىيە سەل ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇ ياخشى بالا، ئىككىڭلار چىقىشىپ قالساڭلار ياخشى بولاتتى.

— سەن نېمىشقا چىقىشىپ قالمىدىڭ؟



— ساراڭ، مەن سىنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن. ئۇنىڭدەك ياخشى يىگىتنى ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپالمايسەن جۇمۇ.

— ماڭا بەربىر، مۇھەببەت ياخشى - يامانلىقىنى ئۆلچەم قىلمايدۇ. كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرەرسى بولسىلا بولدى. لېكىن ھازىرچە بۇ ئىشنى ئويلىغۇم يوق.

— تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ دېگەندەك ئاخىرى پۇشايمان قىلىپ قالىسەن.

— بولدى، بۇ گەپنى قىلمايلىچۇ!

— راستىڭنى دەپ باقە، ئۆمەر قانداقراق؟

— ماڭا ئۇنى سايە قىلمايدىغانسەن؟

— دەل ئەكسىچە.

— ۋاي نېمىنى دەي، ئۇ بەكلا جىمىغۇر ھەم خىيالچان ئىكەن. ماڭا تەسىرى شۇنداق.

— قارىغاندا، خېلى دىققەت قىلىپسەن - دە.

— ھەئە، شۇنداق بولدىمىكىن.

— سەن ھەمىشە قەلبىڭدىكىنى ئەكسىچە ئىپادىلەيسەن. ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشىڭدىنلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغىنىڭ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

— ئاپىرە ئۇ نېمەڭنى، ئادەم چىقمىغاندەك شۇنى تاڭماقچىمۇ سەن؟ — زۇلپىيەنىڭ سۆزىدىن ھودۇقۇپ ئاران شۇنىلا ئېيتالىدىم.

— مېنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قالما، كېيىنچە بىلىپ قالىسەن. سىرداشساڭ ئۇ باشقىچە دۇنيا.

— مەن ئۇنداق دۇنياغا قىزىقمايمەن.

— چوڭ سۆزلىمە.

— شۇنداقمۇ، ئەمدى ئۇخلا - ھە!

زۇلپىيە ئۈنچىقمىدى. بىز جىمجىت ھالدا يېتىپ قالدۇق. نېمىشقىدۇر كېچىچە ئۇنى چۈشەپ چىقىپتىمەن.

2

بىلسەن گۈلسۈم، مەن خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك قىز. مەسىلىلەرنى ئاسانلىقچە ئېتىراپ قىلمايمەن. جاھىل تەبىئىتىم ئۆزۈمنى ئۈستۈن تۇتۇشنى ئۆگەتكەن. بىراق بۇ قېتىم قەلبىم مېنى يەڭدى. مەن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. گۈلسۈم، سەن بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش دېگەن سۆزگە ئىشىنەمسەن؟ بەلكىم ئىشەنمەيسەن. مېنى تەنتەكلىك قىلىۋاتىدۇ ياكى بىردەملىك ھېسسىياتقا ئىشىنىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. بىراق ئادەم قانداقمۇ ئۆز ھېسسىياتىغا قارىتا تەنتەكلىك قىلالىسۇن. بەلكىم ھېسسىيات ئىرادىدىن ئۈستۈن تۇرغاندا شۇنداق بولىدىغاندۇ، لېكىن مەن بۇنى تەنتەكلىك دەپ ئويلىمىدىم.

مەن ئۆمەرنى ئاشۇ تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشتە ياقتۇرۇپ قالغان ئىكەنمەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى تولا خىيال قىلىدىغان، ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆز ئويلىرىمدىن ئۆزۈم خىجىل بولاتتىم. لېكىن ماڭا نېمە ئامال، بىز قىزلار ھېسسىيات ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز كېلىدىكەنمىز، ھېسسىيات بىزنىڭ بارلىقىمىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلساقلا پۈتكۈل ھاياتىمىز خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. شۇ تاپتا مەن ئەقلىنىڭ ئەمەس، ھېسسىياتنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلگۈم كەلمەيتتى.

گۈلسۈم، مەن قايسى ھالغا چۈشۈپ قالدىم ـ ھە! بىز پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشكەن ئىدۇققۇ، پەقەت بىرنەچچە ئېغىزلا سۆزلەشكەنىدۇق. ئەجەبا مۇشۇمۇ بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈشكە سەۋەب بولالامدۇ؟ مەن ئۆزۈمنى، قەلبىمنى



ئەيىبلىمەكچىدىم، بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم. ئۇ ئەمدى شەپقەتسىز ھالدا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا سىڭىپ كىرگەنىدى. مەن ئۇنى توسۇشقا ئامال قىلالمىدىم. ئۇنىڭغا قارشى قىلغان ھەربىر ئىشىم ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن شۇ چاغدا ھاياتىمنىڭ بىر گۈزەل خاتالىققا يول قويغانلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن. مېنىڭ بەخت دەپ پەرۋىش قىلغان گۈلۈم ئاخىر توزۇپ كېتىدىغان گۈل ئىكەن. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ھەسرەت دېڭىزىدىن تەشنالىق ئىزدىگەن بولغىيتتىم. مەن قەلبىمدە لەيلەپ يۈرگەن شېرىن ھېسلارنىڭ ئاخىرىدا بىر ھەسرەتلىك ناخشا بولۇپ پۈتۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن. ئۇنىڭ قايغۇسى مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى ئۆز ساداسى ئىچىگە قوشۇۋەتتى. مەغلۇبىيەت ماڭا خۇشاللىق بىلەن ئۆز قەسرىدىن ئورۇن بەرگىنىدە، مەن ئۇنى خاتا ھالدا بارلىقىم دەپ تونۇپ قالغانىكەنمەن. نېمىشقىمۇ شۇ چاغدا شېرىن چۈشتىن ئويغىنىپ كەتمىگەن بولغىيتتىم. نېمىشقىمۇ ماڭغان يولۇمنىڭ ئازاب دانچىلىرىدىن پۈتكەن قۇم بارخانلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندىمەن. ئاخىرىدا مەن بار ئاۋازىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ مەغلۇبىيەت ناخشىلىرىمنى ئېيتىپ قالدىم. قەلبىم كۆز ياشلار بىلەن تولدى. ئاۋازىم ناھايىتى ھەسرەتلىك ئىدى.

قەيەردىلا بولمىسۇن ئۇ ماڭا ھەمراھ، مەيلى دەرسخانا، مەيلى كۇتۇپخانا، ياتاقتا بولسۇن سىماسى كۆز ئالدىمدىلا لەيلەپ يۈرىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپلا بىرەرسى يېنىمدىن ئۆتسىلا ئۇمىكىن دەپ قاراپ قالىمەن.

ئاھ، قەلبىمدىن شۇنچىۋالا چوڭقۇر ئورۇن ئىگىلىۋالىدىغانغا ئۇنىڭ نېمە ھەققى؟ مەن نېمىشقا بۇنىڭغا يول قويىمەن؟!

ئۇ ماڭا ھەمىشە پىنھان جايدىن قاراپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ. يېقىملىق ئاۋازى بىلەن «مەن سېنى سۆيىمەن» دېگەندەكلا تۇيۇلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تېخىچە بىلمەيمەن... «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىز ئۈچۈن بارلىقىم تەقدىم» دەپ توۋلىغۇم كېلىدۇ. چىن يۈرىكىمدىن چىققان بۇ ئاۋازنى ئۇنى ئاڭلىسىكەن دەيمەن. لېكىن، بۇ پەقەت ئارزۇدىنلا ئىبارەت. چۈنكى مەن بۇ سۆزنى پەقەت قەلبىمدىلا ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ساداسىنى پەقەت قەلبىمگىلا ئاشكارىلىدىم.

تۈنۈگۈن خىيال ئىچىدە گۈللۈك ئارىسىدا ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ قارشى تەرىپىمدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ۋۇجۇدۇم ھودۇقۇش ئىچىدە سۇس تىترەپ كەتتى. ئۇ سۇس كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا بەك گەپ قىلغۇم بار ئىدى. يەنە ئۇنىمۇ ماڭا گەپ قىلسىكەن دەپ بەك ئارزۇ قىلغانىدىم. ئۇ گەپ - سۆز قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدىم. ھەمىشە ئۇنى «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن بىر پارچە خەتنى ئەكەلگەن ھالدا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، ئۈمىدلىنەتتىم. بىراق ئۇ ھەممىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئاياغ تىۋىشلىرىنىڭ رىتىملىق ساداسىنى قەلبىمدە قالدۇرۇپ قويۇپلا كېتىپ قالدى.

مەن ئۇنى ئارقىسىغا يېنىپ قالارمىكىن، مەن بىلەن سۆزلىشەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ قايتىپ كەلمىدى. مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك يېنىمدىن جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ تەلمۈرۈشلىرىم، يوشۇرۇن ھالدا سېغىنىشلىرىم ئۇنى تۇتۇپ قالالمىدى. ئاھ، بىز قىزلار



نەقەدەر ئاجىز - ھە؟ شۇنچىلىك ئىشلاردىمۇ ئۇنى تۇتۇپ قالالمايدىكەنمىز.

كەچتە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ پەستىكى يولغا تىكىلدىم. بەلكىم ئۇ مۇشۇ يولدىن مېڭىپ قالار. ئەگەر ئۇ مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپلا قالسا ئەتىگەندىن بېرى ئۇنى ساقلاۋاتقانلىقىمنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىۋالا ۋاقتىمنى قۇربان قىلغىنىمنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن خۇشال دەقىقىلەرنى خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىمنى بىلەتتى. مۇمكىن بولسا ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە قانچىلىغان خۇشال سىرلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالسا بولىدۇ. يۈرەك سوقۇشۇمنىڭ قانچىلىك تارتىنىش ئىچىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىرلاۋاتقىنىنى كۆزىتىپ باقسا بولىدۇ. بۇ پەقەت ئۆزۈمگىلا ئايان. لېكىن، ئۇنىڭدىن يوشۇرىدىغان يېرىم يوق. بەلكى ئاشكارا قىلالماي قىينالماقتىمەن.

— نېمىگە شۇنچە قاراپ كەتتىڭ؟

يېنىمغا قارىسام زەينۇرە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قاچانلاردىن ياتاققا كىرگىنىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن.

— ھېچنېمىگە، ئۆزۈمچىلا شۇنداق...— سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم. ئۇ بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە دېرىزىدىن پەسكە قارىدى. قىزىق، دەل شۇ چاغدا ئۆمەر بىزنىڭ بىنا ئالدىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتۇ. خۇددى بىر كىم قارا دېگەندەك ئۇ بىز تەرەپكە قارىدى. مەن ھودۇقۇپ كەتتىم - دە، ئىتتىك دېرىزە يېنىدىن كەتتىم. ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياناتتى.

— ئەسلىدە مۇنداقكەن - دە؟— زەينۇرە ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى،— مېنى كەچۈر، ساڭا دەخلى قىلىپ قويدۇم.

— نېمىگە كەچۈرۈم سورايسەن!— دېدىم مەن. ئاۋازىم سەل ئاچچىق ئارىلاش چىقتى.

— بۇ ساڭا ئايانغۇ، كۆزۈڭ بار ئىكەن، سېنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى ئۇ ھەييارلىق بىلەن.

— يوق گەپنى قىلمىغىنا، بۇ گەپنى قىلمىغان سەن قالغانمىدىڭ، — مەن قېيدىغان ھالدا ياتاقتىن چىقتىم.

زەينۇرە ئارقامدىن توۋلاپ قالدى. ئەمەلىيەتتە مەن زەينۇرەدىن يامانلاپ ئەمەس، بەلكى ئۆمەرنى ئۇچراپ قالامدىكىن دەپ چىققاندىم. لېكىن ئۇ ئۇچرىمىدى. يەنە ئاشۇ تونۇش گۈللۈككە كېلىپ خىيالغا چۆكتۈم. سىم - سىم يامغۇر چۈشۈۋېتىپتۇ. ئۇ قاچاندىن بېرى چۈشىۋاتقاندۇ؟ شۇنىمۇ تۇيماپتىمەن.

يامغۇردا ئۇزاق تۇرغۇم كەلدى، شۇ تاپتا ئۇ نەدىدۇ؟ بەلكىم ياتىقىدىدۇ، مۇشۇ سىم - سىم يامغۇر ئۇنىڭ ياتاق دېرىزىسىگىمۇ چۈشىۋاتقاندۇ. سىم - سىم يامغۇر كىشىلەرگە بىر خىل جىمجىت تۇيغۇ بېرىش بىلەن بىرگە جىمجىت خىيالمۇ ئاتا قىلىدۇ. يامغۇر دەسلەپتە يېغىۋاتقان چاغدا ئۇ نەدە بولغىيتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇسى مۇشۇ يامغۇرنى تۇيۇقسىز ھېس قىلغان چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولغىيتتى. ئۇ بەلكىم تىمتاسلىققا تولغان مەكتەپ قورۇسىغا قاراپ بىردىنلا ھەيران قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇلارنى ئويلاۋېتىپ كۆڭلۈم بىردىنلا ئېچىلىپ قالدى. ئۆزۈمنى يامغۇر بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ قالغاندەك، ئۇ مېنىڭ ئۇزاقتىن بېرى كۆمۈلۈپ قالغان تۇيغۇمنى ئويغاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بىر خىل نەم ھاۋا تېنىمگە يېپىلدى. يازنىڭ سىم - سىم يامغۇرى ئارامبەخش مەنزىرىلەر ئىچىدە ئەتراپقا يېپىلماقتا ئىدى.

ئارقامدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك قىلدى. بىرسى يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان ئاسفالت يولدا مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. كەيپىياتىمنى بۇزغۇم يوق ئىدى. يەنىلا ئۆز خىيالىم بىلەن ئولتۇرىۋەردىم. تۇيۇقسىز يامغۇر تامچىسى توختاپ قالدى. ئاياغ تىۋىشىمۇ مېنىڭ يېنىمغىلا كېلىپ جىمىپ قالغانىدى. ئاستا



بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئۆمەر ئۇتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان بىر قىزىل كۈنلۈكنى تۇتۇپ تۇراتتى. مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئادىمىم مېنىڭ ئالدىمدا تۇراتتى. شۇ چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولغىنىمنى بىلەمسەن گۈلسۈم. بىلمەيسەن، چوقۇم بىلمەيسەن. ھەتتا مەنمۇ بىلمەيمەن. ھاياجاندىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويايلا دېگەنىدىم.

— قارىسام بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىز، كىيىملىرىڭىز ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ بۇنى ئېلىپ چىقتىم.

قەلبىم ئېيتقۇسىز ھاياجانغا تولدى. ماڭىمۇ كۆيىنىدىغان بىر يىگىت چىقتى. شۇ تاپتا نەقەدەر بەختلىكمەن - ھە!

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇ ئاللىبۇرۇن ھۆل بولۇپ بولدى.

ھەر ئىككىمىز تەڭلا كۈلدۈق.

— سىز يامغۇرنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— شۇنداق. كىچىكىمدىنلا يامغۇر ياغسا بەك خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. يامغۇر بىلەن تەڭ بىزگە ئويۇن تېپىلاتتى. كىيىملىرىمنى بىر پەستىلا چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋېتەتتىم.

— ھازىرقىدەك؟

— شۇنداق، ھازىرقىدىنمۇ بەك. ئاپاممۇ مېنى بۇ خۇيۇمدىن قالدۇرالماي ئۆزى كۆنۈپ كەتكەنىدى، — بىز يەنە كۈلۈشتۇق، — ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مېنى مۇشۇنداق يامغۇرلۇق كۈندە تۇغقانىكەن.

— سىز بەكلا رومانتىك ئىكەنسىز، سىزگە ئوخشاش بۇنداق قىزلارنى ئۇچراتماق ناھايىتى تەس.

مەن بىردىنلا قىزىرىپ كەتتىم. باياتىنقى تارتىنچاقلىقىم ئەسلىگە كەلدىمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئەستايىدىل قىلغان بۇ سۆزى مېنى ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى. گۈلسۈم، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ ئاددىيغىنە بىر باھاسىمۇ ناھايىتى چوڭ

ھەقىقەت بولۇپ تۇيۇلىدىكەن. مەن پەقەت ئۆمەرنىڭ ئالدىدا شۇ خىل ھېسسىياتنىڭ قۇلى ئىدىم. بىراق باشقا ۋاقىتلاردا يەنىلا ئەركىن ئىدىم.

— سىزگە رەھمەت، كىرىپ كېتەي دەپ تۇراتتىم، — دېدىم ئارانلا. نېمىشقىدۇر بەدىنىم سەل تىترەۋاتاتتى.

— رەھمەت دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، دىققەت قىلىڭ، يەنە تەنتەكلىك قىلسىڭىز سوغۇق ئۆتكۈزىۋالىسىز. ئەمدى چوپچوڭ ستۇدېنت تۇرۇپ بالىلىقتىكى قىلىقلىرىڭىزنى تەكرارلىسىڭىز ياراشمايدۇ.

— سىز ماڭا شۇنداق كۆيۈنىۋاتسىڭىز سوغۇقتىن قورقامتىم، — دېدىم مەن. ئۇ بۇ سۆزۈمدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئوڭايسىزلىنىدىكەن دەپ ئويلىدىم.

— ئويلىرىڭىزنى بۆلىۋەتتىم، مەن كىرىپ كېتەي، — دېدى ئۇ. مەن كىرىپ كەتمەڭ دېمەكچى ئىدىم. بىراق ئاۋازىم بوغۇلۇپ قالغاندەك چىقماي قالدى. ئۇ سەل مېڭىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— ئەتە ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچماقچىكەن. مەندە ئىككى بېلەت بار. بىرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلەمدۇق؟

مەن ماقۇللۇق مەنىسىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ يىراقلاپ كەتتى. بىر ناخشا ئاخىرلاشقاندەك ئىدى. ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى. يامغۇرنىڭ تىۋىشىمۇ بارا - بارا سۇسلاپ ئاخىرىدا غايىب بولدى.

ياتاققا قايتىپ كىرىپ ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. دېرىزە پەردىسى سىرتقى مەنزىرىلەرنى توسۇۋالغاچقا مەن ياتاق ئىچىنى ناھايىتى دىمىق ھېس قىلدىم. ئاستاغىنا دېرىزە قانىتىنى ئاچتىم. غۇر - غۇر



شامال دېرىزە پەردىسىنى يەڭگىل يەلپۈپ تۇراتتى. شۇئان بىر خىل سوغۇق ھاۋا ئۆي ئىچىگە ئېقىپ كىردى. قەلبىمنى بىر خىل ئىللىق سېزىم ئۇنسىز سىلاشقا باشلىدى.

ئەتە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن. بۇ شۇنداق بىر تاسادىپىيلىقمۇ ياكى تەقدىر ماڭا بەخش ئەتكەن پۇرسەتمۇ، بىلەلمىدىم. ماڭا بۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشى ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ئاھ، ئىلاھىم! ماڭا ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلغايسەن. بارغانسېرى ھاياجاندىن كۆچلىنىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىمنى دېرىزە ئەينىكىگە ياقتىم. ئەتراپ بىر خىل قويۇق تۇمان ئىچىدە قالغانىدى.

كېچىچە ئۇخلىغان ياكى ئۇخلىمىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ناھايىتى شېرىن ئىزتىراپلىق بىر تۇيغۇ يىراق جايدىن ۋۇجۇدۇمغا ئۇنسىز سىڭىپ كىرىۋاتاتتى. مەن بۇ خىل تۇيغۇنىڭ شېرىن لەززىتىنى ئۇنتۇيالمايتتىم. مەڭگۇ ئاشۇ تۇيغۇ ئىچىدە قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. گۈزەل بىر چۈش ۋۇجۇدۇمدا لەيلەپ يۈرەتتى. مەن بۇ تۇيغۇمنىڭ ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى ۋۇجۇدۇمنىڭ مەلۇم يېرىدە ئۈن - تىنسىز كۆمۈلۈپ ياتقىنىنى ھېس قىلدىم.

ئەتىسى تۆت سائەت ۋاقىتنى ناھايىتى تەستە چىداپ ئۆتكۈزدۈم. ۋاقىت مەن بىلەن قېرىشقاندەك تولىمۇ ئاستا ئۆتەتتى. مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇدۇلدا بىر توپ بالىلار توپلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر بولسا بىر يەرگە بارماقچى، بىر بولسا بىر يەردىن كەلگەنىدى. مەن ئۆمەرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارمۇ يوقمۇ دەپ قارىدىم. ئۇ راستىنلا شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا مەن تەرەپكە تېز - تېز مېڭىپ كەلدى.

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ - ھە! مەن ھازىرلا ئۈستىگە چىقىپ چۈشىمەن، — ئۇ قانداق تېز كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق

تېز بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن بىردىنلا خىجىللىق ئىچىگە چۆمۈپ كەتتىم. خۇددى ھەممە ئادەم ماڭا قارىشىپ تۇرغاندەك، گويا قەلبىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئىدى. بولۇپمۇ زۇلپىيەنىڭ يىگىتى ماڭا بۆلەكچىلا تىكىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا سۇسلا بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇمۇ جاۋابەن سۇسلا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئۆمەر ئانچە ھايال بولماي قايتىپ چىقتى. بىز كۆرگەزمە زالىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئاخشامقى يامغۇر دەرەخلەرنى ناھايىتى پاكىز قىلىۋېتىپتۇ. يوپۇرماقلار كۈمۈش دانچىلىرىدەك سۈزۈك نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. يامغۇر تېخىمۇ ئۇزۇن ياغسا بوپتىكەن دەپ ئويلىدىم مەن.

يۇزۇمگە سالقىن شامال ئۇرۇلدى. ناھايىتى خۇشال بولدۇم. شامال قەلبىمگە بىر خىل ھاياجان بېرىپ ئۆتەتتى. بۈگۈن ماڭا بىر خۇشاللىق كېلىپ قالىدىغاندەك كۆڭلۈم ناھايىتى چاغ ئىدى. بەلكىم بۈگۈنكى بىر كۈن مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ خۇشال ئۆتكەن چاغ بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. مەن نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدىم. بىرەر تاسادىپىي ئىش ياكى ئادەتتىكى سەۋەب مېنىڭ ھاياتىمغا ئۇسۇپ كىرەمدۇ، بۇنى ئويلاپ يېتەلمىدىم.

— بۈگۈنكى كۆرگەزمە ئەڭ نادىر ئەسەرلەر تاللاپ قويۇلغان كۆرگەزمە، بىر كۆرۈپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ، — دېدى ئۇ.

— مەن سىزنىڭ رەسىمگە قىزىقىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدىم مەن. ئۆمەر كۈلدى. ئۇ كۈلگەندە كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىدىكەن.

— بۈگۈنكى كۆرگەزمىدە مېنىڭمۇ ئىككى پارچە ئەسىرىم بار، — دېدى ئۇ.

— ھە، ئەسلىدە شۇ ئەسەرىڭىزنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ



مېڭىپتىكەنسىز - دە؟

— كۆرگىنىڭىز بولمىسا شەھەرنى ئايلىنىپ كەلسەكمۇ بولىدۇ.

مەن ئۇنى بۇنداق دەر دەپ ئويلىمىغاچقا خىجىللىق ئىچىگە چۆمدۈم. بۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى تۇرسا قانداقمۇ رەت قىلغىلى بولسۇن. مەن يەنىلا كۆرگەزمىگە بېرىشنى قارار قىلدىم.

— چاقچاق قىلدىم، مەنمۇ ئەدەبىيات -- سەنئەتكە بەك قىزىقىمەن. سىزنىڭ سىزغان رەسىملىرىڭىزنى بەك كۆرگۈم بار.

— مەنغۇ ئانچە سىزالمايمەن، مەسخىرە قىلماسسىز.

— بۇنى كۆرۈپ بىر نەرسە دەرمىز.

ئاخىر كۆرگەزمە زالىغا يېتىپ كەلدۇق. زالدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. بىر قاراپلا مەن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەر ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. بىرئاز قورۇنغاندەك بولدۇم. ئىلگىرى ئۇلارنى غايىۋى جەھەتتىن ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتاتتىم. ئەمدىلىكتە ئۇلار تۇيۇقسىزلا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغاندا بولسا قەلبىمدىكى ھاياجىنىم مېنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى.

بىز زال ئىچىنى ئايلىنىپ بىر رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدۇق. بۇ رەسىمنىڭ ئاستىغا ئۆمەرنىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى. مەن رەسىمگە تىكىلدىم. رەسىمدە قويۇق ئورمان ئەتراپىقا يېپىلغانىدى. تۇمان ئىچىدە غۇۋا بىر ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ پەقەت يېرىمىلا سىزىلغان بولۇپ قالغان قىسمىنى تۇمان يۇتىۋەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بىر ئېقىن يىراققا سوزۇلۇپ ئاستا - ئاستا تاغ باغرىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئېقىن ئۈستىگە بىر تۈپ يىقىلغان دەرەخ سىزىلغان بولۇپ ئۇ مۇشۇ ئېقىندىن ئۆتۈشتىكى بىر كۆۋرۈكتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان

كۆرۈنشى سىزىلغانىدى. مەن رەسىمگە قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتۇم. ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان مەنىنى تاپماقچى بولغانەك سىنچىلاپ قارىدىم. بىراق، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. رەسىمدىكى رەڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن بىر قاراپلا ئاپتورنىڭ ئەسەر ئۈستىدە ناھايىتى ئۇزاق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن رەسىمدىكى ئىپادە ئاشۇ تۇمان ئىچىدىكى ئۆي، قويۇق تۇمان ياكى بولمىسا ھېلىقى دەرەخ ئۈستىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق قىلالمىدىم. رەسىمدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىر بولسا ناھايىتى چوڭقۇر، بىر بولسا چېچىۋېتىلگەن ئىدى.

— رەسىم سىزگە ياقتىمۇ؟ — قۇلىقىم تۈۋىدە ئۆمەرنىڭ بوش، ئەمما يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

— يېقىشىنغۇ ياقتى، بىراق تۇماننىي بەك قويۇق سىزىۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟ خۇددى تۇماندىن باشقا نەرسە يوقتەك، ھەممە نەرسە تۇمان ئىچىدە قالغاندەك.

— رەسىمدىكى تۇمان ۋاستە، ئۆي ۋە ئادەممۇ شۇنداق، مېنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغىنىم كائىناتنىڭ جىمجىتلىقى. رەسىم دەل ئاشۇ كائىناتنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى. رەسىمدە ئادەمنىڭ تۇيغۇسىنى ناھايىتى سۆرۈن تىمتاسلىق ئىچىگە چىلاپ قويىدىغان جىمجىتلىق لەيلەپ يۈرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا يەنە ھاياتلىقنىڭ روشەن ئىپادىسىمۇ ئۆز ئورنىنى تاپقان. مەسىلەن، ئاشۇ خىيال ئىچىدىكى ئادەم بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇ تەنھالىق ئىچىدە تەپەككۇر قىلىۋاتامدۇ؟ قەلبى دۇنيادىن سوۋۇغان ھالدا بىر ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىنى ئويلاۋاتامدۇ؟ يەنە ئۇنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ئەجەبا ئەتراپتا شۇنچە گۈزەل يېشىل مەنزىرىلەر تۇرسا ئۇ نېمىشقا بىر يىقىلغان دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ؟ دەرەخ ئاستىدىكى ئېقىن



قەيەرگە بارىدۇ؟ ئۇ زادى نېمىنى كۈتىۋاتىدۇ؟ رەسىمدە يەنە تۇمان ئىچىدىكى بىر ئۆيمۇ بار. ئۆي ھاياتلىقنىڭ روشەن ئىپادىسى. بىراق ئۇ نېپىز بىر قەۋەت تۇمان ئىچىدە. بىز تەبىئىي ھالدا تۇيغۇمىز بىلەن تۇماننى قايرىۋەتكەندە ئۆي ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن تەبىئىي ھالدا ئۆي ئىچىدىكى مەنزىرىلەر دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بىراق ئۇ نەرسىلەرنى كۆرۈش سەزگۈمىز ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيدۇ. ئۇنى پەقەت سەنئەتلىك تۇيغۇمىز بىلەنلا ھېس قىلىشقا مەجبۇرمىز. قىسقىسى رەسىمدە كۆپرەك زوقلانغۇچىنىڭ تەپەككۇرىنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن نۇرغۇن بوشلۇقلار قالدۇرۇلغان. مۇشۇنداق بولغاندا سەنئەتنىڭ قىممىتى چوڭقۇرلىشىپ زوقلانغۇچىنىڭ ئېستېتىك دۇنياسىمۇ كەڭرى تەپەككۇر بوشلۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

مەن ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم. ئەسلىدە ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ تالانتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ نۇرغۇن يۈكسەك ئەسەرلەرنى يارىتالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم.

— مەن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ئەسلىدە بۇ رەسىمنى باشتىلا بىر قاراپ ئانچە چۈشەنمىگەنىكەنمەن. سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئۇ ئۆز قىممىتى بىلەن كۆز ئالدىمدا باشقىچە نامايان بولىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ كىشىدىن يۈكسەك تەپەككۇر بولۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن. سىزگە قايىل بولدۇم.

ئۆمەر ئۇنچىقمىدى. ئۇ ھازىر بىر سەنئەت ئەھلىگە خاس تۇسكە كىرگەنىدى.

— مەن بۇ رەسىمدە يەنە نۇرغۇنلىغان كەمچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇنى چوقۇم تولۇقلايمەن.

— ئۇنىڭدىكى مەزمۇن كېڭىيىپ كەتسە باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى تەس بولۇپ قالارمىكىن.

— سەنئەتنىڭ قىممىتى دەل ئاشۇ ھاياتلىقنىڭ چۈشەنمىگەن تەرەپلىرىنى ئىزدەشتە. چۈشىنىپ يەتكەن نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ئويغىتالمايدۇ.

— لېكىن مەۋھۇم نەرسىلەرمۇ ئوخشاشلا سەنئەتكە ياتمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى چىقىش قىلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندا سەنئەت ئاندىن ئۆز قىممىتىنى تاپالايدۇ.

— توغرا دېدىڭىز. ئەسلىدە ھاياتتا سىرلىق نەرسە يوق. ئۇ بىزنى شۇ نەرسە نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بىز بۇنىڭغا نۇرغۇن مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنى قوشۇۋالىمىز. شۇنىڭ بىلەن، سەنئەت بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا توساق پەيدا بولۇپ چۈشىنەلمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ.

مەن ئۆمەر بىلەن ئەمدى مۇنازىرىلىشىشنى خالىمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمدىكى سۈزۈك ئېقىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشقا باشلىدى. ئۇنىسىز بىر جىمجىتلىق لەيلەپ يۈرەتتى. ھەممە نەرسە بىر قەۋەت نېپىز تۇمان ئىچىدە قالغاندى. قانداقتۇر بىر شەپە ياكى ئاۋازنىڭ ئاشۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇۋېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

بىز كۆرگەزمىدىن قايتتۇق. ئېيتىپ بولماس بىر ھاياجان ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغانىدى. مەن ئۆمرۈمدە تېخى بۇنداق كەيپىياتتا بولۇپ باقمىغانىدىم. بۇ پەقەت ئۆمەر بىلەن بىرگە بولغاندىلا يۈز بېرىدىغان كەيپىيات ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ پىيادە ماڭدۇق. بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئىككىمىز بىرگە يالغۇز مېڭىشىمىز ئىدى. بىز ئەمدى خېلى ئەركىنلىشىپ قالغاندۇق. سۆھبىتىمىز ھەر ھالدا قىزغىن بولىۋاتاتتى. دېيىشمىگەن گەپلىرىمىزمۇ ئاز قالدى. بىر تېما ئاخىرلاشسا يەنە بىر تېما پەيدا بولاتتى. گاھىدا دېيىشىپ بولغان



گەپلەرنى يەنە قايتا تىلغا ئېلىپمۇ قالاتتۇق. كۆرگەنلەر بىزنى يېڭىدىن مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن بىز تېخىچە مۇھەببەتلەشمىگەن ئىدۇق. بىرگە يۈرگەن قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشىق - مەشۇق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىكى ئورتاقلىق قەلبىدە مۇھەببەت بار. كىم بىلىدۇ، ئۆمەر بىلەن مەنمۇ كۆپ ئۆتمەي مۇھەببەتلىشىپ قالامدۇق تېخى. بۇ ئوي كاللامغا كېلىۋېلىشى بىلەن قىزىرىپ كەتتىم. خۇددى ئۆمەر كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم. بەك يېقىن كېتىۋاتاتتۇق. ھازىر گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن مەزگىل ئىدى. مەن ئۇدۇلدىكى گۈللۈككە قاراپ قويدۇم. فونتان سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بىردەم شەھەر ئايلىنىپ كېلەيلى، — دېدى ئۇ. مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى پىيادە ئايلىنىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، كەچكىچە ئايلىنىپمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق بىر ئۆمۈر ماڭغۇم بار ئىدى. ئۇمۇ ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. تۇرقىدىن قىلچە چارچىغاندەك قىلمايتتى.

— ھاردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق، ھارمىدىم. ئەكسىچە تولىمۇ تېتىكلىشىپ كېتىپ بارىمەن، — دېدىم مەن. ئۇ كۈلدى. ماڭا ئۇنىڭ كۈلكىسى بۇلدۇقلىغان بۇلاق سۈيىنى ئەسلەتتى. ئايغىمىزدىن چىققان تىۋىش ئەتراپقا يېيىلىپ باراتتى. ئۇ ماڭا قۇرۇغان يوپۇرماقلار چىقارغان غەمكىن ئاۋازنى ئەسلىتەتتى.

— كۆپ مېڭىپ كەتتۇق، قايتامدۇق؟ — دېدى ئۇ. ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا كۆزلىرى ماڭا ئۇدۇل تىكىلدى. مەن مۇشۇنداق بىر ئۆمۈر ماڭساممۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتىم. ئۇنىڭ كۈچلۈك قاراشلىرىدىن قورۇنۇپ كەتتىم.

ئەسلىدە: «يەنە بىر دەم ئايلىنايلى» دېمەكچى ئىدىم، بىراق خىجىل بولۇپ بۇنداق دېيەلمىدىم. مەكتەپ ئىچىگە قايتىپ كەلدۇق. مېنىڭ كەيپىياتىمدا شۇنچە ئۆزگىرىش بولسىمۇ بىراق مەكتەپ يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى. سالقىن شامال يوپۇرماقلارنىڭ مەڭزىدىن سىرغىپ تۇراتتى. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق.

بىز ئايرىلغان چاغدا ئۇ ماڭا غەلىتە بىر نەزەردە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. كىممۇ بۇنداق نەزەردە قارايدۇ دەيسىز. ئۇنىڭ قارىشى ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەنىنى مەن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتىم، ئۇ يەنە چاقىرىپ قالدى.

— رىزۋان، — مەن ئۇنىڭغا ئىتتىك قارىدىم. ئۇ شۇ چاغدا نېمىنى خىيال قىلدىكىن يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. مەن ئۇ ھودۇقسىمۇ ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن دەپ ئويلىدىم.

— سىزگە بىر گېپىم بار ئىدى. ھازىر ئېيتسام بولارمۇ؟ — ئەمدى مېنىڭ پۈت - قولۇمدا جان قالمىدى. ئۇ نېمىنى ئېيتماقچى؟! ئۇ چوقۇم مېنىڭ كۆتكىنىمنى ئېيتىدۇ. بىراق مەن بۇنى بۇنداق تاسادىپىي بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم. تولۇق تەييارلىقىم بولمىغاچقا ھودۇقۇپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى.

— كېيىنچە بىر نەرسە دېيىشەيلى. ھازىر بەك ھېرىپ كەتتىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئۇدۇل قارىيالماي.

— بوپتۇ ئەمىسە، كېيىن كۆرۈشەيلى، — ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. مەن تۇرغان ئورنۇمدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم. ئۇ خۇددى بىر پارچە تۇماندەك قەلبىمگە ئاستا - ئاستا سايە تاشلىماقتا ئىدى. بۇ تۇمان شۇنچىلىك قويۇق ئىدىكى تىنىقىم، قانلىرىم، ھەتتا تۈيغۇلىرىمغا قەدەر سىڭمەكتە



ئىدى. ئۆزۈمنى تەرلەپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ئەسلىدە يازنىڭ ئېيى مۇشۇنداق بولىدىكەن - دە.

ياتاققا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. شۇ چاغدىلا نەقەدەر ھېرىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. بايا بۇ ئىشنى ئەجەب سەزمەپتىمەن - ھە؟! ئۇمۇ جەزمەن ھېرىپ كەتتى. قەلبىمگە خۇشاللىق سىغماي قالغانىدى.

— چۈشتىن كېيىن دەرسكە چىقمىدىڭمۇ؟ — دېدى زەينۇرە.

— مىجەزىم يوق.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— ئىشەنمىسەڭ ئىختىيارىڭ، — مەن چامادان ئۈستىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ قارىدىم. بۇرۇن نېمىشقا ھېس قىلمىغاندىمەن؟ مەن ئەسلىدە شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنمەن. دولقۇنسىمان چېچىم دولامدا يېيىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى خېلى بىر ھازاغىچە كۆزىتىپ تاماشا قىلدىم. بۇلاقتەك بىر جۈپ قارا كۆز، ئويماقتەك ئېغىز، ئىلىپتەك بۇرۇن ۋە ئىنچىكە قاشلار مېنىڭ ئىدى. توۋا، بۇلار ئىلگىرىمۇ بار بولغىيمىدى. ئەجەب مەن سەزمەپتىمەن - ھە. ئۆمەر قانداق ياسىنىشىمنى ياخشى كۆرىدىغان بولغىيتتى - ھە؟ چېچىمنى قويۇۋەتسەم ياخشى بولارمۇ ياكى بوغۇۋالسام. ئۇ چوقۇم قويۇۋەتكەن چاچنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن. چۈنكى، سەنئەتكارلار ئەركىن نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇ. مەن بۇ ئويۇمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

دېرىزە پەردىسى يېپىقلىق ئىدى. ماڭا ياتاق ئىچى كىچىكلەپ كەتكەندەك بىلىندى. ئاستا پەردىنى قايرىدىم. سىرتتا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. باللار توپ - توپ بولۇپ كەچلىك مۇزاكىرىگە ماڭغانىدى. قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قويۇقلىشىپ پۈتۈن مەكتەپ قورۇسىنى يۇتىۋەتتى. كەچ نېمانچە تېز چۈشۈپ كەتكەندۇ دەپ ئويلىدىم مەن. بەلكىم خىيال بىلەن

بولۇپ كېتىپ ۋاقتىنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قالغان بولسام كېرەك. قويۇق ئاكاتسىيە دەرەخلىرى جىمجىتلىق ئىچىگە چۆككەنىدى. جىمجىتلىق ھەتتا مەن تۇرغان دېرىزە تەكچىسىدىن ھالقىپ ياتاق ئىچىگە قەدەر كېڭەيگەنىدى. زەينۇرە تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۆڭلۈق كۆزلىرى بىر خىل غەمكىن تۇسكە كىرگەنىدى. مەن قىزلارنىڭ بۇنداق كەيپىياتىنى تېخىچە ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدىم.

— مۇزاكىرىگە چىقىپ كىرەي، — دېدىم مەن. ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. چېھرىدە سۇس قايغۇ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— چىقماي تۇرغىن، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

مەن ھەيران قالدىم. زەينۇرە ناھايىتى ئىچى كۆچلۈك قىز ئىدى. بىز بىر ياتاقتا ياتقاندىن بېرى ئۇنىڭ ھېچكىمگە سىر ئېيتقىنىنى بىلمەيتتىم. مەن ئارقامغا يېنىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ كۆزلىرىمگە مەيۈس تىكىلدى.

— سەن بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — ئۇ بۇ سۆزنى خۇددى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ھېسسىياتتا سورىدى.

— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— سورىسام بولمامتى؟

— ياق، مەن بىر ئاز تەمتىرەپ قالدىم شۇ. ئىلگىرى سەن بۇ توغرىدا پەقەتلا ئېغىز ئاچمايتتىڭ.

— بەلكىم ھازىر نۆۋىتى كەلگەندۇ.

— بىرەرسىنى تېپىۋالمىغانسەن؟

— ئۇقمايمەن.

— ماڭا ئېنىقراق دېگىنە، سۆزلىرىڭنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم.

— رىزۋان، — ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر ھەسرەتلىك چىقتىكى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. چىرايى



ناھايىتى مەيۈس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قىياپىتى بىردىنلا نېرۋىلىرىمنى ئېچىۋەتتى، — مەن ھازىر بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. لېكىن ئۇنىڭ سۆيگۈسى ماڭا ناھايىتى يىراقتەك تۇيۇلىۋاتىدۇ.

يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. ئاھ، بەختىيار قىز، سەنمۇ ئاخىر بۇ تورغا چۈشۈپسەن - دە، مەن ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئالدىم.

— بۇنىڭ قايغۇرغۇدەك نېمىسى بار، خۇشال بولمامسەن، ساڭا شۇ تاپتا چەكسىز بەخت تىلەيمەن.

— ئەپسۇسكى مەن بەختلىك بولالماسلىقىم مۇمكىن.

— نېمىشقا؟

ئۇ كۆزلىرىمگە ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قارىدى.

— چۈنكى. . . ئۇنىڭ يۈرىۋاتقان ئادىمى بار، — ئۇ ماڭا ئېسىلىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئاھ! بىز قىزلار نەقەدەر ھاماقەت - ھە! نېمىشقىمۇ ھېسسىياتىمىز ئالدىدا بۇنچە ئاجىزلىق قىلىدىغاندىمىز، كۆرۈنمەس ئۈمىدكە تەلمۈرۈپ ئۇنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ يەنە رىشتىمىزنى ئۈزمەي يۈرىدىكەنمىز، — مەن ئۇنى مەكتەپكە يېڭى كېلىپلا ياخشى كۆرۈپ قالغاندىم، بىراق ھازىرغىچە سۆيگۈمنى ئىزھار قىلالمىدىم. بۇ ئۈنسىز مۇھەببەت تا ھازىرغىچە قەلبىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا كۆمۈلۈپ ياتاتتى. بىراق ئۇنىڭ ئىزتىراپى كېچە - كۈندۈز مېنى ئازابلاپ كەلدى. بىز قىزلار مۇھەببەت ئىشىدا تولىمۇ ئېھتىياتچان ھەم ئاجىز كېلىدىكەنمىز، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە تولىمۇ تارتىنچاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەنمىز. مەن تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ مۇشۇنداق ھەسرەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسام تولىمۇ ئېچىنىمەن.

— بولدى، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، بۇنىڭ چوقۇم مۇۋاپىق

ھەل قىلىش يولى چىقمىدۇ، — مەن ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئاستا سىيلىدىم.

— ماڭا بۇ ئىش مۇمكىن ئەمەستەكلا بىلىنىدۇ. سەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ساڭا قىلچە كۆڭلى بولمىسا، ھەتتا سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭدىنمۇ خەۋىرى بولمىسا بۇ نەقەدەر زور ئازاب - ھە؟ ئەگەر ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىسام چوقۇم تۈگىشىپ كېتىشىم مۇمكىن.

— زەينۇرە، ئۇ كىم؟ ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

ئۇ ماڭا تىكىلدى.

— سەن بۇنى سورىمىغىن، مەن بۇنى پەقەت قەلبىمدىلا ساقلاپ ئۆتۈپ كېتەي.

— ئۇنداق دېمىگىن، ساڭا ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بۇنداق ئۆتىۋەرسەڭ ئازابلىنىپ تۈگىشىپ كېتىسەن، مېنىمۇ بىر ئېغىر ئازابقا سېلىپ قويدۇڭ.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغدىلا تۈگىشىپ بولغانىدىم، ئەمدى قىلچە ئۈمىد يوق.

— زەينۇرە، ئۇنداق دەپ تۇرىۋالساڭ مەندىمۇ ئامال يوق، بىراق سەن مېنى ھەقىقىي دوستۇڭ سۈپىتىدە كۆرسەڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەر، بولامدۇ؟ مەن ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىمەن.

زەينۇرە جىمىپ كەتتى.

— رىزۋان، ئەسلىدىمۇ مەن بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتماقچى ئىدىم، نېمىشقىدۇ ھالقىلىق پەيت كەلگەندە ئىككىلىنىپ قالدىم. سەنمۇ بۇ ئىشقا ياردەم قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولما. چۈنكى بۇ ئىش مەڭگۈ بىر باشقا چىقمايدۇ، بۇ مېنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ زور خاتالىقىم بولۇپ قالسۇن. سەن ئۇنى تونۇيسەن. ئۇ... كامال.

— كامال؟ قايسى كامال؟



— سەنئەت سىنىپىدىكى.

— نېمە؟ — مەن ھەيرانلىقتىن بېشىم ئايلانغاندەك ئولتۇرۇپ قالدىم، كامالنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن گۈلسۈم؟ ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس (ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن)، زۇلپىيەنىڭ يىگىتى كامال ئىدى.

مەن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ھەيران قالدىم. بۇ قوبۇل قىلىش تەس بولغان رېئاللىق ئىدى. لېكىن بۇ بىر ھەقىقەت. ھەر ئىككى قىز بىرلا ياتاقتا يېتىپ بىرلا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالسا قانداق بولغىنى؟ مۇھەببەت زادى قانداق نەرسىدۇ؟ ئۇ ياپيېشىل دەرەخلەر ئارىسىدىكى بىر ئوۋچىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ خالىغان ۋاقىتتا بىر قۇشنى نىشانغا ئالىدىكەن، ئۇ قۇش ھەرگىزمۇ بۇ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ئۇنىڭ باغرى يارىلانغان، ئۇ ئاشۇ ئوقنىڭ دەردىنى تارتىپ ئۆتىدىكەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ مەن بۇلارنى قىلچە ئويلاپ يېتەلمىدىم. گۈلسۈم، مۇھەببەت ساڭا ئوڭ كۆزى بىلەن باققاندا پۈتكۈل ئالەم گۈل - چېچەك بىلەن تولىدىكەن، بىراق ئۇنىڭ كۆزى ساڭا قارىتا شەپقەتسىز تۇس بىلەن تولسا بۇ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەن. ئۇ بىر پەسىل تاللىماس قۇشتەك سېنىڭ بېغىڭدىن ئۆتۈپ، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان باشقا بىر چىمەندە قانات قاققاندا شېرىن ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭ، گۈزەل خىياللىرىڭ ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىدىكەن.

گۈلسۈم، مېنىڭ شۇ تاپتا قانغۇچە يىغلىغۇم كېلىدۇ، قەلبىمدىكى ھەسرەتلىرىمنى تۆكىۋالسام يەڭگىللەپ قالارمىدىم. مۇھەببەت نېمىشقا شۇنچە رەھىمسىزدۇ؟ ئۇ بىز قىزلارغا نېمانچە شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ؟ بىز نېمىشقا تەقدىرىمىزنى مۇھەببەتنىڭ ئىلكىدە دەپ ئويلايدىغاندىمىز؟ بەلكىم مۇھەببەتنى بارلىقىمىز دەپ قارىغاچقىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن

شۇنچە قورقساق كېرەك. بىز ھەرقانچە ساپ، سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلسەكمۇ ئۇ بىزگە باقماي قالسا ھەممىسى بىكار بولىدىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامال دەيسەن. مۇھەببەت، قەلب گەرچە ئىنسانغا خاس تۇيغۇ بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ ئىلكىدىكى بىر نەرسە ئەمەس ئىكەن. ئۇ باشقا دۇنياغا مەنسۇپ ئىكەن. بىز ئۇنى ھەرقانچە قوغلاشساقمۇ ئۇ ئۆز دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرمەيدۇ، ئۇنىڭغا سېلىنغان قۇلۇپ سېنىڭ ئىرادەڭدىنمۇ چىڭ، ھېسسىياتىڭدىنمۇ كۈچلۈك، ئەقلىڭدىنمۇ غالىب بولىدىكەن. بىزگە ئۇنىڭدىن قالىدىغىنى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك بولىدىكەن. ئەجەبا بۇ بىز ئارزۇ قىلىپ كۈتكەن نەرسىمىدى؟ ھەممە نەرسە ئۆز يولىغا راۋان بولغان، پەقەت ئۆز ھەسرىتىڭلا ساڭا ھەمراھ بولغان بىر ماكاندا قالىسەن. مانا بۇ سېنىڭ ئۆز قەلبىڭدىن چىقىرىپ، يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ ئاھ ئۇرۇپ، ياش تۆكىدىغان ۋاقتىڭ. مانا بۇ ئۆز ھەسرەت ناخشىلىرىڭ بىلەن ئۆز قايغۇلىرىڭنى ئويغىتىدىغان ۋاقتىڭ. مەيلى قانچە زارلان، قانچىلىك ياش تۆك تەقدىر تەئەججۇپ، ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق، شۇنىڭدەك بارلىق ئىپادىلەر بىلەن ساڭا قاراپ قويىدۇكى، ھەرگىزمۇ تىلىكىڭنى ئاسان قىلىپ بەرمەيدۇ. سەن ئۇنىڭ يېقىملىق دۇنياسىنى ئارمان قىلىپ قېلىۋېرىسەن. لېكىن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ شادلىق سارىيىغا قەدەم قويالمايسەن. سەن ئويلىغان، سەن ئارزۇ قىلغان مۇھەببەتنىڭ قەلبىڭدە قالدۇرغىنى ئاشۇنچىلىكلا بولىدىكەن.

گۈلسۈم! مەن نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاپ كەتتىم ـ ھە؟ شۇنىڭدىن بېرى زەينۇرەنىڭ مىسكىن ھالىتى پەقەتلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. گۆگۈم قويىنىدىكى مەكتەپ سەيناسى غۇۋا كۆرۈنەتتى. قەلبىمدىكى جىمجىت چىغىر يولدا بىرسى مىسكىن ياش تۆكمەكتە. ئۇ كىم بولغىيتتى؟



زەينۇرەمۇ ياكى مەنمۇ؟ بىردىنلا سايەمگە يەنە بىرى كېلىپ قوشۇلدى. مەن بۇنىڭ ئوڭۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم.

3

كۈن بويى كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلالمىدىم، يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمىدىم. نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىمەن؟! ناھايىتى سوغۇق، جىمجىت كەيپىيات ۋۇجۇدۇمدا لەيلەپ يۈرەتتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم مۇشۇنداق كۆرۈنمەس غەملەر بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ھازىر خۇددى روھىم بىلەن تېنىم باشقا ـ باشقا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. تېنىمنى روھىمغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئازاب چېكەتتىم. يىراقتىن قىزىلتاغ چوققىسىنىڭ غۇۋا مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرىۋالدىم. بۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋەرسەم بولمىغۇدەك دەپ ئويلىدىم. بولمىغۇر خىياللارنى قوغلىۋېتەي دەپمۇ قوغلىيالمىدىم. مەن ئىچكي سىقىلىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر ئامالىنى تاپالماي قالغانىدىم. چۈنكى گۈلسۈم، ئەمدى مېنىڭ ھاياتىمدا كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. بىر ئويلاپ سەن بىلەن غەمسىز ئويناپ يۈرگەن چاغلارغا كەتكۈم كېلىدۇ، بىراق بۇ يىراق يەردىكى سەرگۈزەشتىلەرنى تاشلاپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ ھەمىشە مېنىڭ قەلبىم بىلەن بىرگە ئىدى.

كۆڭلۈم پاراكەندە ھالدا گۈللۈك ئارىسىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. بۇرنۇمغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان گۈل ھىدىنى ھېس قىلدىم. ئۇنى قانغۇچە سۈمۈرەي دەپمۇ سۈمۈرەلمىدىم. نېمىشقىدۇ ماڭا بۇ گۈللەر تولىمۇ بىچارىدەك كۆرۈنەتتى. دەرەختىكى قۇشنىڭ ئاۋازىغا

قۇلاق سالدىم، بىراق ئۇمۇ مېنىڭ كەيپىياتىمنى تەڭشىيەلمىدى. مەن قوللىرىمدا تولا تۇتۇپ پۇرلىشىپ كەتكەن خەتنى قايتا ئاچتىم.

«رىزۋان:

سىزگە بۇ خەتنى يېزىشىم تاسادىپىي تۇيۇلىشى مۇمكىن، ئەمما مەن بۇ ئىشنى ناھايىتى ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرەتتىم، ئەپسۇسكى بۇنى سىزگە ئېيتىشقا ئىككىلىنىپ يۈردۇم. روھىمدىكى كۆپ قېتىملىق زىددىيەتلەر ئارقىلىق ئاخىر بۇنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن كۆپ قېتىملىق ئويلىنىش نەتىجىسىدە شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، كىشى دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشىيالمايدىكەن. لېكىن مۇھەببەتكە قانداق شەكىل، قانداق ئۇسۇلدا ئېرىشىش تولىمۇ تەس ئىكەن. مەن مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەمدىلا ھېس قىلىش باسقۇچىغا يەتكەندە قەلبىمدىكى بۇرۇنقى مۇھەببەتلەر ئۆلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ياق، ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈك ئىدى. مېنىڭ خۇنۇك ھېسسىياتىم ئەزەلدىنلا ئۇنىڭغا رەڭ بېرەلمىدى. ھېچكىم مەندەك ئۆز ھېسسىياتى ۋە ئۆز مۇھەببىتىگە كۆڭۈل قويمىغاندۇ. بىراق مېنىڭ ھېسسىيات ئېقىمىم ھېچقانداق بىر رەڭدار تاشنى قۇچاقلاپ ئۆتەلمىدى، ئۇ ھەممە مەنزىرىلەرنى ئۆز نەزىرىدىن ساقىت قىلدى.

ئېتىراپ قىلىمەن. ئەسلىدىنلا سۆيگۈ دېڭىزى بويىدىكى بىر كىچىك بالا ئىكەنمەن. يىراق ئۇپۇققا سوزۇلغان بۇ زۇمرەتتەك ئېقىننىڭ بويىدا تۇرۇپ ئۇ ماڭا تەۋە دەپ ئويلاپتىكەنمەن، قىرغاقتىكى كىچىككىنە قايىنام مېنى چۆكتۈرگەندە ئۆزۈمنى گويا قۇدرەتلىك سۆيگۈ ئىگىسىدەك ھېس قىلىپتىكەنمەن. لېكىن بۇ بىر دەملىك ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى كېيىن چۈشەندىم. مەن سىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنلا



ئاندىن ئۆزۈمنىڭ قىرغاقتا تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىم لازىملىقىنى چۈشەندىم. ھېسسىيات يەلكىنىم ئاللىبۇرۇنلا سىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىڭىزنى بويلاپ قانات يېيىپ ئۇچۇپ كەتتى. مەن سىزنى ئۆزۈمگە ناھايىتى يېقىن چاغلىغانسېرى قەلبىمنى ناھايىتى ناتىۋان، غېرىب، بىچارە ھېس قىلدىم. ئەسلىدە مەن مۇھەببىتىڭىزنى ئېتىراپ قىلغانىدىم. بىراق قەلبىم مېنى ئۈمىدسىز قويدى. يىراق ئۇپۇقتا چاقناپ تۇرغان قۇياش شولىسى مېنى چاقىرماقتا. مەن ھاياجان ۋە ئىككىلىنىش ئىچىدە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تىلغا ئالدىم. تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۇم. ئاۋازسىز كۆز ياشلىرىم ياستۇق ئۈستىدە ئۈمچىيىپ قالدى. ئۆزۈمنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى بىلمەيمەن. سەۋدايىلىق مېنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى.

بىلىمەن، سىز: ‹زۇلپىيە شۇنچە ياخشى قىز تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن كۆڭۈل بېرەلمەيسىز؟› دەرسىز. بىراق، مەن بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيمەن. ئادەم بىر دەملىك ھېسسىياتقا تايانسا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگەندەك ھېس قىلىدىكەن. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئارىدىكى نۇرغۇن پەرقلەر ئاشكارىلىنىدىكەن. شۇندىلا ئادەم ئۆزىنى ئالدانغاندەك ھېس قىلىدىكەن. زۇلپىيە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ قاچان كۆچىيىپ، قاچان پەرق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان قىز، بىراق مەن ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئاتا قىلالمىدىم. نېمە ئۈچۈن؟! بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىل چاغلىرى سۆيگۈ ۋە نەپرەتنى بىلمىگەن چاغلىرى ئىكەن. مەن ئاشۇ چاغلارنى ئەسلەيمەن. شۇ چاغلاردا مېنىڭ ھاياتىمدا سانسىزلىغان سۈزۈك ئېقىنلار بار ئىدى. بىراق ئۇ كېيىنچە ھېسسىيات دولقۇنلىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن

لىپىپ كەتتى. ئۇنى مەڭگۈ مۇشۇنداق ساپ تۇرىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆز رەڭگىنى يوقاتتى. بۇنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ؟ ئېقىن يەنىلا بۇرۇنقى ئېقىن، مەن يەنىلا بۇرۇنقى مەن. ئەپسۇسكى ھازىر نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئۆزگىرىپ كەتتى. قايسى توغرا، قايسى خاتا ئايرىغىلى بولمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىش شۇنچىلىك خاتامىدۇ؟ بۇ زادى شۇنچىۋالا ئەيىبلىك ئىشمۇ؟ مەن ھەمىشە سىز ماڭغان جايلارغا قارايمەن. ھەربىر گۈل، ھەربىر مەنزىرىلەرگە سىنچىلاپ، بۇ رىزۋان ماڭغان يول، رىزۋان پۇرىغان گۈل دەپ پىچىرلايمەن. مەن ئاشۇ گۈللەرنى ھەمىشە سىز بىلەن بىرگە تاماشا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ مەنزىرىلەر بىزگە ئورتاقلاشسا نەقەدەر ياخشى ئىدى - ھە؟ قاراڭ، ئاۋۇ ئەتىرگۈلگە، ئۇ نەقەدەر سۆيۈملۈك، ئاسمان شۇ قەدەر زەڭگەر، ئاكاتسىيە دەرەخلىرى سۈكۈت ئىچىدە ئاۋازىمغا قۇلاق سالماقتا. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن رىزۋان، بىر ئۆمۈر سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى پىچىرلايمەن. تەلىپىمنى رەت قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

دېڭىز بويى تىنچ بولىدۇ. مەن بىر قولۋاق پېتى بىر ئىزىمدا تۇرۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. ماڭا بىر جۈپ پالاق، يەنە بىر ھەمراھ كېرەك!

جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ، كامال.»

ئۆكسۈپ - ئۆكسۈم يىغلىغۇم كەلدى. ئەتراپ بىر قەۋەت نېپىز تۇمان ئىچىدە قالدى. تۇمان باشتا سۇس بولۇپ كېيىن كېڭىيىپ كەتتى. ئۇ دەسلەپتە بالكون، گۈللۈكنى يۇتۇپ كەتتى. كېيىن پۈتۈن مەكتەپ، ھەتتا مېنىمۇ يۇتۇپ كەتتى. گۈلسۈم، شۇ تاپتا سەن مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشىنەمسەن؟



مەن بىرسىنى ياخشى كۆرگەنىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ سۆيگۈسى تولىمۇ يىراقتا بىلىنمەكتە. بىراق مەن قىلچە ياخشى كۆرمىگەن بىرسى ئۆز يۈرىكىنى تەڭلەۋاتىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئىشق - مۇھەببەت ئوتلىرى پەۋەستۇر. ئەپسۇسكى، ئۇ ماڭا قىلچىمۇ تەسىر قىلالمايدۇ. مېنىڭ يۈرىكىمدىمۇ مۇھەببەت ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. بىراق ئۇمۇ مەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنى تەسىرلەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. بىز ناھايىتى مۇقەددەس ھېسابلىغان مۇھەببەت باشقىلارنىڭ ئالدىدا نەقەدەر ئەرزىمەس نەرسە - ھە! مەن سۆيگۈ سەۋداسىنىڭ بۇنچە تېز ۋە شىددەتلىك ھالدا بېشىمغا كېلىشىنى ئويلىماپتىمەن. ئويلىسام ھايات تولىمۇ قالايمىقان، بىمەنە نەرسە ئىكەن. بىمەنە كۆرۈنۈشلەر سېنىڭ تەپەككۇرىڭنىمۇ بىمەنىلەشتۈرۈۋېتىدىكەن. مەن بۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ كامال ھەرقانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئادەم ھەرقانچە ئالىيجاناب بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۆزىنى ئويلايدىكەن. مەن ھەرگىزمۇ كامالنى دەپ ئۆزۈمنى كۆڭلۈم خالىمايدىغان تۇرمۇش قويىنىغا ئىتتىرەلمەيتتىم.

بىر تۈرلۈك زىددىيەت كۆڭلۈمدىكى جىمجىتلىقنى داۋالغۇتىۋەتتى. مېنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت زادى قانداق مۇھىت بولغىيتتى. مەن ئۇنىڭ چەمبىرىكىدىن قېچىپ چىقىش ئۈچۈن تىركەشمەكتە ئىدىم. بىراق ئۇ مېنى تېخىمۇ ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالماقتا ئىدى. ماڭا كىممۇ ياردەم قىلار؟ زەينۇرە، كاماللارغىچۇ؟ كۆپكۆك دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە بىر ئاق يەلكەن لەيلەپ يۈرەتتى...

بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. تۈيغۇلىرىم سېزىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ چوقۇم مېنىڭ قېشىمغا كەلگەن بىرى. مېنى بىردەم ئۆز ئارامىمغا قويسا بولمامدىغاندۇ. مەن ئېغىر ئۇھسىندىم. ئىچ - ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەپ تۇراتتى. قارىسام

كامال ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا سۇسلا بېشىمنى لىڭشىتىپ سالام قىلدىم. ئۇ بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلمىدىم. ئۇ ئاستىلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مېنىڭ رۇخسىتىمنىمۇ ئېلىپ يۈرمىدى، خۇددى بىر يېرى بىر يېرىمگە تېگىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئاۋايلاپقىنە ئولتۇردى. مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىشتەك ھېسسىيات پەيدا بولدى.

— يازغان خېتىمنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ جىمىپ قالدى. مەنمۇ ئۈن چىقمىدىم.

— ئەگەر لايىق كۆرسىڭىز تەكلىپىمنى ئويلىنىپ باقسىڭىز، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى. خىرەلەشكەن كۆزىنى ماڭا بىر پەس تىكىپ، يەنە كەلگەن يولى بىلەن كەتتى. ئۇنىڭ كېلىپ - كېتىشى بىر پارچە چۈشنى ئەسلىتەتتى. ئۇ قانداق تاسادىپىي پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق تاسادىپىي غايىب بولغانىدى. ئەتراپتىن قويۇق گۈل ھىدى پۇراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئايىغىدىن شىلدىرلىغان غازاڭلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى.

ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرگۈم كېلىپ تۇراتتى. دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە چىقىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق نېمىشقىدۇ ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم. رېئاللىق يەنىلا مېنىڭ ئەتراپىمدا سوغۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. ھە دېسىلا زەينۇرە، زۇلپىيە، كامال، ئۆمەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار كاللامغا كېلىۋېلىپ مېنى ئازابلايتتى. بىردەم بولسىمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ ئارام ئېلىۋېلىشنى خالايتتىم. نېمىشقىدۇ بۇ ئىشلارنى قانچە ئويلىغانسېرى پىكرىم چېچىلىپ نېرۋىلىرىم تورمۇزلىنىپ قالاتتى.

ياتاققا كىرسەم زۇلپىيە يالغۇز ئىكەن. ئۇنىڭغا تىكىلىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم



باردەك قىلاتتى. ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتىم. ئۆزۈمدىن بېرى مۇشۇنداق بىر قېنىپ يىغلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگىنىمنى چۈشەندىم. زۇلپىيە تېڭىرقاپ قالدى. مېنى بەزلەپ بېقىپ ئاخىر ئۇمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. بەلكىم ئۇنىڭمۇ قەلبىدە يىغلىماي قالغان دەردلىرى باردۇ. بەلكىم يۈرىكىدە يىغلىماي قالغان ھەسرەتلىرى ئۈنسىز كۆز يېشىغا ئايلىنىپ ئەمدىلىكتە ئېتىلىپ چىققاندۇ. بىز قىزلارنىڭ قۇدرىتى پەقەت يىغلىيالايدىكەنمىز، گۈلسۈم. بىر قېتىم قانغۇدەك يىغلىۋالساقلا بارلىق ئازابلار يۇيۇلۇپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قالىدىكەنمىز. سەنمۇ بىلىسەن، ئىلگىرى مەن يىغىغا ناھايىتى ئۆچ ئىدىم. بىراق يېقىندىن بېرى تازا قانغۇچە بىر يىغلىۋېلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئاقماقتا، كوپتامنىڭ ياقىسىمۇ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. زۇلپىيەمۇ نېمە بولدۇڭ دەپ سورىمىدى، مەنمۇ نېمە بولدۇڭ دەپ سورىمىدىم. پەقەت بىر - بىرىمىزگە ئېسىلىپ يىغلىغىنىمىزنىلا بىلىمەن. قانچە ئۇزۇن يىغلىغاندىمىز، بۇنىسى ئېسىمدە يوق. بىر چاغدا قارىساق زۇلپىيە بىلەن ئىككىمىز مۈڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمىز، يىغلىرىمىزمۇ توختاپ قاپتۇ. ئورتاق سەرگۈزەشتىلەر ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتى ۋە يىغىسىمۇ ئوخشاش بولىدىغان ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىلىمىز ۋىسالسىز مەشۇقلار ئىدۇق. تۇرۇپلا سىرتقا چىققۇم، ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ قەلبىمدىكى غەشلىكلەرنى يوقاتقۇم كەلدى. يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئۆمەرنى كۆرۈشنى خالاۋاتاتتى. بىراق مەن ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا كۆرەلمەيتتىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. تۇمان تېخىمۇ قويۇقلىشىپ دېرىزىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتسا كېرەك.

— سىرتقا چىقامسەن؟ — زۇلپىيە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن

ماڭا قارىدى.

— ھەئە، ئايلىنىپ كېلەيمىكىن.

— بىرگە چىقايلى، سەن بىلەن پاراڭلاشقۇم بار.

بىز بىرلىكتە بىنادىن چۈشتۇق.

— سەن كامالنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى سۇس تىترەپ چىقتى.

— ياق.

ئۇ خورسىندى. ئۇنىڭ خورسىنىشىدا بىر ئۆمۈرلۈك دەرد ـ ھەسرەتنىڭ مۇڭى بار ئىدى.

— تەقدىر بەلكىم بىزنى كولدۇرلىتىۋاتقان بولسا كېرەك، رىزۋان، — ئۇ ئاستا قوللىرىمنى تۇتتى، — بىز ئۇنىڭ كولدۇرلاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئەخمەق بولۇپ يۈرۈۋېرىدىكەنمىز. توۋا دەيمەن، قىزلارنىڭ ھاماقەتلىكى ـ ھە؟ مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ياخشى كۆرگەندىمۇ ئەسەبىيلەرچە پۈتۈن ھايات ۋە بارلىقىم بىلەن ياخشى كۆرەتتىم. شۇ ئىستەك، شۇ ئارزۇ بىلەن ئۇنى قوغلىشىپ يۈرۈپ قولغا كەلتۈرگەنىدىم. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ماڭا ياخشى ھەمراھ بولۇشىنى تىلەيتتىم. بىراق ئۇ مېنى قىلچە ياخشى كۆرەلمىدى. چۈنكى ئۇ مېنىڭ تەلپىمنى مۇھەببەتلىك ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئەسەبىيلەرچە قوغلىشىشىم ئارقىسىدا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قوبۇل قىلغانىكەن. مېنىڭ شۇنچە قىزغىن ھېسسىياتىممۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالدى. ئادەم ئىلكىدىكى نەرسىنى قانچە مەھكەم تۇتقانسېرى ئۇ ئەركىنلىككە شۇنچە تەشنا بولىدىكەن، پۇرسەت كەلسىلا چىڭ تۇتقىنىمىزغا قارىماي ئاخىر ئۇچۇپ كېتىدىكەن. مەن مۇھەببەت يولىدا ئاخىر مەغلۇپ بولدۇم. كامالنى مەڭگۈ ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرۇش ئىستىكىم ئاخىرىدا ئۇنىڭ مەندىن بىزار بولۇش تۈيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. دۇنيادا ئۆز مۇھەببىتىنى بىر ئادەمگە زورلاپ



تېڭىشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك. مەن ئاخىر ئۇنى مەڭگۈ ئۆز ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم. شۇڭا ئۇنى بۇ مۇھەببەتنىڭ بېسىمىدىن قۇتقۇزۇش قارارىغا كەلدىم. بىلىمەن، ئۇ ناھايىتى ياخشى يىگىت. پەقەت مېنى دەپلا نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردى، ھەتتا مېنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن ھەرىكەتلەرنى قىلدى. لېكىن، بەرىبىر ياخشى كۆرەلمىدى. بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، بۇ جەرياندا ئۇ مەندىنمۇ بەك سىقىلغان، ئازابلانغان، روھىي زىددىيەتكە پاتقان بولۇشى مۇمكىن. ھەر قېتىم ئۇنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىش تۈيغۇسىدا تىكىلگەن چىرايىغا قارىساملا ئازابلىنىپ كېتىمەن. مۇھەببەت بىلەن باققان چاغلىرىدىمۇ بۇ ھېسسىياتنىڭ چىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا قانداقتۇر بىر ياسالمىلىقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئازابلىق، بىراق بىرگە ئۆتۈشمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. رىزۋان، مەن كۆپ قېتىملىق ئويلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ماڭا مەنسۇپ بولمىغان قەلبىنى قايتۇرۇپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئاخىر بىز ئايرىلىپ كەتتۇق، — زۇلپىيە لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدا قانچىلىك ھەسرەت تامچىلىرىنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى.

— مەن بەك ئېچىندىم زۇلپىيە، ئەسلىدە سىلەرنى بەك بەختلىك دەپ ئويلايتتىم.

— ئەپسۇس. . . بۇ بەختنىڭ ئارقىسىغا بىر خىل ئۈنسىز قايغۇ يوشۇرۇنغانىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭغا باشتىلا مۇھەببىتىمنى تاڭمىسام بوپتىكەن، مېنىڭ چەكسىز سۆيگۈم ئالدىدا ئاخىر ئۇمۇ ئاجىز كېلىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەپسۇسكى بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىز دەل مۇشۇنىڭدىن باشلاندى. مەن ئۆز مۇھەببىتىم ئارقىلىق ئۇنىڭدىمۇ مۇھەببەت

ئويغىتالايمەن دەپ خاتا ئويلاپتىكەنمەن. مۇھەببەت تولىمۇ مۇستەقىل نەرسىكەن، ئۇ ئاخىر ئادەملەرنى بويسۇندۇرىدىكەن. ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باقمايدىكەن. مېنىڭ مۇھەببىتىم ۋە مۇھەببەت يولىدىكى تىرىشچانلىقىم ئاخىرقى ھېسابتا ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولدى.

— زۇلپىيە، سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار راستىنلا مۇرەككەپ ئىكەن. بەلكىم كامال سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تېخىچە ھېس قىلىپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئادەملەر ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىنىڭ قەدرىگە مەڭگۈ يەتمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. سەن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە. بەلكىم كامال بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاندىن سېنى قايتا چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

— ناتايىن، رىزۋان، ھايات يولىدا ئۇنىڭدىمۇ ئۆز ئەركىنلىكى بويىچە مۇھەببەتكە ئېرىشىش ھوقۇقى بار، ئۇنىڭ ئېرىشكىنى ھەرگىزمۇ ئۆلۈك مۇھەببەت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ئۇزۇل - كېسىل ئايرىلدىم. قولۇڭدا بىر قۇش بولسا ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ھەتتا تىنىشقىمۇ پۇرسەت بەرمىسەڭ ئۇ ئىلكىڭدە بولغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەكسىچە قويۇۋەتسەڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ. مۇھەببەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مەنمۇ ئۆز ئىلكىمدىكى مۇھەببەتنىڭ تۇنجۇقۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بەردىم، ئۇچۇپ كەتسىمۇ مەيلى. بىراق، مېنىڭ ئارزۇيۇم تۆپەيلى تۇنجۇقۇپ قالماسلىقى كېرەك.

— نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن، ھەرقانچە ياۋا قۇشنىمۇ كۆندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ، سەن نېمىشقا بىراقلا ئۈمىدىڭنى ئۈزىسەن؟



— مەن بەك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. قانچە تىرىشقانسېرى ئازابلىرىممۇ كۆپىيىپ باردى. قۇشنىڭ ماكانى ئورماندا رىزۋان، سېنىڭ قولۇڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىرتماق. ئۆگەنگەن قۇش ئۆزىنىڭ قانتىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئورمان ناخشىسىنى ئۇنۇتقان قۇشتۇر. سەن ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ھېسسىيات تەلەپ قىلالايسەن. ئۇنىڭدىن قانداقمۇ يېقىملىق ناۋالارنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلالايسەن. ئاخىرىدا ئۇ سېنى ھاردۇرىۋېتىدۇ، ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋېتىدۇ.

مەن ئېغىر ئۇھ تارتتىم، گۈلسۈم. بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئوڭۇشسىزلىق يەنە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىمۇ ئوخشاشلا ئېچىنىش پەيدا قىلىدىكەن. زۇلپىيەنىڭ مۇھەببەتتىن شىكەستىلەنگەن قەلبى مېنىڭ كۆڭلۈمنى چەكسىز قايغۇلار ئىچىگە غەرق قىلدى. ئۇنىڭ بەختسىز ھاياتى تا ھازىرغىچە مېنى ئەيىبلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئازاب تۆپەيلى قانچىلىغان كۈنلەرنى مۈڭلىنىپ ئۆتكۈزگەندۇ، قانچىلىغان تۈنلەرنى ئازاب بىلەن ئۇزاتقاندۇ؟ ! . . .

خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ زۇلپىيەنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. ئۇنىڭ بوش ئۆكسۈۋاتقان ئاۋازى مېنى سەگىتتى. ئۇنىڭغا ئۈنسىز سۈكۈت قىلدىم. ئەڭ مۇھىمى يىغلىۋەتمەي دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ھەسرەت چېكىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ياردەم قىلالمىغانلىقىم مېنى بەك ئازابلىدى. كىشى بىر دوستى بەختسىزلىككە ئۇچرىسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلالماسلىقىدىنمۇ ئۆتە ئازابلىق ئىشقا يولۇقمىسا كېرەك. ئۇنىڭغا ئۇنۇملۇك تەسەللى بېرىش قولۇمدىن كەلمەيتتى. كاللامدا ھەر خىل ئويلار كېزىپ يۈرەتتى. بىر چاغدا قارىسام زۇلپىيە يېنىمدا يوق، ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم. ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسى لەيلەپ يۈرەتتى. جىمجىتلىق ئىچىدە يېنىمدىن كەتكەن بۇ قىز تېخى بىرنەچچە

كۈن ئىلگىرى شېرىن ئارزۇ ۋە تەسەۋۋۇرلار ئىچىدە مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەنىدى. بىراق ھازىر ھەممە نەرسىسى بەربات بولغان مەغلۇبىيەتچىدەك ئۆز تەقدىرىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىگە چېلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. يەنە سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. زۇلپىيە تېخى ياتاققا قايتىپ كىرمىدى. يامغۇر تامچىلىرى دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا يەڭگىل ئۇرۇلاتتى. مەن زۇلپىيەدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئاستا - ئاستا كەچ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆمەر ھېلىقى كۈنى ماڭا بەرگەن قىزىل كۈنلۈكنى قولۇمغا ئالدىم. قوللىرىم قىزىغاندەك قىلدى. نېمىشقىدۇ بۇ كۈنلۈكنى تېخىچە قايتۇرۇپ بەرمەپتىمەن. قايتۇرۇپ بېرىش ئويۇممۇ يوقتەك قىلاتتى.

يامغۇر دەرەخ شاخلىرىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتاتتى. يامغۇر بەك كۆپ ياغسا ئادەمنىڭ قەلبى ھەسرەتكە پېتىپ قالامدۇ نېمە دەپ ئويلىدىم، بىراق بۇ ئويۇمغا شۇنچە تېزلا كۈلگۈم كېلىپ كەتتى. يامغۇر بىلەن ھەسرەت چېكىشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى. چۈشىنىكسىز خىجىللىق ئىچىدە قولۇمدىكى كۈنلۈكنى چىڭ سىقىمداپ قويدۇم.

قويۇق ئارچىزارلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ زەينۇرەنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ خۇددى يامغۇر ياغقىنىنى تۇيمىغاندەك شۇنچە بەخىرامان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك قىياپىتى خۇددى مېنىڭ قەلبىمگە تۇتاشتەك ماڭا بىر خىل ئازاب تۇيغۇسى بەخش ئەتكەندەك ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ زىلۋا ھەم ئورۇق كەلگەن بۇ دوستۇمغا ھارغىنلىق ئىچىدە سەپسالدىم. دەسلەپ كۆرۈشكەن چاغلاردا ئۇ ماڭا بىر ئاز ساددا ۋە كەم سۆز تۇيۇلغانىدى. كېيىنچە مەن ئۇنىڭ تولىمۇ ھېسسىياتچان قىز ئىكەنلىكىنى، بىراق ئۆز ھېسسىياتىنى تولىمۇ پىنھان تۇتۇپ ئاسانلىقچە ئاشكارا قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. مەن



ھەمىشە: «سەن ئۆز ھېسسىياتىڭغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەقىل - پاراستىڭگە تايىنىپ ئىش قىلىشىڭ كېرەك، بولمىسا تۇرمۇشتا ئاسانلا خاتالىشىپ قالىسەن» دەيتتىم. بىراق ئۇ سۆزلىرىمگە پەرۋاسىزلا كۈلۈپ قوياتتى. لېكىن ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خىيالغا تولغان چىرايى مېنى ئۇنىڭ ھېسسىياتىدىن تولىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندەك بىلىنەتتى.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ ئىپادىسىز ھالەتتە ماڭا قاراپ قويدى. بىراق گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىنى خالاپ قالغانىدىم. لېكىن بۇ ھېسسىياتىم ئاستا - ئاستا توزۇپ تۈگەپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

— كىرىپ كېتەمسەن؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى. مەن بۇ كۆزلەردىن ناھايىتى يىراق دۇنيانىڭ غۇۋا شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن بۇنداق كۆزلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. بۇ كۆزلەر ئادەمنى ئەيمەندۈرۈپ قوياتتى ھەم تەشۋىشكە سالاتتى.

— ياق، مۇشۇ يەردە تۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ ھەم كىرىپ كېتىشىمنىڭمۇ ئەمدى ھاجىتى قالمىدى، — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ سۇس ۋە غەمكىن چىقتى. مەن ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېگىنىنى بىلمىدىم. بۇنداق جاۋاب ئادەمنى تولىمۇ قىينايتتى، بۇ خىل قىيناش ئادەمنىڭ روھىدا ناھايىتى ئۇزۇن لەيلەپ يۈرەتتى...

مەن خىيال ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال تاپالمىدىم. مۇشۇنىڭ ئۆزى مەن قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىش ئىدى. بىراق بۇ ئىشنى ئۇزۇن قىلالىشىم ناتايىن ئىدى. چۈنكى، ئازابلىق ئىشنى داۋاملىق قىلىۋېرىش شۇ ئادەمنىڭ روھىنى ئاستا - ئاستا ئۆلتۈرۈش ئىدى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ پىسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچى چەكلىك بولىدۇ. مېنىڭ پىسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچۈممۇ ئاخىرىدا تۈگەپ كېتىشى

مۇمكىن ئىدى. بەلكىم ھېلىلا ئاخىرلىششى مۇمكىن.

ئۇ ماڭا ئويچان كۆزلىرىنى تىكتى.

— بىز نېمىشقا تۇغۇلدۇق؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يىراق ئاراللاردىن كەلگەن شارقىراتمىنىڭ ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ سوئالىغا دەماللىققا جاۋاب بېرەلمىدىم. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ سوئالىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىر جاۋابنى ئويلاپ تاپالمىغانلىقىمدىن ئىدى.

— ياشاش ئۈچۈنغۇ، — دېدىم ئاخىر. ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويدى. مەن گويا بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغان كىچىك بالىدەك نېمە قىلارىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدىم.

— تۇغۇلۇش، ياشاشنى سەن بەلگىلىيەلمەيسەن، چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئىرادەڭگە بويسۇنمايدۇ. بىز ئۆلۈم ئۈچۈنلا ياشايمىز. ياشاش ئۈچۈن بولغىنىدا ئىدى، ئۆلۈم ئۈچۈن كۆرەش قىلمىغان بولاتتۇق.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنىڭ كۈتمىگەن يېرىمدىن چىقتى. چۈنكى، ياشاش ئىستىكىدىكى بىر ئادەم ھېچقاچان مۇنداق سوئالنى ئويلاپ يۈرمەيتتى ۋە بۇنداق جاۋابنى بەرمەيتتى. ئۇ ماڭا ھەممە نەرسىسى بەربات بولغان بىر ئادەمنىڭ پاجىئەسىنى ئەسلەتتى.

— سەن ھەممە نەرسىگە ئۈمىدسىز قارايدىكەنسەن. ئەگەر ئۈمىدۋار بولغىنىڭدا ئىدىڭ، ئۆلۈم دېگەن سۆزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتىڭ. بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈم ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدىكى ئاساسلىق يول.

— لېكىن مەن ئۇنداق قارىمايمەن، بۇ دېگەن بىر باھانە.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دەيسەن؟

— بۇنى مېنىڭ ياشاش مۇھىتىم بەلگىلىگەن، ئۆلۈم بىزنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىمىز، مەسىلە بىزنىڭ قانداق شەكىل



ۋە بالدۇر ـ كېيىن ئۇنىڭغا يېقىنلىششىمىزدا.

مەن ئۈنچىقمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلساق ھەرگىز ئاخىرى چىقمايتتى. پىكىر بىرلىكىمۇ بولمايتتى.

— كىرىپ كېتەيلى، بولامدۇ؟!

— ئۆزۈڭ كىرىپ كېتىۋەر، مەن تەنھالىق ئىچىدە ئوي ـ خىياللىرىمغا سىڭىشىپ دۇنيانىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كېزىپ باقاي، ئۇنىڭدا مېنى قىزىقتۇرالمىغۇدەك زادى قانچىلىك نەرسە باركىن.

ئاستا قەدەملەر بىلەن ياتاققا ماڭدىم. زەينۇرەگە كۆڭلۈكنى قالدۇرۇپ قويغانىدىم. بىراق، ئۇ كۆڭلۈكنى ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇپ قويدى. دەرەخلەردىن ئاندا ـ مۇندا يامغۇر تامچىلىرى ساقىپ تۇراتتى. قەلبىمدىكى بىر خىل روھىي بېسىم مېنى قىينىماقتا. قانداق قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى بىلمەيتتىم. ئۇزاققا بارمايلا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ساڭا بىر گېپىم بار ئىدى.

مەن ئارقامغا قايرىلدىم. بىر تال يامغۇر تامچىسى مەڭزىمگە چۈشۈپ ئاندىن ئېڭىكىم ئاستىغا ساقىپ كىرىپ كەتتى. ھازىر خېلىلا كەچ كىرىپ تۈن قاناتلىرىنى ئەتراپقا يايغان بولغاچقا، ئەتراپ قويۇق قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈشكە باشلىغانىدى. ئورنۇمدا جىممىدە تۇردۇم. قايرىلاي دەپمۇ قايرىلالمىدىم.

— ماڭا راست گېپىڭنى دەپ باقە، سەن بەختلىك بولۇپ باققانمۇ؟ — ئۇ ھە دېسە جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان بىر سوئالنى سوراۋاتاتتى.

— ئۇقمايمەن. بەلكىم بەختنىڭ نېمىلىكىنى تېخىچە ھېس قىلىپ يەتمىگەن بولسام كېرەك.

— سەن راستتىنلا بەختلىك ئىكەنسەن.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

— چۈنكى، سەن ھازىر ئازابنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن، شۇڭا بەختنىمۇ بىلمەيسەن. پەقەت ئازابقا يولۇققان چېغىڭدىلا ئاندىن بەختنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىسەن، ئىلگىرىكى تىنپتىنچ چاغلىرىملا بەختلىك ئىكەن دەپ قالىسەن.

— ئۇنداقتا سەنچۇ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم بەخت مەندىن ئۆزاپ كەتكەندۇ، مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئېرىشكەن بولۇشۇم ياكى بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىشىشىم مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئادەم قانداق چاغلىرىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە بىلمەيدىكەن. مېنىڭچە بولغاندا بەخت بىردەملىك ھېسسىيات، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىدە ناھايىتى قىسقا مەزگىللىك توختاپ ئۆتىدۇ، ئۇنى ھېس قىلغاندا بولسا ئۇ ئاللىبۇرۇن ئازلاپ كېتىدۇ، ئادەمنىڭ قەلبىدە قالىدىغىنى بولسا ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل شېرىن تەسەۋۋۇردىنلا ئىبارەت، — ئۇ كۈنلۈكنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى، — ساڭا ئامەت تىلەيمەن، بەختلىك بولغايسەن.

مەن ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. بۇ قوللار شۇنچىلىك سوغۇق ئىدىكى، ئادەم بىر خىل سوغۇق مۇھىتقا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتى.

— سەنمۇ بەختلىك بولغىن، — مەن ئۇنىڭ سوغۇق قوللىرىنى چىڭ سىقتىم. ئىككىمىزنىڭ بۇ بەخت تىلىشىشىمىز گويا ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىش سۆزىدەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— رەھمەت ساڭا، ھازىر ئۆزۈمنى راستىنلا بەختلىك بولغاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن. چۈنكى، رىزۋان، بۇرۇن مەن مەغلۇپ بولۇشتىن قورققانىدىم، ھازىر ئويلىسام مەغلۇبىيەتمۇ بىر خىل بەخت تۇيغۇسى ئىكەن.



قان - تومۇرلىرىم شۇۋۇلداپ كەتتى. ئاھ زەينۇرە! ئاخىرقى ھېسابتا سەنمۇ بىر مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپسەندە. بۇ سېنىڭ تەقدىرىڭمۇ ياكى سەندىن تاشقىرى بارلىق كىشىلەرنىڭ تەقدىرىمۇ؟

— زەينۇرە، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلاي دەيسەن؟

— ھېچنېمە، بۇرۇن قىلىدىغان ئىشلىرىم بەك كۆپ ئىدى. بىراق، ھازىر ھەممىسى بىردىنلا غايىب بولدى. دۇنيانىڭ يۈكى دەل مەن نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. ئادەم دۇنيانىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇ ئەسلىدىنلا بىزنىڭ ئالدىمىزدا تولىمۇ ئەرزىمەس نېمە، — ئۇ كۈنلۈكنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ چۈشىنىكسىز گەۋدىسى كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ھاڭۋاقىنىمچە ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئويلاپ كەتتىم. قاراڭغۇلۇق بارغانچە قويۇقلىشىپ كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسىنى يۇتۇۋەتتى. مەن زەينۇرەنى شۇنچە قىلىپمۇ كۆرەلمىدىم. ھەتتا كۆز ئالدىمدىكى ئازاب دەرەخلىرىمۇ غايىب بولۇپ كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتتى. . .

ئارقامغا قايتتىم. پۈتكۈل بىنا، مەكتەپ، ھەتتا بۇ جىمجىت شەھەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغانىدى. قاراڭغۇلۇق ئىشىك - دېرىزىلەردىن ساقىپ كىرىپ ياتاق ئىچىنى ئىگىلىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇ مېنىڭ پۈتكۈل روھىمغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، مېنى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتكەنىدى. پەقەت ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە زەينۇرەنىڭ مىسكىن، ئەمما ھەممە نەرسىنى مەنسىتمەيدىغان چىرايى، مۇڭلۇق، لېكىن تەمكىن كۆزلىرى بىر پارچە سۈزۈك نۇردەك كۆز ئالدىمدا لەيلەپ تۇراتتى.

ئىچىم بەكلا سىقىلىپ كەتتى. بىر خىل مۇدھىش، ئەمما

قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مۇھىت ئەتراپىمدا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ھەممە نەرسە ھەرىكەتسىز ئىدى. ئۆزۈمنى چۈشكىنلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم.

بالكوندا زۇلپىيە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاپئاق چىرايى خىرە يورۇپ تۇرغان چىراغ سايىسى ئاستىدا ئۇنىڭ زۇلپىيە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. باياتىن مەن ئۇنى ئىزدەپ ماڭغاندىمۇ ئۇ مۇشۇ يەردە بولغىيمىدى. قارىغاندا ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلمىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم ناھايىتى ئۇزۇن تۇرغان بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان ئوخشايمەن. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردۇم.

— سېنى ئىزدەپ چىققانىدىم، — سوغۇق مەڭزىمنى مەڭزىگە ياقتىم. يەنە سىم - سىم يامغۇرنىڭ چۈشىنىكسىز شاۋقۇنى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆچسىز، ئەمما ئۇزۇن قولى غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئاپئاق كۆرۈنەتتى. مەن تامغا چۈشكەن سايەمگە قارىدىم. بىردىنلا ئۆزۈمنى زۇلپىيەگە ئايلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا زۇلپىيە قوشۇلۇپ قالاتتى.

— ئەخمەق، ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭ، — ئۇنىڭ ئاۋازى كۆچسىز ھەم بوش چىقتى.

— يامغۇر يېغىۋاتسا، سەندىن ئەنسىرەپ شۇ.

— ئەنسىرەيدىغان ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ھەممە ئىشلار نورمال تۇرمامدۇ. ئەمدى ھاياتىمنى تىمتاسلىق ئىچىگە چىلاپ ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەر بىلەن خوشلىشىش بىلەن ئۆتكۈزىمەن.

— ساڭا بەك تەسەللى بەرگۈم بار. بىراق، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— ھاجىتى يوق، تەسەللىگە موھتاج ئادەم يېرىم ئادەمدۇر.



— ئەكسىچە ئۆز دوستلىرىڭنىڭ تەسەللىسى ھاياتىڭكى يېرىم تەرەپلىرىڭنى تولۇقلايدۇ.

— مەن دەل تۇرمۇشتىكى يېرىم تەرەپلىرىمنى قايتۇرۇۋالدىم. ماڭا ئەمدى يېرىم نەرسىلەر كېرەك ئەمەس.

مەن بۇ دوستۇمنىڭ سۇزۇك چىرايىغا قارىدىم. ئۇ خۇددى بىر پارچە مەر - مەر ھەيكەلدەك بالكون ئۈستىدە تىپتىنچ تۇراتتى. ئەتراپقا يېيىلغان تىمتاسلىق بۇ كىچىككىنە بالكوندىن سوزۇلۇپ پۈتكۈل شەھەر بىلەن بىر تۇتاش كۆرۈنەتتى. شەھەر بىزنىڭ سۈكۈتىمىزنى تىڭشىماقچى بولغاندەك تېخىمۇ جىمىپ كەتكەنىدى. ئەتراپىمنى بىر خىل چۈش مۇھىتى قورشاپ تۇرغىنىنى ھېس قىلدىم.

ئاستا ئارقامغا ياندىم. زۇلپىيەگە جىمجىتلىق كېرەكتۇ. ئۇنىڭ قايغۇسى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ مەن تارتىشىپ بېرەلمەيتتىم. زۇلپىيە مېنى چاقىرغاندەك قىلدى. ياق چاقىرمىدى، بەلكىم يۈرىكىم تۇيدى. مەن قايرىلدىم. ئۇ خۇددى قايرىلىشىمنى بىلگەندەكلا كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپتۇ.

— كامال ياخشى يىگىت، — ئۇ بۇ سۆزنى راستىنلا ئۇنلۇك ئېيتتىمۇ ياكى روھىمنىڭ مەلۇم قىسمى شۇنداق سادا چىقاردىمۇ بىلمىدىم، ماڭا ناھايىتى يىراقتىن ئېيتىلغاندەك بىلىندى.

— شۇنداق، ئۇ ياخشى يىگىت، سەن ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، لېكىن باشقىلار ئۈچۈن ئۇ يەنىلا ئادەتتىكىچە بولۇشى مۇمكىن، قەلبىڭدىكى ئۇلۇغلۇق ئۇنى شۇ دەرىجىگە كۆتۈرگەن.

— ياق رىزۋان، ئۇ سەن ئۈچۈنمۇ ياخشى يىگىت.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، سۆزۈڭنى چۈشەنمىدىم.

— چۈشىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسەن، ساڭا بەخت تىلەيمەن.

— زۇلپىيە، ساڭا نېمە بولدى؟ گەپلىرىڭ ئەجەبقۇ؟

— ھېچنېمە بولغىنى يوق.

— ئەمىسە نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىسەن؟

— كامال سېنى ياخشى كۆرىدىكەن، — ئۇ يېنىمدىن يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنى چاقىرىپ تۇتۇپ قالماقچى ئىدىم، بىراق ئاۋازىم پۈتۈپ كەتكەندەك چىقماي قالدى. ھەممە نەرسە ئاخىرلاشقانىدى. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ھېس قىلدىم. ئۇ شەپىسىز ئاياغلىرى بىلەن يېنىمدىن بىر پارچە يىپەك سۇغۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

بالكونغا يۆلىنىپ ئۇزاق تۇردۇم. ۋاقىت جىمجىت ئېقىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. مەن قەيەردىندۇر يېتىپ كېلىدىغان جىمجىت بىر سادانىڭ قەلبىمدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. بەلكىم ئۇ ئاۋاز يىراقتا قالغاندۇ، بەلكىم ئۇ ئاۋاز مەۋجۇت ئەمەستۇ، بەلكىم مەن ئۇنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەندىمەن...

مەن ئۆزۈمنى ناتونۇش بىر دۇنيادا كېتىۋاتقاندەك، ئايىغىم ئاستىدا شىلدىرلاۋاتقان غازاڭلار مېنىڭ كىملىكىمنى سورىشىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. مەن چوڭ - چوڭ مەنزىرىلەرنى ئايلىنىپ ئۆتتۈم. ئۇلارغا قىزىقىشىم يوقلۇقىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالدىم. ھەممە نەرسە بىر پارچە تۇمان ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ بىر كۆرۈنمەي قالاتتى. قوللىرىمنى سۇنۇپ ئۇلار مەۋجۇتمۇ ياكى مەۋجۇت ئەمەسمۇ دېگەننى بىلمەكچى بولاتتىم. تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ بالكوندا ئىكەنلىكىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

ياتاققا قايتىپ كىردىم. ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. ياستۇققا بېشىمنى قويا - قويمايلا نۇرغۇن چۈشلەر لەيلەپ كېلىشكە باشلىدى.

سەھەردە ئويغانسام ھەممىسى تېخى شېرىن ئۇيقۇدا ئىكەن. كېچىچە بەك كۆپ چۈش كۆرۈپ كەتكىنىمنى ئويلىدىم. تۈن بويى يىغلاپ چىقىپتىمەن.



4

كىرىپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغان كۇتۇپخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇم. بىراق، بۇ يەرگە ماتېرىيال كۆرگىلى كىردىممۇ ياكى خىيال سۈرگىلى كىردىممۇ بىلەلمىدىم. بۇ مەندە بۇگۇنلا يۈز بەرگەن ئەھۋال ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قاچاندىن باشلاپ مېنىڭ ھاياتىمدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغىنىنى بىلمەك تەس ئىدى. يەنە بۇ يەردە تۇرىۋەرگىم كەلمىدى. پەرىشان ھالدا كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كەتتىم. بىراق، نەگە بېرىشىمنى ئۇقمايمەن. بەلكىم ماڭا خاتىرجەملىك بېرىدىغان بىر جايغا بارارمەن. بىراق ئۇ جاي قەيەردە؟

بىر چاغدا قارىسام قويۇق ئارچىزارلىق ئارىسىدا تۇرۇپتىمەن. جىمجىت سۈكۈت ئەتراپىمغا قانات يايغانىدى. پارچە - پارچە بولۇپ يىرتىلغان قۇياش نۇرى يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۇستۇۋېشىمغا قوندى. ئېنىقسىز بىر مىسكىنلىك قەلبىمنى سىلاشقا باشلىدى. كۆزلىرىمنى يۇمغان ھالدا بىر تۈپ دەرەخكە يۆلەندىم. دەرەخ مېنىڭ ئىچكى سىرىمنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى ھەسرەتنى ئۈنسىز تىڭشاۋاتاتتى. مەن ھاياتتا ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ دەرەخچىلىك ئازابنى چۈشەنمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەن دەل مېنى مۇشۇنداق چۈشىنىدىغان بىر ھەمراھقا موھتاج ئىدىم. ئۇ ئادەملەر ئارىسىدىن ئەمەس، بەلكى دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ قالدى. ئۆزۈمنى دەرەخ بىلەن بىر گەۋدە، بىر تەن بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ناھايىتى يىراق بىر چوڭقۇرلۇققا قاراپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدىم. بۇ مۇھىت شۇنچە يىراق، شۇنچە سۈزۈك ئىدى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە كۆمۈلگەنىدى. ئۇ مېنىڭ ئازابلىرىمنى

ئويغىتالايدىغان بىردىنبىر مۇھىت ئىدى. ناھايىتى ھېرىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن خىيال ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كۆزۈمنى ئەتراپقا تىكتىم. ئەتراپ بىر قەۋەت نېپىز تۇمان ئىچىدە قالغانىدى. تۇمان پۈتۈن ئارچىزارلىقنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئورۇمچىنىڭ تۇمان پەسلى كۆپ، بىراق بۇ يىلقىدەك تۇمانلىق يىلنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. تۇمان تارقاۋاتسا كېرەك. تۇمان ھەممە نەرسىنى ئۈنتۈلدۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ يەنە ئەسلىگە قايتقاندا ھەممە نەرسە بىر قەۋەت تۇمان ئىچىدە كۆرۈنەتتى. ئۇدۇلۇمدا كامال ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قاچاندىن باشلاپ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغاندۇ. ئۇنىڭ كەلگىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

— خىيالىڭىزنى بۆلۈۋەتمىگەندىمەن؟

— ياق.

— قارىسام بەكلا پەرىشان كۆرۈنىسىز. ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ كەلگەنىدىم، دىققىتىڭىزنى بۆلۈۋەتمەي دېدىم. سىز مۇشۇ ھالەتتە ناھايىتى ئۇزۇن تۇردىڭىز.

مەن خىجىل بولدۇم. ئۇ مېنىڭ باياتىنقى بارلىق ھەرىكىتىمنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن. مەن ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر تىۋىشنى سەزمەي قالغىنىمغا ئەجەبلەندىم.

— بەزىدە تۇرۇپلا مۇشۇنداق بولۇپ قالىمەن، لېكىن ھايال ئۆتمەي ئويغىنىپ قالىمەن.

— بەزىدە ئادەمنىڭ شۇنداق چاغلىرى بولىدۇ.

— مەن قالايمىقان سۆزلەپ سالمىغاندىمەن؟

— ياقەي، — مەن كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈردۈم. يىغلىغان بولسام ياشلىرىم گىرىملىرىمنى يۇيۇۋەتمىسكىن دەپ ئويلىدىم. باياتىنقى ھالەتلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم.

— نېمە دەيدىغانلىقىم سىزگە ئايان، — ئۇ سۆز ئارىلىقىدا



سەل توختىۋالدى، — بەلكىم ھاماقەتلىك قىلىۋاتقاندىمەن. بىراق بۇ ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس، قەلبىم ئۆز بەختىمنى قوغلىشىپ بېقىشنى ئېيتتى... مەغلۇپ بولساممۇ، بۇ بەختىم ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىغاندىن ئەۋزەل.

كامال سۆزىدىن توختىدى. ئارىمىزدا ئۇنسىز جىمجىتلىق لەيلەپ يۈرەتتى. مەن قەيەردىندۇر كېلىدىغان بىر ئاۋازنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇۋېتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ ئاۋاز ناھايىتى يىراقتىن، مېنىڭ قەلبىمدىن كېلەتتى.

— كامال، ئالدىڭىزدا خىجىلمەن. ئەسلىدە سىز ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىدىڭىز ھەم ياخشى كۆرۈشكىمۇ ئېرىشكەن ئىدىڭىز، بىراق...

— سىز زۇلپىيەنى دېمەكچىمۇ؟ — ئۇ ئالدىراپلا سۆزۈمنى بۆلدى.

— شۇنداق. يەنە زەينۇرەمۇ بار. ھاياتتا ئادەمنىڭ تاللاش ئوبيېكتى ئوخشاش بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە موھتاج. لېكىن، سىز ئۇلارغا بېرىشنى رەت قىلغان مۇھەببىتىڭىزنى ماڭا بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز، ئەپسۇسكى مەنمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز.

— رىزۋان، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز بەختىنى قوغلىشىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، ئۇ باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئىسراپ بولسا بۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال. جاھاندا ئۆز بەختىگە ئىنتىلمەسلىكتىنمۇ ئۆتە ھاماقەتلىك يوق. مەيلى ئۇنىڭغا قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز بەختىنى جەزمەن قوغلىشىش كېرەك.

— بىراق، بۇ بەختنى مەن سىزگە ئاتا قىلالمايمەن.

— ياق، رىزۋان! مېنىڭ مۇھەببىتىم سىزگە بۇنى ھېس قىلدۇردى. مەن قەلبىمدىكى ھارارىتىم ئارقىلىق سىزنىڭ

قەلبىڭىزدىمۇ مېنىڭكىدەك سۆيگۈ شېرىنلىكى ئويغىتىمەن.

— زۇلپىيەچۇ؟ زەينۇرەچۇ؟ ئۇلارغا كىم سۆيگۈ شېرىنلىكىنى ئاتا قىلىدۇ؟

— كەچۈرۈڭ رىزۋان. مەن هامان بىر ئادەمگە مەنسۇپ. بىرىگە مۇھەببەت ئاتا قىلغان تەقدىردىمۇ يەنە بىرى ئازابتا قالىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ بۇ خىل ئازابتىن نېرى بولالمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ تاللاش نىشانىم باشقا. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىم كېرەك.

— سىز بەك شەخسىيەتچىكەنسىز، بۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ بەخت تاللاشتىكى بىردىنبىر يولىڭىز بولالمايدۇ ھەم بەختلىكمۇ بولالمايسىز.

— توغرا دېدىڭىز. لېكىن، سىزمۇ بىلىشىڭىز كېرەك، مۇھەببەت ئەزەلدىن شەخسىيەتچى كېلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىچ ئاغرىتىش، خەير ـ ساخاۋەت سورۇنى ئەمەس.

— بۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى. سىز زۇلپىيەگە ئىچ ئاغرىتىپ خاتا قىلغان. دەل زۇلپىيە، زەينۇرەلەرگە بېرەلمىگەن مۇھەببەتنى سىزگە مەنمۇ بېرەلمەيمەن. چۈنكى، ھېسسىيات جەھەتتە ئىچ ئاغرىتىپ مېنىڭ سىزنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ بەختسىز قىلغۇم يوق. مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— گېپىڭىزنى چۈشەندىم. مەن ئىلگىرى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنىمۇ، ئازابىنىمۇ ھېس قىلىپ كۆرگەن. ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشىش ئىنتايىن بەختلىك ئىش. بىراق، ياخشى كۆرمىگەن ئادەمگە سۆيگۈ ئاتا قىلىش ناھايىتى تەس. ئۇ ھەر ئىككىلا ئادەمنى ئازابلايدۇ. مەن سىزدىن رەنجىمەيمەن ھەم بۇنىڭغا ھوقۇقۇممۇ يوق. سىزمۇ بەختىڭىزنى ئىزدەڭ.

— بىز دوست بولۇپلا ئۆتەيلى، كامال.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس رىزۋان. بىر ئادەمنىڭ مۇھەببىتى



ھەرگىزمۇ دوستلۇقتا ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيدۇ. قارىماققا ئۇ دوستلۇق دەپ ئاتالغان بىلەن يەنىلا مۇھەببەت پېتى قېلىۋېرىدۇ.

مەن كامالغا قارىدىم. ئۇنىڭ بارغانچە خىيالچان بولۇپ كېتىۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ ئازابلىنىشقا باشلىدىم. ئۆز مۇھەببىتىمگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ ئازابلانمىغان بولاتتىم. بىراق، باشقا بىر ئازابلىق قەلب ئالدىدا ئادەم ئۆز ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇيالمايدىكەن. قەيەردىندۇر گىتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كەلدى. مەن بارغانسېرى پەرىشانلىشىپ كەتكەن تۇيغۇمنى بۇ قايغۇدىن تارتىپ چىقىرىشقا ئامالسىز قالدىم.

— كامال، سىزگە مېنىڭ ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— رەھمەت، كېرەك ئەمەس. سىزدىن كۈتكەن ياردەمگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ بۇ مەن ئۈچۈن ئازابلىق.

— سىزگە نېمىدەپ چۈشەنچە بېرىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مۇمكىن بولسا. . .

— بولدى ھاجەتسىز، بەزى نەرسىلەرنى سۆزلەپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. يەنە بەزى نەرسىلەرگە بولسا سۈكۈت قىلىش كېرەك. سىز بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئارتۇقچە كاللا قاتۇرماڭ.

شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. گۇگۇم يېقىنلاپ قالغاچقا ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ ئېنىق كۆرۈش تەس ئىدى. ئۇ يىغلىدىمىكىن دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئۇنداق بولۇشىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. مەنمۇ يىغلىۋەتمەي دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ قىياپىتىنى كۆز ئالدىمدىن كەتكۈزەلمەيمەن. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگىنىممۇ ياخشى بولغانىكەن. ھازىر مېنى بىئارام قىلىۋاتقىنى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغىنىم ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ياخشى

كۆرمەيدىغان شەخسلەرنى قوغلىشىشى ئىدى.

— كىرىپ كېتەيلى، — سۈكۈتۈمنى كامال بۇزدى. ماڭا جىمجىتلىق لازىم ئىدى. بۇنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟ ئۇنىڭغا بىرەر سۆزنى ئېيتقۇدەك جۈرئەت قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاستا ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن جىمجىت ھالدا ئۆتتۇق. ئۇنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى مۇھەببەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن دەپ ئويلىدىم. گويا بۇ ئىش ئۈچۈن ئەيىبكاردەك خىجىلچىلىق ئىچىدە بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ماڭدىم.

— خوش، ئەتە كۆرۈشەيلى، — ئۇ ياتاق ئالدىغا كەلگەندە شۇنداق دېدى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى غەمكىن بىر ناخشىغا ئوخشاتتىم.

— خوش، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمگە ئاخىرقى قېتىم تىكىلىپ قارىدى.

مەن بۇ كۆزلەرنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالدىم. ياتاق دېرىزىسىدىن چۈشكەن سۇس يورۇقلۇق ئۇنىڭ چىرايىغا بىر خىل غەمكىن تۈس قوشقانىدى (بەلكىم مەن شۇنداق ھېس قىلغانىدىمەن). ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. خېلى ئۇزۇنغىچە شىبىلتىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بىر مىسكىن گەۋدە تۈن قوينىدا ئاستا - ئاستا غايىب بولغانىدى. مەن ئەزەلدىن ئوغۇللارنىڭ بۇنچە مىسكىن ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ياتاققا كىردىم. ھېچكىم يوق، دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتىم. ھېلىقى گىتار ساداسى تېخىچە توختىماپتۇ. ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ چىققان مۇڭ ئەتراپقا يېيىلىپ ئاستا - ئاستا سىڭىپ كەتتى. ناخشىدىكى مۇڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى مۇڭنى ھەرگىزمۇ بېسىپ كېتەلمەيتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ قەلبىمنىڭ مەلۇم يەرلىرىدىكى ئازابلىق خاتىرىلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. مېنى چۈشىنىكسىز بىر خىل



غەم چۇلغىۋالدى. ھارغىن ھالدا دېرىزە قانىتىغا يۆلەندىم. ئاھ، مەن شۇ تاپتا بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنۇتسام، قىلچە قايغۇ ۋە ئازابى بولمىغان بىر ئادەمگە ئايلانسام نەقەدەر ياخشى ئىدى - ھە؟ بۇ خىيالىمنىڭ قورشاۋىدا تەكشى بىر يانتۇلۇقنى بويلاپ پەسكە سىيرىلماقتا ئىدىم. ئۆزۈمنى يوقۇتۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم. رېئاللىق بۇرۇنقىدەك ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. سەھەردىلا باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپتىمەن. نەرىمدە ئۆزگىرىش بولدىكىن دەپ ھەممە يېرىمگە سەپسېلىپ چىقتىم. بىراق، ھېچقانداق يېرىمدە ئالاھىدە بىر ئۆزگىرىش بولغىنىنى بايقىيالمىدىم. ناخۇش ھالدا كارىۋاتتا ئولتۇردۇم. زۇلپىيە سۇخانىغا چىقىپ كەتكەنىدى. زەينۇرەنىڭ مىسكىن چىرايى ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. ئۇنىڭغا بىر نەرسە دەي دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، قەلبىمدە دېگۈدەك بىرەر سۆزنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ئىلاجسىز جىم بولدۇم. ھېچ نەرسە خوشياقمىغان ھالدا ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم. بەلكىم مەن نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقان بولسام كېرەك. ئۇ زادى نېمىدۇ؟

بۈگۈن بەك زېرىكىشلىك كۈن بولدى. قۇياش نۇرى ئەينەك دېرىزىلەردىن ئەكس نۇر قايتۇراتتى. گۈللۈك ئۈستىدە كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. مېنىڭ ئۇلارغا بەكلا ھەۋىسىم كەلدى. توساتتىنلا ھەممە ياقنىڭ ناھايىتى تىمتاس بولۇپ كەتكىنى ھېس قىلدىم. تىمتاسلىق بارغانسېرى زورىيىپ مەكتەپ ئىچىنى يۇتۇۋەتتى. ھەتتا قەلبىمدىكى غەمكىن ئۈمىدلەرمۇ سۈكۈت ئىچىگە چىلاندى.

بىرسى يەلكەمگە يەڭگىل قول قويدى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. يېنىمدا زەينۇرە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولۇپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئارقىسىغا ياش

تامچىلىرىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مۇمكىن بولسا ئاشۇ ياش تامچىلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن سۈرتۈۋەتسەم ئىدىم. بىراق، ئۇنى پەقەت قەلبىمدىلا ساقلاپ قالالايتتىم.

— بىز سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشىپ كېلەيلى. بولامدۇ؟!

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

شەھەر قويۇق تۇمان ئىچىدە قالغانىدى. ئۇرۇمچىدە تۇمان نېمىشقا شۇنچە كۆپ پەيدا بولىدىغاندۇ؟ ئۇ گويا مېنىڭ قەلبىم بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك ھەرقاچان مەن تەنھا قالغان ۋاقتىمدا پەيدا بولاتتى. زەينۇرە ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ، قويۇق تۇمان ئىچىدە قىزىلتاغ باغچىسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى يولىدا كېتىپ بارىمىز. دەرەخ شاخلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ يۈزىمىزگە تېگىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا زەينۇرە ئىتتىك يۈزىنى قاچۇراتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق ھەم نازۇك بەدىنى بەدىنىمگە ئۇرۇلاتتى. ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى يۈزۈمگە تېگىپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۆزۈمنى غىدىقلانغاندەك ھېس قىلاتتىم. كېتىۋېتىپ زەينۇرەنىڭ قەلبى ناھايىتى مىسكىن، ئەمما خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك قىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ ئۆزىمۇ سۆزلىمەي، مەنمۇ سۆزلىمەي جىمجىت ھالدا كېتىپ باراتتۇق. ئايلىنىپ ئاخىر تاغ چوققىسىغا چىقىپ قالدۇق. بۇ يەردىن پۈتۈن شەھەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. مەن ئادەتتە سۈزۈك كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئىس - تۈتەك ۋە تۇمان ئىچىدە ساپ ھاۋادىن مەھرۇم بولغىنىنى ھېس قىلدىم.

— خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزۈمنىڭ نەدىلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى زەينۇرە. ئاندىن بىر قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇردى. مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. زەينۇرە خىيال ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. خېلى بىرھازادىن كېيىن: «ئاھ ھايات! سەن نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر



سۆيۈملۈك - ھە! گۈزەل ياشلىق ئەسلىمىلىرى بىلەن تولغان مۇشۇنداق ئېسىل ۋاقىتلار ئىنسان ھاياتىدا قانچىلىك ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟! ناھايىتى قىسقا، ناھايىتى قىسقا. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنسان ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەسلەشكە يېتىدۇ» دېدى ھاياجان ئىچىدە. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئارقىسىغا نېمىشقىدۇر بىر مىسكىنلىك يوشۇرۇنغىنىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئۇ يەنە جىمىپ كەتتى. خۇددى روھىي دۇنياسى بەربات بولۇپ كەتكەندەك ناھايىتى سۆرۈن جىمجىتلىق ئىچىگە پېتىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ بىردە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك شارقىراپ، بىردە پەسلەپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— زەينۇرە، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى، ماڭا دەيدىغان قانداق گېپىڭ بار ئىدى؟

زەينۇرە يەنە ئاشۇ ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. ئۇنى يىغلىۋېتەمدىكىن دەپ ئويلىدىم. بىراق، يىغلىمىدى.

— رىزۋان، ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بەك نۇرغۇن ئىدى. ئېيتسام - ئېيتسام تۈگىتىپ بولالمايمەن. بۈگۈن سەن بىلەن بەزى ئىشلار توغرىلىق پاراڭلاشقۇم بار ئىدى. خاپا بولمايدىغانسەن؟

— ياقەي.

— ئادەم بۇ دۇنياغا نېمە مەقسەتتە كېلىدۇ، بىلەمسەن؟

— ياق، بۇنى تېخى ئويلاپ باقمىدىم.

— سەن بۇ سوئالغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ جاۋاب بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

مەن زەينۇرەنىڭ چېھرىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بۇ سوئالنى مۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ سوئال ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدەك قىلاتتى.

— ئادەم دۇنياغا باشتا مەقسەتسىز تۇغۇلىدۇ. بىراق،

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل مەقسەتلەر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ مەقسىتى بىر خىل بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھەر خىل بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئادەمدە مەقسەتنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ھايات كۆرسەتكۈچىدىكى ماڭىدىغان مۇھىم يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— ئەگەر ئادەم مەقسەت يولىدا مەغلۇپ بولسىچۇ؟

— مېنىڭچە ئادەم بىر خىل مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلسا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئادەمدە بىر خىل مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان يەنە بىر خىل مەقسەت بولۇشى كېرەك.

— غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتمۇ بەزىدە ئادەمنىڭ كىچىككىنە مەغلۇبىيىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە قاراش كېرەك.

— بۇ سېنىڭ پسىخىك ھالىتىڭگە باغلىق. ئالەمشۇمۇل مەغلۇبىيەتمۇ بەزىدە ساڭا ئازراقمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

— سېنىڭچە ئادەم شۇنچە مۇكەممەل نەرسىمۇ؟

— بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېمەك تەس.

— سەن سۆزۈمگە جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك.

— بايا ئېيتتىمغۇ، بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلە.

— ھەرقانچە مۇرەككەپ نەرسىلەرمۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئالدىدا ئاددىيتىنكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

— بىز نېمىشقا مۇنداق ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى مۇنازىرىلىشىمىز؟ باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى.

— ساڭا باشقا گەپلەر ياقمايدۇ.

— بۇگۈن ھاۋا شۇنچە ياخشى، شۇنچە گۈزەل، بىز تەبىئەتتىن زوقلانماي نېمىشقا قۇرۇق پاراڭ سالىمىز؟



— تەبىئەت گۈزەل بولغان بىلەن ئادەمنىڭ قەلبى گۈزەل بولمىسا ئۇ يەنىلا خۇنۇك كۆرۈنىدۇ.

— يەنە مۇنازىرىگە چۈشتۇڭغۇ.

— بۇ مۇنازىرە ئەمەس.

— زەينۇرە، بۈگۈن سۆزلىرىڭ باشقىچىلىغۇ؟

ئۇ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى. دەرھال قولىنى تۇتتۇم، ھايال ئۆتمەي يەنە قويۇۋەتتىم. نېمە مەقسەتتە شۇنداق قىلغىنىمنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنىدىم. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. ئۇنىڭ قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ماڭا يۈزلىنىپ تۇرغان يۈز - كۆزى ئاجايىپ يېقىملىق تۈستە جۇلالىنىپ تۇراتتى. «پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل چېھىر - ھە؟» مەن بىر خىل ھاياجان ئىچىدە شۇنداق ئويلىدىم.

بىزنىڭ تۇرغان ئورنىمىز ھەر خىل قورام تاشلار بىلەن تولغان ئوچۇقچىلىق ئىدى. بۇ يەردە تاشلارنىڭ رەڭگى بەك كۆپتەك قىلاتتى. قىزىل رەڭدىكىسىمۇ، قارا، قوڭۇر، ئاق، چىپار. . . ئىشقىلىپ بەك كۆپ ئىدى. نېرىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن مۇڭلۇق گىتار ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ناخشىنى ئانچە قاملاشتۇرۇپ ئېيتالمايمەن دەپ ئويلايتتىم. بىراق، ناخشىغا بەك ئامراق ئىدىم. گىتارنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ مۇڭلۇق ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكۈدەك مۇڭلۇق چىقاتتى. مېنىڭ شۇ تاپتا قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان نۇرغۇن ئىچكى سۆزلەرنى ئاشۇ ناخشىغا قوشۇپ ئېيتقۇم بار ئىدى. مەن گىتار ئاۋازىغا ئۈن - تىنسىز قۇلاق سالغانچە جىمجىت تۇرۇپ كەتتىم.

ئانام مېنى تۇغقاندا،
ئاق يۆگەككە يۆگىگەن.
ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن دەپ،
بەختىڭ بولسۇن دېمىگەن. . .

ناخشا ناھايىتى يىراقتىن، تاغ شارقىراتمىلىرىدەك روھىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلۇقىدىن لەيلەپ كېلەتتى. بىر پارچە چۈش ئاستا ـ ئاستا ئۇچۇپ كېلىپ قەلبىمنى غەمكىن سىلىماقتا ئىدى. زەينۇرەمۇ جىمىپ كەتتى. بەلكىم، ئۇ مېنى باياتىنقى سۆزلەرنى ئويلاۋاتىدۇ ياكى بولمىسا باشقا بىرەر ئىشنى خىيال قىلىۋاتىدۇ دەۋاتسا كېرەك. قەلبىم بىر خىل جىمجىتلىقتا چىلىنىپ قالغانىدى. ئۆزۈمنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ھېلىمۇ ياخشى مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئارىمىزدىكى سۈكۈتنى ئاخىر زەينۇرە بۇزدى.

— رىزۋان، بۈگۈن سەن بىلەن بەزى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشماقچى ئىدىم. بىراق، نېمىشقىدۇر قەلبىم سۈكۈتكە پېتىپ قالدى. ھەيرانمەن، سۈكۈت ئىچىدىمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپتىم. سېنى زېرىكتۈرۈپ قويمىغاندىمەن.

— ياقەي.

— ساڭا ھەۋىسىم كېلىدۇ، بەزىدە قىزغىنىپمۇ قالىمەن، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كۈلۈپ قويدى.

— نېمىشقا؟

— باشقا قىزلار قوغلىشىپ ۋەسلىگە يېتەلمەيۋاتقان ئادەم سېنىڭ ئەتراپىڭدا پەرۋانە. توۋا دەيمەن، تەقدىرنىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن.

— سەن نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن؟

— خۇپسەنلىك قىلمىغىنا، كامالنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن، بۇنى يوشۇرالمايسەن.

— بىراق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن ـ دە.

— جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق ئىكەن. مۇھەببەت گويا دالىدىكى ئۆسۈملۈككە ئوخشاش ئۆزى خالىغان جايدا يىلتىز تارتىدىكەن، بىراق ئۇنى ئۆزىمىز خالىغان جايدا ئۆستۈرىمىز دەپ پەرۋىش قىلساق ئەكسىچە ئۇ قۇرۇپ كېتىدىكەن جاھاندا



بىرەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىنمۇ ھاماقەت ئىش بولمىسا كېرەك.

— زۇلپىيەلەرنىڭ ئىشىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— بار.

— مەن بەك ئېچىندىم.

— ئېچىنمىساڭمۇ بولىدۇ. كامال ئۆزى خالىمىغان مۇھەببەتنى ئۇنىڭغا بېرەلمەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇ ئۆزىنىمۇ، زۇلپىيەنىمۇ ئازابتا قويىدۇ.

— زۇلپىيەگە بەك ئۇۋال بولدى ـ دە.

— ھامان بىر تەرەپ ئۇۋالچىلىق تارتىدىغان گەپ. كىم ئاخىرىغىچە تەۋرەنمەي ئەقىدىسىگە سادىق بولالىسا مۇھەببەت شۇ تەرەپتە بولىدۇ.

— سەنمۇ شۇنداق قىلالامسەن؟

— ئۇقمايمەن.

— ئۇنى قوغلىشىش ئويۇڭ بارمۇ؟

ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن قورۇنۇپ قالدىم.

— مەن بۈگۈن دەل مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق سەندىن مەسلىھەت سوراي دېگەنىدىم. ئويلاپ باقسام ئېيتقانلىرىڭ راست ئىكەن. ئادەم بىر خىل ئۈمىدكىلا باغلىنىپ قالسا بولمايدىكەن. بىر خىل نەرسىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا ئۈمىدلەندۈرىدىغان يەنە بىر خىل نەرسىسى بولمىسا بولمايدىكەن. مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈۋالاي دەپمۇ ئويلىغانىدىم. بىراق، بۇ بەك ھاماقەتلىك ئىكەن. ئۇنى قوغلىشىشتىن ۋاز كەچتىم. ئەمدى ئۆز ئەركىم بىلەن ياشايمەن. غەربىتىمۇ شۇنداقكەنغۇ؟

— ئۇنىڭدىن شۇنداقلا ۋاز كېچەلەمسەن؟

— مۇھەببەت قانچە چوڭقۇر بولسا ئۇنى يارانقان ئادەممۇ شۇنچە بۈيۈك بولىدۇ. ئەقىدە قىلغان ئادەمنىڭ قولىدا

مۇھەببەتنىڭ خاراب بولۇشىنى خالىمايمەن. بۇ مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

— نېمىلا بولمىسۇن مۇھەببەت ئۈچۈن بىرمۇ قەدەم تاشلىماي تۇرۇپ چېكىنىش تولىمۇ ئېچىنىشلىق.

— مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭغان ئادەم جەزمەن ھالاك بولىدۇ. مەن باشتىلا ئېيتقان، بۇ مۇھەببەت مەڭگۈ بىر باشقا چىقمايدۇ دەپ. ئۇ مېنى ھەرگىز ياخشى كۆرەلمەيدۇ. مەن زۇلپىيەنىڭ ئەھۋالىغا قېلىشنى خالىمايمەن. ئۇ ياخشى كۆرگەن ئادەم، يەنى سەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيسەن. بۇ بەك مۇرەككەپ مۇناسىۋەت، ئەڭ يېقىن ئادەملەر بىر زەنجىر بىلەن باغلاندۇق، ھەممىمىز بۇ زەنجىرنى تارتىمىز دەپ ئاخىر ھالىمىزدىن كېتىمىز.

زەينۇرەنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى مەن ئېيتالمايۋاتقان سۆزلەر ئىدى. ھەر ئىككىمىز يەنە جىمىپ قالدۇق. روھىمنىڭ چوڭقۇرلۇقى قۇرۇغدىلىپ قالغاندى. سالقىن شامال كېلىشكە باشلىدى. گىتار ئاۋازى ئۆچكەن، ئەمما قارىغاي شېخىدا ئىسمى نامەلۇم بىر قۇش مۇڭلۇق سايراۋاتاتتى.

جىمجىتلىق ئىچىدە قانچىلىك ئولتۇرغىنىمىزنى ئەسلىيەلمىدىم. مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدىكى قىزلار تولا خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بىر چاغدا قارىسام چۈش بولۇپ قايرىلىپ كېتىپتۇ.

— بىز بوشلۇق ئۆڭكۈرى ئىچىگە كىرىپ قالدۇقمۇ، نېمە؟ ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن، — مەن كۆڭلىكىمنىڭ پۈرلەشكەن يەرلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ كۈنگە قاراپ قويدۇم.

— كېتەيلىلا!

زەينۇرەنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا قاراپ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ گويا بىر پارچە ھەيكەلدەك جىمجىت قېتىپ تۇراتتى.



ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىنى بويلاپ پەسكە چۈشتۇق. ھايال ئۆتمەي تاغدىكى يېشىل مەنزىرە ۋە رەڭگارەڭ قورام تاشلار كۆرۈنمەي قالدى.

مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆمەر تۇراتتى. ئۇ يىراقتىن بىزنى كۆرۈپلا ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— تانسىغا بارايلى دەپ سىلەرنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. كامال ياتاق تەرەپكە كەتكەنىدى.

— بەك ھېرىپ كەتتىم. ھېچنەگە بارمايمەن، — زەينۇرە شۇنداق دەپلا ياتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— زەينۇرە، ئۇنداق قىلماڭ، بىز ـ ى چاندۇرماڭ، بولامدۇ! — ئۆمەر ماڭا گەپ قىلمامسىز دېگەن مەنىدە قارىدى.

— زەينۇرە، بۇلار بىزنى شۇنچە ئۇزۇن ساقلاپتۇ، كۆڭلىنى يەردە قويمايلى، بولامدۇ؟

ئۇ ماڭا نارازى بولغاندەك قاراپ قويدى، لېكىن ئۈن چىقمىدى. بۇ ئۇنىڭ قوشۇلغىنى ئىدى. بىردەمدىن كېيىن كامال كەلدى.

— بۇ يەردىكەنسىلەرغۇ؟ مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىنى قېزىۋەتتىم. سىلەرنى تاپماق خويمۇ تەسكە چۈشتىغۇ.

چوڭ كوچىغا چىقىپ تۆتەيلەن قاتارلىشىپ ماڭدۇق. كاللامدا ھەر خىل خىيال كېزىپ يۈرەتتى. كامالنىڭ كۆزىچىلا ئۆمەر بىلەن ماڭسام ئۇنىڭغا ئازاب بولاتتى. كامال بىلەن بىرگە ماڭسام زەينۇرە ۋە ئۆزۈمگە زەربە بولاتتى. زەينۇرە توغرا ئويلاپتىكەنتۇق. ئەسلىدە بىرگە چىقمايدىغان ئىشكەنتۇق. يېنىمدىلا ئۆمەر كېتىۋاتاتتى. ئۇ قاچاندىن باشلاپ مەن بىلەن بىر قاتارغا ئۆتۈپ قالدىكىنا. مەن تۇرۇپلا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ قاشلىرى تۈرۈلۈپ تۇراتتى. بىر جۈپ كۆزلىرى چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندەك ناھايىتى جىمجىت نۇر تارىتاتتى. قارا چاچلىرى ئۇنىڭ قەيسەر مىجەزلىك يىگىت

ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. چىرايى بىرئاز غەمكىن كۆرۈنسىمۇ، بىراق پاراڭلاشقاندا ناھايىتى قىزغىن ئىدى.

ئوغۇللارنىڭ ھېچقايسىسى گەپ قىلماي ماڭدى. شۇڭا، بىزمۇ ئىلاجسىز ئۈن - تىنسىز ماڭدۇق. بۇنداق بۇرۇقتۇرما مۇھىتتىن كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاب ئوقۇسام ياكى بىرە خالىي ئورۇننى تېپىپ كىتاب ئوقۇسام شۇ ياخشىكەن دەپ ئويلىدىم.

— ھەي، مۇشۇنداق گەپ قىلماي جىمجىت مېڭىۋېرىدىغان بولساڭلار قايتىپ كېتىمەن جۇمۇ! — دېدىم مەن ئاخىر بولالماي، ئۇلار تەڭلا ماڭا قارىدى.

— قىزىق - قىزىق گېپىڭلار يوقمۇ، نېمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتىڭلار، — ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ قويدى.

— ناخشىنى باشلىۋالماق تەس دەپتىكەن، نېمە دېيىشىمىزنى ئۇقالمايۋاتىمىز. بولمىسا سىزنىڭ قىزىق گەپلىرىڭىز بولسا بىز ئاڭلايلى، — دېدى ئۆمەر.

— ئۇنداق بولسا ئوغۇل باللىقىڭلارنى ئۆتتۈنۈۋېتىڭلار، بۇنداق جىمغۇر بولۇۋالساڭلار، قىزلارنى كەلتۈرەلمەي قالىسىلەر جۇمۇ!

كامالدىن باشقا ھەممىمىز كۈلدۇق، بىراق تۇيۇقسىزلا مەنمۇ جىمىپ قالدىم. چۈنكى كامال قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇ گەپنى دېمىسەم بوپتىكەن دەپ قالدىم.

تانسىخانىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ئادەم بەك كۆپ، كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچىلاردەك قىلاتتى. مەكتەپ يېقىن بولغاچقا بۇ يەردىن ئادەم كەم بولمايتتى. سەھنىدە بىر قىز ھېلىلا يىغلاپ سالىدىغاندەك ھېسسىياتتا ناخشا ئوقۇۋاتاتتى. تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئۇنىڭ ناخشىسى بىلەن ئانچە كارى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ئۇلار ھەر خىل كەيپىيات ئىچىدە جورىسى بىلەن قىزغىن پاراڭ ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ



يەرنىڭ كەيپىياتى ماڭا پەقەت ياقمىدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەتراپنى بىر ئالغان بولغاچقا ئۆزۈمنى سىقىلىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. تانسا ئويناشتىن يالتىيىپ قالدىم. يېڭى كەلگەن ۋاقىتلاردا تانسا ئويناشتىن بەكلا قورقاتتىم. ھازىر خېلى كۆنۈپ قالغانىدىم. ھەتتا بەزىدە تانسىنى ئىجاد قىلغان كىشى كىم بولغىيتتى دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

ئۆمەر مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئويچان چىرايى ھازىر تولىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. قىزىق ئىش، مەن ئۇنىڭغا قارىمىساممۇ ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى كۆز ئالدىمدا ئېنىق گەۋدىلىنەتتى. ئۇ ئۇنچىۋالا كېلىشكەن يىگىتلەردىن ئەمەس، لېكىن يېقىملىق ئىدى. كۆزلىرى دائىم چوڭقۇر خىيال ئىچىدە تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يۈزىدىمۇ بىر خىل جىمجىتلىقنىڭ سايىسى ئېقىپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە بۇ ئالامەتلەر يوقاپ چىرايى جىددىي تۈس ئالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئادەمگە مەسىلىلەرگە قارىتا تولىمۇ مەسئۇلىيەتچان دېگەن تۇيغۇنى بېرەتتى.

بولدىلا، بۇ توغرۇلۇق مۇشۇنچىلىك ئويلىغىنىممۇ يېتەر، ئۇ نېمىدەپ ماڭا قاراۋېرىدىكىنە. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ يە؟ ئىلاھىم ئۆزۈڭ ساقلا. شۇنداقلا بولسا مەن ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىمەن.

تۇۋا دەيمەن، بىز قىزلار نەقەدەر ئاجىز - ھە؟ مەن ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىنى، مېنىڭ مۇھەببىتىمنى چۈشىنىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە! بىراق ھازىر ئۇنى بىلىپ قالدىمىكىن دەپ پۈت - قولۇمدا جان قالمايۋاتىدۇ، مۇھەببەتنى ناھايىتى كۈچلۈك نەرسە دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ پەقەت بىز قىزلارغا نىسبەتەن شۇنداق ئوخشايدۇ.

— تانسا ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

چۆچۈپ ئۆمەرگە قارىدىم. ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

— بەزىدە، لېكىن ئانچە قىلىپ كەتمەيمەن.

— تانسا ئويناش بىر خىل روھىي ئوزۇق، كۆڭۈللۈك دەم ئېلىش، يەنە قىز - يىگىتلەرنىڭ ياخشى پىكىرلىشىش مۇھىتى.

— سىز بۇ يەرگە داۋاملىق كېلىپ تۇرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ياقەي، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بەزىدە شۇنداق، — بىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. باياتىنقى جىمجىتلىقمۇ تۈگەپ كەتكەندى. مۇزىكا ئاخىرلاشتى، — ئازراقتىن ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ چىقايلى.

ئۇ ياندىكى ئىشىككە قاراپ ماڭغاچ كامالغا ئىشارەت قىلىپ قويدى. بىز ئايرىم بۆلۈمگە كىرىپ ئولتۇردۇق. مېنىڭ ھېچ نەرسە ئىچكۈم يوق ئىدى. بۇ يەر سىرتقا قارىغاندا جىمجىت بولسىمۇ نېمىشقىدۇر ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. بىر تۇرۇپ يەنە تانسا ئوينىساق بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. كۈتكۈچى نېمە لازىملىقىنى سوراپ چىقىپ كەتتى.

— بۈگۈنكى سورۇنىمىز بەك كۆڭۈللۈك بولدى، — دەپ قويدى ئۆمەر.

— مەڭگۈ شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى كامال.

— مەڭگۈ شۇنداق بولسا دەرسلەرنى كىم ئوقۇيدۇ؟ — دېدىم مەن. ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ئۇنداق بولغاندا ئوقۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، — دېدى زەينۇرە.

— ئوقۇشنىڭ ھاجىتى قالمىسا ھەر يەر - ھەر يەرلەردىن كېلىپ بۇنداق يىغىلىدىغان پۇرسەتمۇ بولمايدۇ... —



سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا كۈتكۈچى بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كىردى.

— ۋاھ! نېمانچە كۆپ نەرسىلەر بۇ؟ — دېدىم مەن ئېلىپ كىرگەن نەرسىلەرگە قاراپ.

— بەك ھەشەمەتچىلىك قىلىپ كېتىپسىلەر، — دېدى زەينۇرە.

— ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇش دېگەن شۇ. بارىدا يايرايدىغان گەپ، تۈگىگەندە بولسا ياتاقتىن چىقماي كىر يۇيىدىغان ياكى ھېچقاچان ئەسكە چۈشمەيدىغان يۇرتلۇقلارنى يوقلايدىغان گەپ، — كامالنىڭ گېپىدىن ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ئوقۇش پۈتتۈرۈشىمىزگە ئاز قالدى، — دېدى كامال، — ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزدىن قالىدىغىنى ئۇنتۇلماس ئەسلىمە ۋە ئۇنتۇلماس دوستلۇق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئەسلىشىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممىمىزنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. كامال ئادەتتە بەك مەغرۇرىدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ يېقىندىن بۇيان ماڭا بەك مىسكىنلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

گۈلسۇم، بەلكىم ئۇ ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلغاچقىلا مېنىڭ قىممىتىم ئۆسكەندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالغاندىمەن. مەنمۇ ئۆمەرنىڭ ئالدىدا تايىنلىققۇ. مۇھەببەتنىڭ قىممىتى ئادەملەرنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ ئەرزىمەس نەرسىلەرگە چوقۇندۇرغانلىقىدا بولسا كېرەك.

— ھايات بىر گۈزەل ناخشا. بەزىلىرىمىز ئۇنى ناھايىتى تەسىرلىك، جۇشقۇن ئېيتىمىز. بەزىلىرىمىز ناھايىتى غەمكىن، ھەسرەتلىك ئېيتىمىز. بەزىلىرىمىزگە جۇشقۇن، قايناق ناخشىلارنى ئېيتىش نېسىپ بولسا، بەزىلىرىمىزگە

مىسكىن، ئازابلىق ناخشىلارنى ئېيتىش نېسىپ بولىدىكەن. مەيلى خالايلى، مەيلى خالىمايلى تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغانىكەن ئۇنى ئورۇنلىماسلىققا ئامالىمىز يوق ئىكەن. ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆزىمىزگە خاس ناخشىلار بار. بەزىلىرىمىزنىڭ پىنھان، بەزىلىرىمىزنىڭ ئاشكارا. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھازىرنىڭ ئۆزى بىر گۈزەل ناخشا. ئەڭ مۇھىمى ئۇنى قانداق ئېيتىش. بىز بۇ ناخشىنى ھازىردىن باشلاپ پۇتكۇل ھېسسىياتىمىز بىلەن ئەڭ تەسىرلىك ئېيتايلى. ئۇ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمىزدىمۇ جاراڭلاپ تۇرسۇن، — زەينۇرەنىڭ سۆزلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇنى بۇنچىلىك تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلالايدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ ھايات ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى نەقەدەر ئۆزگىچە - ھە؟ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق تۇرمۇش كۆز قارىشىغا ئىگە دوستلىرى بولسا نەقەدەر ياخشى!

شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بەلكىم بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكەن ۋاقىت بولسا كېرەك. مەن ئەمدى بۇنداق ئېسىل دەقىقىلەرنىڭ مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.

بىز مەكتەپكە كەلگەندە ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆككەن، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. ئاسماندا سانسىز يۇلتۇز جىمىرلىشىپ تۇراتتى. ياتاققا كېتىۋېتىپ خىلۋەت ئورۇندۇقلاردىكى جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا ھەۋەسىم كەلدى. قاچان مەنمۇ شۇنداق بولارمەن، ئۆمەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئاشۇنداق مۇڭدىشىدىغان پۇرسىتىم بولار دەپ ئويلاپ قالدىم ھەم بۇ ئويۇمدىن ئۆزۈمچە خىجىل بولۇپ كەتتىم. ئۆمەر يېنىمدىلا كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ يىرىك چېچىنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇ بەك جاھىل بولسا كېرەك، بولمىسا چاچلىرى بۇنداق تىك تۇرۇۋالمايتتى. مېنىڭ چاچلىرىمنىڭ



يۇمشاق بولۇشى تەبىئىتىمنىڭ بوشاڭلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئۆمەرنىڭ قولى قولۇمغا تېگىپ كەتتى. ئۇ قەستەن قىلمىغاندۇ - ھە؟ ئاھ، مەن ئۇنىڭ ئەتەي شۇنداق قىلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن - ھە؟ ئۆمەر بۇنى بىلەمدىغاندۇ؟

زۇلپىيە بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— سىرتقا چىقتىڭلارمۇ؟ — ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي سوراپ قويدى.

— ھەئە، — نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردىم.

— نېمە يېزىۋاتىسەن؟

— كۈندىلىك خاتىرە. تاشلىنىپ قالغىلى ئۇزۇن بوپتىكەن.

مەن ياستۇققا يۆلەنگىنىمچە تېخى ئوقۇپ بولالمىغان «ئارمانلار يېلىنجايدۇ» ناملىق پوۋېستنى ئوقۇشقا باشلىدىم. بۇ ھازىر مەكتەپتە مودا بولۇۋاتقان ئەسەر ئىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ئەسەردىن ئۆزۈندىلەر كۆچۈرۈلگۈلۈك ئىدى. ئۆمەرمۇ بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر پىروزىسىدا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر دەپ ماختىغانىدى. ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندا ھەممە ئەتراپ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ تىمتاسلىق ئىچىگە پاتقانىدى. يۇزۇمنى دېرىزىگە يېقىپ سىرتقا نەزەر تاشلىدىم.

## 5

مەكتەپ بىزنىڭ سىنىپنى يېزىغا چۈشۈپ پراكتىكا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. گەرچە پراكتىكا ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، نېمىشقىدۇ مېنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغۇم كەلمەيتتى. بۇ يەردىكى قايناق مۇھىتتىن، مۇھىمى كۆڭۈلدىكى ئادىمىمدىن ئايرىلىش

ماڭا ئېغىر كەلمەكتە ئىدى. مېنى ئۇزاتقىلى كامال، ئۆمەر، زەينۇرە ۋە باشقا بىر قىزمۇ بىرگە كەلگەنىدى.

— تونۇشۇپ قېلىڭلار، بۇ قىزنىڭ ئىسمى شەمسىيە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ بىزنىڭ مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى.

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۆمەر بىلەن شۇنداقمىدۇ دېگەن ئوي كاللامدا غۇۋا لەيلەپ ئۆتۈپ كەتتى. پراكتىكا ئۆتۈپ ئاخىرلاشقۇچە قەلبىمنى بىر خىل تىمتاسلىق قاپلىۋالدى. ئەسلىدىنلا كەڭرى يېزا ئاسمىنىدا ئۆسكەن بولغاچقا تەبىئىتىم ئەركىن ئىدى. خۇشال ـ خۇرام يۈرۈشنى، ئويۇن ـ كۈلكىنى ياخشى كۆرەتتىم. بىراق ھازىر تولىمۇ مىسكىنلىشىپ تەنھا يۈرۈشنى خالايتتىم. بىكار بولسام‌لا يېزا سىرتىدىكى دەريا بويىغا چىقىپ چوڭقۇر ئويغا چۆكەتتىم. ياپيېشىل يەلپۈنۈپ تۇرغان مايسىلارغا ئۆزۈمنى ئاتقانچە كۆپكۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارنى تاماشا قىلغاچ خىيالغا پاتاتتىم.

دەريا بىر خىل ئارامبەخش ماكان. ئۇ ئادەملەرگە نۇرغۇنلىغان تەسەۋۋۇرلارنى بېغىشلايدۇ. بىزنىڭ يۇرتلاردا بىر خىل بېلىقچى قۇشلار بولىدىغان. بۇ خىل قۇشلار بۇ يەردىمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇ كۆپكۆك ھاۋا بوشلۇقىدا قاناتلىرىنى كېرىگىنىچە ئۇنلۇك ئاۋازدا سايراپ ئۇچاتتى، سۇ يۈزىدە بىرەر بېلىقنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشەتتى ـ دە، سۇ ئۈستىدە ئاپئاق كۆپۈكچىلەر پەيدا بولۇپ ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە كۆرۈنمەي قالاتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تېزلىكىنى كۆرۈپ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تېز ئۇچىدىغان قۇش بولمىسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. مەن بۇ يەردە سۇ قۇشلىرىنىڭ تۇرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇنلىرىنى مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

شىمالنىڭ ياز ئېيىدا ھاۋا دائىم بۇلۇتلۇق، يامغۇر يېغىپ



تۇرىدۇ. بىراق، جەنۇبتا بولسا پىژغىرىم ئىسسىق دەرەخلەرنى سالپايتىپ ئادەملەرنى ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مەن قاچانلاردا بولمىسۇن ئاشۇ دەريا بويىغا چىقىپ خىيالغا چۆكەتتىم. بۇ يەردە ھەر خىل ياۋا گۇللەر، ياۋا موگولار بەك كۆپ ئىدى. ياۋا ئالما، ياۋا بۆلجۈرگەن. . . ئىشقىلىپ ياۋا نەرسىلەر بەك كۆپ ئىدى. ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ مەنمۇ ياۋايىلىشىپ كەتتىم.

گۇلسۇم، ئۆزۈم يېزا قىزى بولغاچقا ماڭا يېزا مۇھىتى ئانچە ناتونۇش ئەمەس. شۇڭا ئۇ ماڭا ئانچە يېڭىلىق ھېسابلانمايدۇ. باشقىلار ھەر كۈنى بىكار بولسا جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىدۇ. نېمە قىلىشىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. پەقەت مەنلا تەنھا خىيال سۈرىمەن. قەلبىمدە بىرلا كىشى — ئۇ بولسىمۇ ئۆمەر. پات ـ پاتلا شەمسىيەنىمۇ ئويلاپ قالىمەن. ئۇ ماڭا نامەلۇم نەرسىلەردىن بېشارەتتەك ئىدى. مېنى بۇ يەردە تەنھا يۈرۈپ زېرىكىپ قاپتۇ دەپ ئويلىما. دەرياغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر توپ قارىياغاچ بار. ئەتراپ بۇلۇق ئوت ـ چۆپلەر بىلەن تولغان. ئالغاچ كەلگەن كىتابىمنى يېنىمغا قويىمەن ـ دە، قۇرۇتۇلغان چۆپ ئۈستىدە (بۇنى ئۆزۈم قۇرۇتقان) يېتىپ خىيال سۈرىمەن. توۋا دەيمەن، ئوقۇيمەن دەپ شۇنچە كۆپ كىتابنى ئېلىپ كەلگەن بولساممۇ، بىراق بىرنىمۇ ئوقۇماپتىمەن. ئوت ـ چۆپلەرنىڭ شامالدا لەرزان شىۋىرلىشىغا، ھەر خىل سۇ قۇشلىرىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ نۇرغۇن خىياللارنى سۈرىمەن. باشتا خىيالىم مەلۇم مەسىلە، مەلۇم تېما ئۈستىدە بولغان بولسا، كېيىنچە كېڭىيىپ نېمىلىكىنى بىلگىلى بولماي قالىدۇ. قانداق، قىزىقمىكەن؟ كۆپىنچە ئۆمەرنى ئويلاپ قالىمەن. مۇشۇ دەريا بويىدا ئۆيىمىز بولسا، يەنە بىر دانە كېمىمىز بولسا، يەلكەننى يايغانچە بىرلىكتە بېلىق تۇتساق ياكى سەيلە قىلساق. . .

بۇ يەردىكى چىرايلىق مەنزىرىلەر، ساپ ھاۋا، زەڭگەر ئاسمان، ھەر خىل قۇشلار. . . ئىشقىلىپ خىياللىرىم بەك رومانتىك. كۆپىنچە باللار سۇغا چۆمۈلۈشتىن قورقىدۇ ھەم ئۇنىڭ راھىتىنى چۈشەنمەيدۇ. بەزىدە سۇغا چۆمۈلۈپ قارشى قىرغاققا ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېتەتتىم. بىراق بىرەر قېتىممۇ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ باقمىدىم. ئېمىشقىدۇ يېرىم يولدىن قايتىپ كەلدىم. ئۇ تەرەپكە ئۆتسەملا مېنىڭ بۇ يەرگە بولغان تەسىراتىم ئاخىرلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك، زېمىن ياپيېشىل، توپ ـ توپ بۇلۇتلار بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. توۋا دەيمەن، بۇ يەرنىڭ بۇلۇتلىرى ناھايىتى پەس ئۇچىدىكەن. خۇددى سەكرىسىلا تۇتۇۋالغىلى بولىدىغاندەك. بىر قېتىم مەن قىرغاققا چىقىپ قۇرۇپ قالغان بىر تاياقنى ئېتىۋىدىم، بۇلۇتقا تېگىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. بەلكىم تەگكەن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ بۇ يەردە بۇلۇت بەك پەس ئۇچىدۇ.

قۇياش ئۆز شولىسىنى زېمىنغا يېيىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا زەڭگەر ئاسمان گەۋدىسىنى دەريا ئىچىگە تاشلايتتى. سۇ يۈزىدە ھەر خىل بېلىقلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. بولۇپمۇ يامغۇر ياغقان كۈنلەردە بېلىقلار سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ سەكرىشەتتى. ياۋا غازلار ئۆز توپى بويىچە ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. مانا گۈلسۈم، مېنىڭ بىر پۈتۈن پراكتىكا مەزگىلىم مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتتى. ئەزەلدىنلا تەسەۋۋۇرغا باي قىز ئىدىم. بۇلار ماڭا تېخىمۇ زور تەسەۋۋۇرلارنى بەخش ئەتتى.

ئاخىر پراكتىكا مەزگىلىمۇ توشتى. قانداق قىلدىم دېمەمسەن؟ يۈگۈرگىنىمچە ئۆمەرنىڭ ياتىقىغا قاراپ چېپىپتىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇ كۈنى نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. نومۇس، ئىزا دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ



باقماپتىكەنمەن. ھازىر ئويلىسام ئۆزۈمگە كۈلگۈم كېلىدۇ. ئۇ كۈنى دەل يەكشەنبىگە توغرا كەلگەنىدى. ئۇنى سىرتقا چىقىپ كەتتىمىكىن دېسەم ھېلىمۇ ياخشى ياتىقىدا يالغۇز ئىكەن. مايكىچان ھالەتتە كىر يۇيۇۋېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى، مەنمۇ خىجىل بولدۇم.

— تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ياخشى، — ئارانلا شۇنىلا دېيەلىدىم.

— يېزا كۆڭۈللۈكمىكەن؟

— ئەلۋەتتە.

ئۇ ماغزاپ يۇقى قوللىرى بىلەن كىيىمىنى كىيدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، ياتاق بەك قالايمىقان.

بىراق مەن ئولتۇرمىدىم، دۆۋىلەگلىك كىرلەرنى داسقا تاشلىدىم.

— بۇنداق قىلماڭ، ئۆزۈملا قىلىۋېتىمەن.

— مەن تۇرغان يەردە سىز كىر يۇيسىڭىز سەت ئەمەسمۇ؟ — بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدىم. يۈزلىرىم ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— سىز ئەمدىلا سەپەردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن تۇرسىڭىز، ياخشى ئارام ئېلىشىڭىز كېرەكتە.

— كېرەك يوق، كىر يۇيۇش قىزلارنىڭ ئىشى. بۇنىڭدىن كېيىن كىرلىرىڭىز يىغىلىپ قالسا ئەپچىقىپ بېرىڭ ـ ھە! ئۆزۈملا يۇيۇۋېتىمەن، بولمىسا سىزدىن رەنجىيمەن.

— ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك. يەنە كېلىپ بۇ مەكتەپ. ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشتا ھەممە ئىشنى ئۆزىمىز قىلىپ كۆنۈپ كەتتۇق. قىز ـ ئوغۇل دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايمىز. بولدى ئەكېلىڭە، ئۆزۈملا يۇيۇۋېتەي، — ئۇ شۇنداق دەپلا قولۇمغا ئېسىلدى. بىراق مەنمۇ قويۇپ بەرمىدىم.

ئىككىمىز تارتىشىپ قالدۇق. سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئۇنىڭغا يۆلىنىپ قالدىم. ھەر ئىككىلىمىز تېڭىرقاپ توختاپ قالدۇق. ئۇنىڭ قوللىرى قولۇمغا تېگىپ تۇراتتى. نېمىدېگەن ئوتلۇق بارماقلار - ھە! ئۇ پۈتۈن بەدىنىمنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىپ باراتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەجەب قارىماپتىكەنمەن. بۇ كۆزلەرنى پەقەت خىيالچان دەپلا ئويلاپتىكەنمەن. ئەمما ئەمدى بىلدىمكى، ئۇنىڭ ئىچىگە چەكسىز ھېسسىيات تۇيغۇسى كۆمۈلگەنىكەن.

ھەر ئىككىلىمىز ئوڭايسىزلىنىپ قالدۇق. ئاخىر ئۇ كىيىملەرنى قويۇۋەتتى. كىيىملەرنى يۇيۇشقا باشلىدىم. نېمىشقىدۇ بۆلەكچىلا خۇشال ئىدىم. ئىللىق مۇھىتقا لىق تولغان ئۈرۈمچى كوچىلىرى، قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن مەكتەپ ھاياتى. . . بۇلاردىن ئايرىلىپ قالغىلى تۇپتوغرا بىر ئاي بولغانىدى. ھازىر مەن يەنە بۇ مۇھىت ئىچىگە قايتىپ كەلدىم.

بىز ئۇيان - بۇياندىن پاراڭلاشقاچ كىيىملەرنى تېزلا يۇيۇپ بولدۇم.

— سىرتقا چىقىپ ئايلانغاچ تاماق يەپ كىرەيلى، — دېدى ئۆمەر، — پراكتىكىنى غەلىبىلىك، ساق - سالامەت تاماملىغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مەن مېھمان قىلاي.

قىلىدىغان باشقا ئىشىم بولمىغاچقا ماقۇللۇقىمنى بىلدۈردۈم.

بىز سىرتقا چىقتۇق. مەن تامغا يۆلىنىپ ئۇنىڭ ئىشىككە قۇلۇپ سالغىنىغا قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ قىياپىتىدە يەنىلا شۇ ئەستايىدىللىق پارلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆرۈلۈپلا يۈرۈڭ دېگەن مەنىدە باش ئىشارىسى قىلدى. بىز يولنىڭ نېرىقى قاسنىقىدىكى پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ماڭدۇق. ئۆمەر ماڭا بىر تۇرۇپ ئورۇقلاپ قالغاندەك، بىر تۇرۇپ سەمرىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.



چىرايى تېخىمۇ تەمكىنلىشىپ كۆزلىرى يەنىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك ئىدى.

— پراكتىكا كۆڭۈللۈك ئۆتكەندۇ؟ — بىز بۇ تېمىدا باياتىن بېرى بىرنەچچە قېتىم سۆزلىشىپ بولغاندىمىز، لېكىن ئۇ يەنىلا شۇنى سوراۋاتاتتى. مەن بۇنى ئارىمىزدا قىلغۇدەك پاراڭنىڭ بولمىغانلىقىدىن دەپ چۈشەندىم. ئەجەبا شۇنچىلىك قىسقا ئايرىلىقتا مۇناسىۋىتىمىز شۇنچىۋالا يىراقلىشىپ كەتكەندىمۇ؟ ئۈمىدسىزلىكتە قالدىم. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايلىنىشتىن يالتىيىپ قالدىم. بۇ تۇنجى قېتىم ئۆمەر بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشۇم ئىدى. مەن بۇنىڭغا ھەيران قالدىم. نېمىشقىمۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگەندىمەن. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنى كونترول قىلغان بولسام بۇنداق بولماس ئىكەن. ئۈستۈبېشىم رەتسىز، چاڭ - توزان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گىرىم قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدىم. سەھرادا پاشا چېقىپ قاپارتىۋەتكەن، ئۇلار تېخى تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتمىگەنىدى.

— رىزۋان، سىز بەك جىمغۇرلىشىپ كېتىپسىز، سەھرادا يۈرۈپ ياۋايىلىشىپ كەتمىگەنسىز؟

شۇ تاپتا ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن، كۈنلىرىم سىزنى ئويلاش بىلەنلا ئۆتتى، دېسەم ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالار. بۇ ئۇنىڭ مۇنداقلا سوراپ قويغان سوئالى بولغاندىكىن ئۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ كەتمىسەممۇ بولار. ئۈستۈبېشىمدىن خىجىل بولۇپ نېمە كەپتۇ؟ ئۇ باياتىندىن بېرى شۇنچە قىزغىنغۇ؟ بۇ بەلكىم مېنىڭ گۇمانخورلۇقىمدۇ.

— ئۇ تەرەپلەر بەك زېرىكەرلىك ئىكەن. بۇ يەرگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسكەن. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەردە يېغىلىپ قالغان خىياللىرىمنى قىلىۋېلىشىمغا كەڭ - كۇشادە پۇرسەت چىقتى.

— بىر خىيال خالتىسىغا ئايلىنىپ قاپسىز - دە؟! — ئىككىلىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. باياتىنقى ھېسسىياتلىرىم قەيەرگىدۇر غايىب بولدى.

— تەنھالىقتا ئادەمنىڭ خىيالىدىنمۇ ياخشى ھەمراھى بولمايدىكەن.

— سىز ياشتىكى قىزلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋەس، خىياللىرىڭلار ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق.

تۇرۇپلا ھاۋانىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ يامغۇر تۆكۈلۈپ كەتتى. گۈلسۈم، ئۈرۈمچىدە نېمە كۆپ، يامغۇر بىلەن قار. بىز تەرەپلەردە يامغۇر ياغسا بىرنەچچە كۈن، ھەتتا بەزىدە بىرنەچچە ھەپتە يېغىپ كېتىدۇ، ئەمما بۇ تەرەپلەردە يامغۇر كۈندە نەچچە قېتىم ياغىدۇ. بىز ماگىزىن ئالدىدىكى لەمپە ئاستىغا كىرىۋالدۇق. يامغۇر سۈيى يول قاسنىقىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئەتراپىمىزغا ئادەملەر يىغىلىپ كەتتى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن دۆڭكۆۋرۈككە بېرىپ تاماق يەپ پىيادە قايتتۇق. بۇ يەردىكى مەززىلىك ئۇيغۇر تائاملىرىنى پەقەت دەم ئېلىش كۈنلىرىلا يەپ كېتەتتۇق.

— ئۈرۈمچىنى سېغىندىڭىزمۇ؟ — ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا مېنى سېغىندىڭىزمۇ دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ شۇنداق دەپ سورىسا ئاجايىپ ياخشى بولاتتى. يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمەمتى - ھە؟

— سېغىنىشنىغۇ سېغىندىم، بۇ يەردىكى تۇرمۇش بىلەن ئۇ يەردىكى تۇرمۇشنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئادەملىرى شۇنچە ساپ، پاك دىل، ئاسمىنىمۇ زۇمرەتتەك سۈزۈك، بۇلغىنىشتىن خالىي.

— مېنىڭ يېزىغا بولغان مۇھەببىتىم چوڭقۇر. سىز بارغان جايلارغا بېرىپ خام ماتېرىيال توپلاپ كېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. قەلبىمدە نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار ئىدى.



ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ ئىشقا ئاشمىدىغۇ تاڭ.

— سىزگىمۇ پۇرسەت كېلىپ قالار، بايقىسىڭىز ئەتراپىڭىزدىمۇ ياخشى مۇھىت كۆپقۇ؟

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇش مۇھىت، شۇڭا يېڭىلىق تۇيۇلمايدۇ.

— گەپ ئۇنى بايقاشتا.

— شۇنداق، تونۇش مۇھىتمۇ ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى سىنايدىغان بىر خىل مەكتەپ. ئەمما يېڭى مۇھىت بولسا بىر خىل يېڭى كىتاب، ئۇنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغىڭىز كېلىدۇ، ھەرگىز زېرىكىش ھېس قىلمايسىز.

— ئىزدەنسىڭىز پۇرسەت كۆپ، پۇرسەت يوق دەپ ئاغرىنغۇچىلار نۇرغۇن نەرسىلەردىن قۇرۇق قالىدۇ.

— گېپىڭىزغۇ توغرا، ئادەمنىڭ خاتالىشىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولىدۇ.

— گەپ خاتالىشىشتا ئەمەس، ئۇنى تۈزىتىشتە. خاتالاشقىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپمۇ تۈزىتەلمىسىڭىز مانا بۇنىڭ ئۆزى چوڭ پاجىئە.

— خاتالىق ئەڭ ياخشى مەكتەپ.

— ئالغان ساۋىقىڭىز توغرا بولسا.

ئۇ گېپىمگە جاۋاب قايتۇرمىدى. بىز گەپ بىلەن بولۇپ بىردەمدىلا مەكتەپكە كېلىپ قاپتۇق.

— رىزۋان، سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى. ئۇيان تەرەپكە بارايلى، بولامدۇ؟ — ئۇ ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. يۈرىكىم ئادەتتىن تاشقىرى تېز سوقۇپ كەتتى. ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى. مەن جىددىيلىشىپ كەتكەن بولغاچقا پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىدى. يىقىلىپ چۈشمەنمىكىن دەپ قالدىم.

— شۇنچە مۇھىممىدى؟

— شۇنداق، مەن بۇنى ئۇزۇندىن بېرى دەپ كەلگەنىدىم. بىراق مۇۋاپىق پۇرسەت چىقمىدى.

ئۆمەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق سۆزنىڭ چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ بولدۇم. گۈلسۇم، قىزلارنىڭ ئوغۇللار مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنەمسەن؟ يۈرىكىم خالاۋاتىسمۇ نېمىنىدۇ ئەنسىرەۋاتاتتىم. ئۆمەرنىڭ قېشىدىن تېزراق كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىۋاتاتتىم.

— بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم. كېيىن دېسىڭىز قانداق؟

ئۆمەر ماڭا بىر خىل ئەلەملىك قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەغرۇرلۇقمۇ، ئۈمىدسىزلىكمۇ تەڭ چىقىپ تۇراتتى.

— بوپتۇ ئەمىسە، خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

ئۇ ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. ئۇ ماڭغان يوللاردا خېلىغىچە ئايىغىنىڭ ئەكس ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۇزاپ كەتتى. كېچىچە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ چىقىپتىمەن.

## 6

گۈلسۇم!

ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. ئاڭلىساڭ ئىشەنگۈڭ كەلمەيدۇ. ھايات تولىمۇ سىرلىق ھەم چۈشىنىكسىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ رەھىمسىز ۋە ئادالەتسىز بولىدىكەن. سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىكى نەرسىلەر ھايال ئۆتمەي تەقدىر دولقۇنلىرى ئارىسىدىن يالماپ يۇتۇۋېتىلىدىكەن. نۇرغۇن نەرسىلەرنى قاراپ تۇرۇپلا قولدىن بېرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدىكەنمىز. بىر كۈن، ياق، يېرىم كۈنمۇ ئەمەس، گۈزەل مۇھەببەت چۈشلىرى



ئارىسىدا لەيلەپ يۈرگەن بىر قىزنىڭ ئاشۇ ئەرزىمەس ھايات ئېقىمى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە يۇتۇۋېتىلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسەن.

چۈشتىن كېيىن مەكتەپ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىن ئۇقتۇق. شۇ كۈنى زەينۇرە دورا ئىچىۋالغانىدى. دوختۇرخانىغا كەلسەم ئۇ ئاللىبۇرۇن كېتىپ قاپتۇ. چىرايى شۇ قەدەر سۇزۇك، ھېچقانداق ئازاب ئالامىتى يوق. بۇنىڭغا قاراپ ھېچكىممۇ ئۇنى ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ قىلچە قىينالغاندەك ئەمەس. شۇنچە خاتىرجەم ئىدى.

بىرسى ئېچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى (كېيىن ئۇقسام ئۆزۈم ئىكەنمەن). نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇققۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاستا ـ ئاستا سېزىمىمنى يوقاتتىم. زەينۇرە غۇۋا تۇمان ئارىسىدا مەندىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭغا قوللىرىمنى شۇنچە ئۇزاتساممۇ بىراق يەتمەي قېلىۋاتاتتى.

ئاللىكىملەرنىڭ سۆزلەشكىنى غۇۋا ئاڭلاندى. سېزىمىم ئەسلىگە كېلىۋاتسا كېرەك. ئۇلار ماڭا ئوكۇل ئۇرىدىغاندەك قىلاتتى. بەك قارشىلىق قىلغۇم كېپكەتتى. زەينۇرە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنى ئاشۇ غۇۋا تۇمان يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى ئاشۇ مۇدھىش تۇماننى قايرىپ، رېئاللىققا قايتىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئاھ، زەينۇرە! ئۇلار ماڭا نېمىشقا ئوكۇل ئۇرىدۇ. مەن ئاۋازىمنىڭ بارىچە يۇلقۇنۇپ «ياق!» دەپ ۋارقىرىدىم. بىراق، ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. ئەتراپ تۇمان ئىچىدە قالدى. سىرتنى كۆرگىلى بولمايتتى. بىر ئاياغ تىۋىشى مەن تەرەپكە يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، پەقەت ئاشۇ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىشقىلا مەجبۇر ئىدىم. چوقۇم بىرى مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئاھ،

نېمانچە ئۇزۇن ئاياغ تىۋىشى بۇ؟

بۇ ئىشلار بىر چۈشكە ئوخشاش تولىمۇ خىرە - شىرە ئىدى. بۇ ئىشلار بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى ناھايىتى يىراقتا يۈز بەرگەنىدى. زەينۇرە قەلبىدىكى ئۈنسىز مۇھەببىتىنى دەپ بۇ يولنى تاللىۋالدى. ئۇ بۇ مۇھەببەتنى ھېچكىمگە بىلدۈرۈشنى خالىمىدى. ھەتتا ئۇ ياخشى كۆرگەن ئادەممۇ بۇنىڭدىن قىلچە خەۋەرسىز قالدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەمدى بىر ئۇنتۇلغان چۈش بولۇپ قالدى. ئۇ بىر ئۇلۇغۋار مۇھەببەتنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ناھايىتى ئۇزۇن پىنھان ساقلىدى. بۇ جەرياندا تالاي - تالاي روھى زىددىيەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. تارتىمىغان ئازابلارغا بەرداشلىق بەردى. ھەسرەت ئىچىدە ياش تۆككەن چاغلىرىمۇ بولدى. لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىدى. بۇ دۇنياغا پىنھان ئېلىپ كەلگەن مۇھەببىتىنى يەنە پىنھان ئېلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ نەقەدەر بەختسىز، ئەمما نەقەدەر قەيسەر قىز ئىكەنلىكىنى پەقەت شۇ چاغدىلا ھېس قىلدىم.

نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنمىدىم. ئۇ توغرا يولنى تاللىۋالغاندەك قىلاتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى توغرا تاللىيالىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. ئۇ ئۆلۈمنىڭ نەمۇنىلىك شەكلىنى ياراتقانىدى. بۇنى دۇنيادا ھېچكىم چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. زەينۇرە ئاخىر ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ئازاپ ۋە ھەسرەت قاپلىغان تۇرمۇش، خىيالغا تولغان كېچىلەر، ئەمەلگە ئاشمىغان گۈزەل، ئەمما مۇھەببەتلىك قەلبىنى دۇنيانىڭ ئىزتىراپلىرى ئىچىدىن ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئاللىبۇرۇنلا ئۆز مۇھەببىتىنىڭ مۇمكىنسىزلىكىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى ئارمان ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى خالىمىدى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى



چۈشىنىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئۆزىنى چۈشەنمىگەن بۇ دۇنيادا تۇرۇشنى خالىمىدى.

مەن زەينۇرەنى، بىزنىڭ ھېلىقى چاغدىكى سۆھبىتىمىزنى ئەسلىدىم. مەن ئۇنىڭغا دوستلىرى ئىچىدە ئۆزۈمنى ئەڭ يېقىن دەپ ھېس قىلاتتىم. قارىغاندا ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ قەلبىدىنمۇ يېقىن نەرسە يوق ئىكەن. زەينۇرەنىڭ ئۆلۈم ئىچىدىكى چىرايى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. دوختۇرلار ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندىمۇ، ساۋاقداشلىرى بىر - بىرىگە ئېسىلىپ ھەسرەتلىك ئۆكسۈۋاتقاندىمۇ ئۇ شۇنچە خاتىرجەم ياتقانىدى. بەلكىم كۆپكۆك ئاسمان باغرىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشىنى ياكى پەرىشتىلەرنىڭ مۇڭلۇق مۇناجىتىنى ئاڭلاۋاتقاندۇ.

زەينۇرەنىڭ ئۆلۈمى ماڭا بەكلا تەسىر قىلدى. رېئاللىقتا ياشاش بىلەن ئۆلۈمنىڭ نېمە پەرقى؟ تۇپراق ئاستىدا ياتقان بۇ قىز تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا مەن بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ شۇ يارقىن ئاۋازىنى قەلبى ۋە جىسمى بىلەن قوشۇپ بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئېلىپ ئاشۇ جىمجىت قەبرە ئىچىگە سىڭدۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەمدى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. ئۇ خۇددى بۇ دۇنيادا ياشاپ باقمىغاندەك غايىب بولغانىدى.

دېرىزە يېنىغا كېلىپ يۈزۈمنى ئۇنىڭ سۈزۈك چېھرىگە ياقتىم. شۇئان مۇزدەك سېزىم بەدىنىمگە تارالدى. مۇھەببەت خۇددى ئۆلۈمگە ئوخشاش بۇ ئۆينى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى قورشاپ تۇراتتى. مۇھەببەت ئىنسان روھىيىتىدە نەچچە ئەسىرلەپ ياشاپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىن سېزىملىرى بىلەن قەلبىمىزدە بىر خىل ھاياتىي كۈچ ئويغاتقان بولسىمۇ، بىراق ئازابلىق ناخشىسى روھىمىزدا داۋاملىق جاراڭلاپ تۇردى. مۇھەببەت ھەققىدىكى ئۈمىدسىزلىك مېنىڭ قەلبىمنى تامام ئىگىلىۋالدى. ئۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىلىنمەكتە

ئىدى.

قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق قاپلىغان، زەينۇرەنىڭ سۆيۈملۈك چېھرىنى يۇتۇپ كەتكەن ئاشۇ ياتاقتىن يۈگۈرگىنىمچە چىقىپ كەتتىم. ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىغۇم كېلىپ كەتتى. ئەمما نېمىشقىدۇ جىمجىتلىق ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن قەلبىمدىن تېخىچە بىر ئاۋاز چىقمايتتى. زەينۇرە ئۆز ئۆلۈمى بىلەن ماڭا بىر خىل ئۈمىدسىزلىكنى قالدۇرۇپ كەتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خىل ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن قۇتۇلالمىدىم. تۇرۇپلا خىياللىرىمدىن ئۆزۈم قورقۇپ قالاتتىم. بىر كۈنى چۈشۈمدە زەينۇرەنى كۆرگەندەك قىلدىم. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمىدىم. ئۇنى شۇ قەدەر ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. ئويغىنىپلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى. ھەمىشە چۈشۈمدىكى بىمەنە ئىشلار ۋە بىمەنە مەنزىرىلەرنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما ھەرقانچە ئەسلەپمۇ ئۇنى پەقەتلا تاپالمايتتىم.

مېنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل غەم چىرمىۋالدى. ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشقۇم كەلمەيتتى. ھەمىشە تەنھا يۈرگۈم كېلەتتى. روھسىز ھالدا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندىم. بارلىق سەزگۈلىرىم ئېتىلىپ تاشقى دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتتىم. شۇ تاپتا قەلبىم ئۈنسىز جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزىگە ئاراملىق ئىزدىمەكتە ئىدى. ئاشۇ جىمجىتلىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ ناھايىتى ئۇزاق ماڭدىم.

بىرسى يېنىمغا كەلگەندەك قىلدى. كۆزۈمنى ئاچقۇم كەلمىدى. ئەتراپ يەنە جىمىپ قالدى. بىرسى ماڭا قاراپ تۇرسا كېرەك. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۇدۇلۇمدا ئۆمەر تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— سىزنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.



ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئورۇن بوشاتتىم.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئۇزۇن بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، ۋاقتى يەتسە پاراڭلىشايمىكىن دەپ.

مەن ئۈنچىقمىدىم. ئۇ بىردەم ئوڭايسىزلانغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— سىزنى مالال قىلمىغاندىمەن. يا بولمىسا كېيىنچە پاراڭلاشساقمۇ مەيلى.

نەچچە كۈندىن بۇيان روھى تەنھالىق ئىچىدە نېمىنىدۇ ئىزدىگەنىدىم. ئەسلىدە ئۆمەر ئىكەن.

— يېقىندىن بېرى تولىمۇ غەمكىنلىشىپ كېتىۋاتىسىز، بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۆزۈممۇ شۇنداق يۈرۈشنى ياقتۇرىدىكەنمەن، زەينۇرەنىڭ ئىشى بەك تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ.

— بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سالامەتلىك مۇھىم.

تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئاچچىقىم كەلدى. كىممۇ يېقىن دوستىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇيالىسۇن.

— ئۇ بەك ياخشى قىز ئىدى، — دېدىم مەن.

— شۇنداق، ھەممىمىز ئۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرالمىدۇق.

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. قەلبىم شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ. بەزىدە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئۇ بەك ياش ئىدى.

— تەقدىرگە بويسۇنماي ئامال يوق.

— ئۇ بەك ياش ئىدى، — مەن بوش ئاۋازدا شىۋىرلىغاندەك سۆزۈمنى تەكرارلىدىم. ئۇ ئاستا يەلكەمگە قولىنى قويدى.

— بولدى، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ

كەتتى. ئۆزىڭىزنى ئاسرىمىسىڭىز بولمايدۇ.

— سىز ئۆزىڭىزنى بېسىۋالغان بىلەن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. بىلەمسىز؟ زەينۇرە ئۆلۈپ كەتتى! ئۇ بەك ياخشى قىز ئىدى.

ئۆمەر تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ مېنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇنداق پارتلاپ كېتىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— ئۆمەر، سىز بىر دوستىڭىز ئازاب ئىچىدە ئۆلۈم يولىغا قاراپ ماڭسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىسىڭىز ئازابلانمامتىڭىز؟ بۇ ئىش ئۈچۈن گويا ئۆزۈمنى ئەيىبكاردەكلا ھېس قىلىمەن. ئۇ بىرىنى ياخشى كۆرگەنىدى. ئەمما بۇنىڭ مۇمكىنسىز مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئۆز سۆيگۈسىنى بىر ئۆمۈر قەلبىدە پىنھان تۇتۇپ ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي كەتتى.

— مەن زەينۇرەنىڭ بىرەرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىمىغانىدىم، — ئۆمەر ماڭا ھەيران بولغان ھالدا تىكىلدى، — ئۇ كىم؟

— بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان سىرلارنى سورىماڭ. ئۇ ھەتتا بۇ ئىشنى ئۆزى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگىمۇ بىلىندۈرمەي كەتتى.

ئۆمەر خېلى بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتى. ھەممە ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى. ھەتتا قۇشلارنىڭ سايرىشى، يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىمۇ ئاڭلانماي قالدى. ئارىمىز گۆردەك بىر سۈكۈت ئىچىگە غەرق بولدى. مەن ھەر ئىككىلىمىزنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئۈنسىز ئاۋازنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇۋېتىشىنى تىلەيتتىم. لېكىن بۇ ئاۋاز تېخىچە بۇ يەرگە يېتىپ كەلمەيتتى. بەلكىم ئۇ ناھايىتى يىراقتا قالغاندۇ.

— رىزۋان! — سۈكۈت بۇزۇلدى، ئەمما ئارىمىزنى جىددىي ۋاقىت ئېقىمى ئىگىلىدى، — مەن سىز بىلەن ئۇزۇندىن



بېرى بىر ئىشنى سۆزلىشەي دەپ كەلگەنىدىم، بىراق نېمىشقىدۇر ئېيتالماي قەلبىمدىلا بىلىپ كەلدىم. ئەمدىلىكتە پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. ئۇنى ئېيتىدىغان ۋاقىت كەلدى دەپ ئويلايمەن. شۇڭا، ھازىر سىز بىلەن شۇ توغرىلىق سۆزلەشمەكچىمەن.

يۈرىكىم جىددىي سوقۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ھەربىر تىۋشىنى ئۆمەرمۇ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدى. بۇنداق پەيت ھامان يېتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى ماڭا ئايان. ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. لېكىن بۇ سۆز تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا نېمىشقىدۇر روھىم بەربات بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇنچ ئىچىدە قالاتتىم. يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ كېتەتتى. ئۇ ماڭا دەل ئۇزۇندىن بېرى ئېيتالماي كېلىۋاتقان سۆزىنى ئېيتىشى مۇمكىن. يۈزلىرىمدە ئۇيات نۇرلىرى پىچىرلايتتى. مىنۇت ئۆتمەي مېنىڭ ھاياتىم، قەلبىم، ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىمدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرەتتى.

— ئۆمەر، مەن سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، ئۇزۇندىن بېرى ئاشۇ سۆزنى كۈتۈپ كەلگەنىدىم. بىراق، مۇشۇ پەيت يېتىپ كەلگەندە نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. مەن ئۇ سۆزنى ئاڭلىماي قوياي، ھەر ئىككىمىز قەلبىمىزدىلا بىلەيلى، بولامدۇ؟ ماڭا يەنە پۇرسەت بېرىڭ، مەن بەزى ئىشلارنى تېخى ئويلاپ يېتەلمىدىم.

— رىزۋان، مەن بۇ سۆزنى ئۇزۇندىن بېرى ئېيتىمەن دەپ پۇرسەت كۈتۈپ كەلدىم. ھازىر ئەمدى ئېيتىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن، ھېچ بولمىسا سىز ئۇنى ئاڭلاپ قويسىڭىز بولىدىغۇ؟

— كەچۈرۈڭ ئۆمەر، مەن ئۇنى يۈرىكىمدىلا ھېس قىلىپ ئۆتەي، ئۇنىڭ لەززىتى مېنىڭ قەلبىمدىلا قالسۇن.

ئۆمەر تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ باشتا ھەيران بولغان بولسا كېيىن بىردىنلا ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە چۆمۈپ قالدى.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— مەن بىر مەزگىل سۈكۈت ئىچىدە تۇراي، بىلەمسىز، زەينۇرە پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن ئىنتىلگەن نەرسىلىرىمدىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايمەن.

ئۆمەر كەتتى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى ئوت - چۆپلەر يەڭگىل شىۋىرلاپ قالدى. ئەتراپنى بىر خىل غۇۋا تۇمان قاپلىدى. ئۇ بارغانسېرى كېڭىيىپ پۈتۈن مەكتەپ، دۇنيا، ھەتتا مېنىڭ قەلبىمنىمۇ كۆمۈۋەتتى. مەن ئۇ كېتىپلا يىغلاپ سالدىم. قانچىلىك يىغلىغاندىمەن. بىر سائەت، بىر كۈن، ھەتتا بىر ئۆمۈر يىغلىغاندىمەن. نېمىشقا ئۇنداق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. قاراپ تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالدىم. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ شۇنداق بىر سۆزنى ئېيتىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىمغۇ، نېمە ئۈچۈن ھالقىلىق پەيتتە دادىل بولالمىدىم. شۇ چاغدىلا زەينۇرەنىڭ بىر سۆزى يادىمغا كەلدى. «سەن ئۆزۈڭ قوغلاشقان نەرسىلەرگە ئىنتىلىپ ياشايسەن، ئەمما سېنى قوغلاشقان نەرسىلەرگە بولسا سوغ، بىپەرۋا قارايسەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئىنتىلگەن نەرسىلىرىڭنى بۈيۈك دەپ قارىغىنىڭدا. ئەمما ئۇ ئالدىڭدا پەيدا بولغاندا سەن ئۇنىڭ قىممىتى قالمىغاندەك ھېس قىلىسەن، راستىنلا خاراكتېرىڭ قىززىق - دە سېنىڭ.» ئەمدى ئويلىنىپ قالدىم. راستىنلا شۇنداقدىمەنمىدۇ. بۈگۈنكى ئىشتىن قارىغاندىمۇ زەينۇرە توغرا باھا بېرىپتىكەن. نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغاندىمەن. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ ئەمدى بۇنداق قىلغىنىم نېمىسى. بۇنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن. بەلكىم مەڭگۈ چۈشەنمەسمەن. قەلبىمدە بىر ئۆمۈر يىغلاپ ئۆتىدىغان ئوخشايمەن. . .



كەچ كىرىپ كېتىپتۇ. قاراڭغۇلۇق دەرەخ شاخلىرىدىن ساقىپ ئۆتۈپ بارماقلىرىمغا قەدەر كېڭىيىپتۇ. ھايال ئۆتمەي ئۇ مېنى يۇتۇپ كەتكۈدەك دەپ ئويلىدىم. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆمەرنىڭ تاتىراڭغۇ قىياپىتى قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

گۈلسۈم!

مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقا كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ تۇراتتى. ھېچ ئىش خۇشياقماي خىيال سۈرۈش بىلەنلا ئۆتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆمەرنىڭ ياتاق بىناسىغا قاراپ ئۇھسىنىمەن. ئۇنى كۆرۈپ قالساممۇ ئۆزۈممۇ ئۇقمىغان ھالدا ئارقىسىدىن قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆكىمەن. بۇنىڭ پۇشايمان ياكى ئېچىنىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بەلكىم ۋۇجۇدۇمدا ھەر ئىككىلىسى تەڭ قۇتراۋاتقاندۇ ياكى ھېچقايسىسى ئەمەستۇ. تەنھالىقتىن يىغىلغان خىياللىرىم توپلىنىپ مېنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى.

كۇتۇپخانىغا كىرىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى. يالغۇزلۇق ئىچىدە خىيال سۈرگەچ ئايلاندىم، بىراق بۇمۇ خۇشياقمىدى. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ غوللۇق بىر دەرەخكە يۆلىنىپ مەقسەتسىز تۇرۇپ قالدىم. ھەر كۈنى بىر قېلىپتا دەرستىن چۈشۈش، دەرسكە چىقىش، تەنھا ئايلىنىش. . . ھاياتنىڭ مەززىسى قالمىغىلى تۇردى. مېنىڭ پۈتكۈل روھىم، دۇنيارىم، ئارمانلىرىم، مۇھەببىتىم ھايات يولىدىكى بىئىختىيارلىقى تۈپەيلى قېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە مۇشۇنداق ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ.

ھەممە نەرسىنى تاشلاپ يىراقلارغا كەتكۈم كېلىدۇ. نەگە كېتىمەن؟ بۇ غەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلىۋالغان ياخشىكەن. راست، بۇ خىيال نېمىشقا باشتا كەلمىدىكىنە، ھېچ نەرسە قولۇمدىن كەلمىگەن بىلەن ئۆلىۋېلىش قولۇمدىن

كېلىدۇ، نېمىشقا شۇنداق قىلمايمەن. مەڭزىمنى مۇزدەك دەرەخ غولىغا ياقتىم. نەدىندۇر بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدىم. ھەممە نەرسە جىمىپ كەتتى. ھايات نەقەدەر سۆيۈملۈك — ھە!

## 7

گۈلسۈم!

مېنىڭ مەكتەپ ھاياتىم ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلەر بىلەن تولدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى. مەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن. پات — پاتلا كامال، زۇلپىيە، ئۆمەرلەر بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ قالىمەن. مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا ئۇلاردەك يېقىن دوست تۇتماپتىكەنمەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن دوست تۇتۇشنى ئويلاپمۇ قويمىدىم. دائىم خىيالچان ھالدا ئۆزۈم يالغۇز يۈرەتتىم. باشقىلار نېمىدەپ قالدىكىنتاڭ. زۇلپىيە بىلەن پات — پاتلا خەت ئالماشتۇرۇپ تۇراتتۇق. بىراق كامال، ئۆمەرلەر بىلەن بىر قېتىممۇ خەت يېزىشىپ باقمىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى قانداق رەت قىلغىنىمنى ئويلاپ كېتىمەن. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئۇنتۇپ كەتسە كېرەك. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ نېمىنىدۇ نامەلۇم بىر نەرسىنى كۈتىۋاتقىنىمنى ئويلاپ قالىمەن. ئۇ نېمىدۇ؟ ئۇ بىر پارچە خەتمىدۇ ياكى باشقا نەرسىمىدۇ؟ ئەمما بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئۇلار دۇنيانىڭ مەيلى نەرىدىلا بولمىسۇن مېنى ئەسلەپ تۇرسا بولاتتى.

پات — پاتلا شەمسىيەنى ماتېرىيال كۆتۈرگەن ھالدا كارىدوردا ئۇچرىتىپ قالىمەن. بىز ئاشۇ چاغدا چالا كۆرۈشكەن



بولساقمۇ ئۆمەر بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغاندىكىن چوقۇم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ. لېكىن نېمىشقىدۇ يەنە مۇنداق قىلىشقا غۇرۇرۇم يول قويمايدۇ. شەمسىيە ماڭا بىر گەپنى قىلماقچى بولغاندەك قىلىدۇيۇ يەنە گەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنى دەيمەن، ئادەمگە ئۇدۇللا تىكىلىدۇ، ناھايىتى سېھىرلىك. مەن بىر نەرسىگە پۇشايمان قىلىپ قالدىممۇ قانداق؟ بەلكىم شۇنداقتۇ. لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتالمايمەن.

يېقىندىن بېرى خىياللىرىم دائىم ئۆمەرنى يېنىمغا چاقىرىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە جىمجىتلىقتا چۆككەن. مەن يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىق چاقنىشىغا قاراپ ئۇنى خىيال قىلماقتىمەن. تىكىلىدىغىنىم ئاشۇ يىراق، ئاشۇ نۇرلۇق يۇلتۇز، لېكىن ئاستا — ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقىنىمنى ھېس قىلماقتىمەن.

بىر كۈنى ئۇنى چۈشۈمدە كۆرۈپ قالدىم. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئويچان، جىمجىت تۇراتتى. ئارىمىزدا بىر دەريا، ھەر ئىككىلىمىز جىمجىت قارىشىپ تۇردۇق. ئارىغا بارا — بارا تۇمان يېيىلدى. بىز بىر — بىرىمىزنى كۆرەلمىگۈدەك بولغاندىلا ئاندىن ئورنىمىزدىن مىدىرلىدۇق. بىراق كېچىككەن ئىدۇق. مەن تۇمان ئىچىدە ئۇنىڭ ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئۇ ئاۋاز شۇنچە قېلىن تۇماننى قانداق يېرىپ ئۆتەلىگەندۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى چۈشۈمدە پات — پات كۆرۈپ قالىدىغان بولدۇم. نېمىشقىدۇر ئارىمىزنى قويۇق بىر قەۋەت تۇمان قاپلاپ كېتەتتى. ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا يۈرىكىم سېلىپ ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار سېزەتتىم ھەم بۇ بەختتىن قۇرۇق قالماي دەپ ئويغىنىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتىم.

مەيلى مەن ئۇنى ئەسلەي — ئەسلىمەي بەرىبىر سىماسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ. ئەسلىدە ھېس قىلمىغان بولغىيمىدىم، ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىكەنمەن، ئۇ مېنىڭ ھەربىر

قەدىمىم، ھەربىر ھەرىكىتىمگە دۇنيانىڭ مەلۇم يېرىدە تىكىلىپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ. بارئاۋازىم بىلەن: «سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى ياخشى كۆرىمەن!» دەپ توۋلىغۇم كېلىدۇ. بۇ ئاۋازنىڭ ئۇ تۇرغان جايلارغا بېرىشىنى، ئۇنىڭ جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

بۈگۈن راستىنلا چۈشۈمدە ياكى ئوڭۇمدا ئۇنىڭ يىراق يەردىن «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. سەزگۈلىرىمنى يىغىپ ئۇ ئاۋازغا قۇلاق سالدىم. ئەمما ئەمدى قۇلىقىمغا ئاڭلانغىنى چەكسىز جىمجىتلىق بولدى. مەن ئەستايىدىللىقىمنىڭ چەكسىز جىمجىتلىقنىڭلا دىققىتىنى قوزغىغىنىنى ئويلاپ بەكلا ئازابلاندىم.

ئۇ ماڭا ناھايىتى يېقىن جايدا بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. مەن نېمىنىدۇ بىر نەرسىنى كۈتۈپ قالدىم. ئۇ ئاشۇ غايىب ئاۋاز ياكى ئېنىقسىز چۈش بولمىسا بىر پارچە خەت بولۇشى مۇمكىن.

ئەتىگەنلىك ناشتىنى چالا - بۇلا قىلىپلا سىنىپقا چىقىپ كەتتىم. دەرس باشلىنىشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. دېرىزىدىن پەسكە قارىدىم. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا چوقۇمكى بۇ دېرىزىگە قارىماي ئۆتمەيتتى. مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن قېتىم بۇ دېرىزىگە يوشۇرۇن قاراپ ئۆتكىنىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇ بولغان بولسا جەزمەن مېنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قولىدا گېزىت ياكى كىتاب - ماتېرىيال بولاتتى. ئىشقىلىپ قولىنىڭ بىر قېتىممۇ بوش تۇرغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم. يەنە سىم - سىم يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ. مېنىڭ تۇيغۇم يامغۇر تىنىشىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى. بۇ يامغۇر شۇ تاپتا ئۇنىڭ دېرىزىسىگىمۇ يېغىۋاتقاندۇ. ئۇ سىم - سىم يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ شۇ تاپتا نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىكىن، مېنىمۇ؟ ناتايىن. ئۇ چوقۇم باشقا بىر نەرسىنى خىيال قىلدى. ياق، ئۇ



ھېچنېمىنى خىيال قىلمىدى. بىزنىڭ ئارىمىز يىراق، ناھايىتى يىراق، ئۇنىڭ خىياللىرى ھەرگىزمۇ بۇ تەرەپلەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ.

كۈن بويى كاللامغا ھېچ نەرسە چۈشمىدى. ھەممە نەرسە مەنىسىز ھەم سوغۇق، خۇددى ئايىغىم ئاستىدا لەيلەپ يۈرگەن خازانلاردەك ئەھمىيەتسىز. ئەتراپىمغا سىقىلىش ئىچىدە قارىدىم. بىر چاغلاردا تولىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان بۇ جاي ئەمدى تولىمۇ كۆرۈمسىز بىلىنىشكە باشلىدى. ئەسلىدە بۇ مەنزىرىلەر كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ياسالغانىدى. بىراق، باشقىلارغا ھەرقانچە زوق بەرسىمۇ مېنى ھەرگىزمۇ زوقلاندۇرالمايتتى. زوقلىنالماسلىقىمدىكى سەۋەب پسىخىكامدىكى بىنورماللىق ياكى تۇيغۇمدىكى گاللىقتىن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ھەر ئىككىلىسىدۇ.

ئالدىمدا دەرەخلەر يوغان غوللىرىنى كېرىپ يولۇمنى توسۇپ تۇراتتى. قەيەرگە مېڭىشنى بىلمەي قالدىم. بۇ ھاياتتىكى يولغا ئوخشاشلا مېنى تېڭىرقىتىپ قويغانىدى. ئەي يوللار! مېنى ئەپۇ قىل. مەن سەندە بىر ئۆمۈر دادىل ماڭالمىدىم. ئەمما، سەن ئۆز مۇساپەڭنى مەڭگۈ گۈزەل مەنزىللەرگە يايغىن، سەندە دادىل ماڭىدىغانلار ھامان چىقىدۇ. يۈرىكىمدە ئۈنسىز بىر سادا پەيدا بولدى. ئۇ يىغىغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئېقىمى پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كېتىۋاتاتتى. مەن ھېچقانچە قىينالمايلا بۇ سادانى ئەتراپىمغا تارقىتالايتتىم. بىراق ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى بارلىق مەخپىيىتىمنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك قىلاتتى. مەن باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشنى خالىمايتتىم.

بۇ يەردە قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. چۈنكى، كاللام قالايمىقانلىشىپ ئىشلار بەك مۇرەككەپ تۈس ئالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنى سۆزلىگىلى قويسام بوپتىكەن - ھە. شۇنداق

قىلغان بولسام بەلكىم ھازىرقىدىن بەختلىكرەك بولغان بولاتتىم. ھاياتتىكى ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن، ئادەم ئالدىمدىكى مۇشۇ يولغا ئوخشاش قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان چاغلاردا ئۇ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە تەقدىر ئۇنى ئۆزى خالىغان بىر تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئاخىرىدا پۇشايمان قىلىدىغىنى تەقدىر ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز. مەن شۇ كۈنى ئۆمەر بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. بىراق، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ كۈندىكى مەنزىرىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئېسىمگە ئالغىنىممۇ تامامەن ئويلىغىنىمدىن باشقىچە ئىدى.

مەن تېخى خىيال ئىچىدىن تامامەن ئېسىمگە كېلىپ بولالمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىرسى ئىسمىمنى چاقىردى. ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپلا زۇلپىيەنى كۆردۈم. زۇلپىيە بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەندەك، سەل - پەل ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئاپئاق ھەم سۈزۈك چېھرىدە تېخىمۇ يارقىن جۇلالاپ تۇراتتى.

يۈرىكىم قېپىغا پاتماي قالدى. كۆزۈمگە ئىشەنگۈم كەلمىگەندەك ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ قالدىم. لەۋلىرىم سۈس تىترىدى.

— زۇلپىيە! — بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق. كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى. نەپسىم بوغۇلۇپ ئاۋازىم چىقماي قالدى.

زۇلپىيە مېنى قۇچاقلىغىنىچە خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھاياجان ھەم شادلىق تەڭ يېلىنجاپ تۇراتتى.

— سېنى بەك سېغىندىم، — دېدى ئۇ ئاخىر قۇچىقىمدىن بوشاپ.

— مەنمۇ شۇ، بىرەر قېتىم يوقلاپ قويايمۇ دېمىدىڭ.

— خىزمەتتىن بىكار بولالمىدىم. بولمىسا بەكمۇ كەلگۈم



بار ئىدى.

— بۇ قېتىم سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى. كۆزلىرىمگە پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— كامالنى چەت ئەلگە ئۇزاتقىلى كەلگەن. سېنى يوقلاپ ئۆتەي دېدىم.

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— ئۇ چەت ئەلگە چىقامدىكەن؟

— ھەئە، ئوقۇشقا چىقماقچىكەن، يۇرە ياتاققا چىقىپ پاراڭلىشايلى، يەنىلا شۇ ياتاقتا يېتىۋاتامسەن؟ بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى.

بىز ئالدىرىماي پاراڭلاشقاچ ياتاققا چىقتۇق.

— ھېچقانچە ئۆزگەرمەپتۇ، — ئۇ ياتاق ئىچىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى.

— ئەگەر كامالنى دېمىسەڭ كەلمەيدىكەنسەن - دە، — دېدىم ئۇنىڭدىن رەنجىگەندەك قىلىپ. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى كىچىك شىرەنى تاتلىق - تۈرۈملەر بىلەن توشقۇزدۇم.

— بولدى، بىر نەرسە ئالمەن دەپ ئاۋارە بولما. بۇ قېتىم شۇنداق توغرا كېلىپ قالدى، سېنى ئىزدەپ ھامان كېلىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى.

— قېنى، ئالغاچ ئولتۇر، — دېدىم مەن ئۇنى ئالدىدىكى نەرسىلەرگە تەكلىپ قىلغاچ، — كامال بىلەن يارىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

ئۇ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ چېھرىدە بىر خىل ئازاب مىسكىنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم.

— ياق.

— ئەمىسە. . . — مەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدىم.

— سۆزلىسەم گەپ جىق، رىزۋان. بىز قىزلار مۇھەببەت ئىشىدا بەك ھېسسىياتچان بولغاچقا كۆپىنچە ئەمەلىيەتنى چىقىش

قىلماي ئازاب پاتقىقىغا پېتىپ قالىدىكەنمىز. قوغلاشقىنىمىز كۆرۈنمەس ئۈمىد بولسىمۇ جېنىمىزنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنى ئازابلايدىكەنمىز؛ ئەكسىچە ئوغۇللار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئاسانلا مۇھىتقا ماسلىشالايدۇ. ئۆز ئارزۇسىنىڭ مۇمكىنسىزلىكىنى بىلسە دەرھال ۋاز كېچىپ، يېڭى بىر نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەن ئادەمنى قىينايدىغان بىر خىل تۇرمۇشتىن ئۆزۈمنى ئەمدىلەتىن قۇتقۇزدۇم.

— بۇ گەپچە سىلەر يەنىلا ئايرىلىپ تۇرۇۋېتىپسىلەر-دە؟

— شۇنداق.

— مەن سىلەرنىڭ يارىشىپ قېلىشىڭلارنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. بەزىدە ئۆزۈمدىنمۇ ئاغرىنىپ قالىمەن.

— ئۆتكەن ئىشلار بىر چۈشكە ئوخشايدۇ. مەن بىلىپ-بىلمەي ئۆزۈمگە بىر باش ئاغرىقى تېپىۋالدىم. ئەسلىدە مەن كامالنى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈپ خاتا قىپتىكەنمەن. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت پەيدا بولۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەي، ئۆز قەلبىمنى مەجبۇرلاپ تېڭىپ، ئاخىر ئۇنىڭدا بىزارلىق تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈپ قويدۇم. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرەلمەسلىكىنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئۆزۈم سەۋەبچى، — زۇلپىيە ئېغىر تىنىدى. ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم قوزغالدى. بۇ خىل ھېسداشلىق مېنىڭ قەلبىمدە ناھايىتى ئۇزۇندىن بېرى كۆمۈلۈپ ياتاتتى.

— سەن بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تەمكىنلىشىپ قالغاندەك قىلىسەن. بىراق، سېنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇۋاتىدۇ، ئىككىڭلار بەك ياخشى ئۆتكەن، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ بەك ماس كەلگەن. تەقدىرنىڭ ئىشلىرىغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمدى قانداق قىلماي دەيسەن؟

— ئۇقمايمەن.

— ئۇنتۇپ كەتمەكچىمۇ؟



— بەلكىم.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرىسەن، بۇ ئۆزۈڭنى ئالدىغانلىق ئەمەسمۇ؟

زۇلپىيە كۆزلىرىمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۈسكە كىرىپ، قەلبىدىن چوڭقۇر ئۇھسىنىش كۆتۈرۈلدى.

— رىزۋان، دېسەم ئىشەنمەيسەن، مەن قەلبىمدىكى مۇھەببەتنى پەقەت قەلبىمدىلا ساقلاشقا تىرىشىمەن. چۈنكى، ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئىگە كىشىلا مۇھەببەتنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىيالايدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇنى قەلبىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە سۆز-ھەرىكەتلەرگە قاراپلا باھا بېرىدۇ. بىراق، مۇھەببەت ئىگىسى ھەرگىزمۇ ئۆز قەلبىنى داۋراڭ سېلىپ يۈرمەيدۇ. تانسا ئويناش، كىنو كۆرۈش، سەيلە-ساياھەت قىلىش ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ ئاساسى شەرتى ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت پەيدا بولىدىكەن، شۇ كىشى ھەتتا ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمگە ئېيتىشتىنمۇ تارتىنىدۇ. ئۇنى ئالەمگە جاكارلىغۇسى كېلىدۇ-يۇ، لېكىن ئۇنى ئەڭ مەخپىي تۇتىدۇ. بۇ خۇددى دېڭىز كۆپۈكچىلىرىنىڭ لەيلەپ، ئۇنچە-مەرۋايىتلارنىڭ سۇ تېگىدە قالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. مېنىڭ كامالغا بولغان مۇھەببىتىم باشتا شۇنچە ئاشكارا، خۇددى دېڭىز كۆپۈكچىلىرىگە ئوخشايتتى. كېيىن مەن ئۇنى قەلبىمگە قۇلۇپلىۋەتتىم. ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە چوڭقۇر دېڭىز تەكتىگە كۆمۈۋەتتىم. ئۇ قانچە چوڭقۇر بولسا شۇنچە ياخشى.

زۇلپىيەنىڭ سۆزلىرى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىسى بىر تۇرۇپ توغرىدەك، بىر تۇرۇپ ئەمەلىيەتكە زىتتەك قىلاتتى. مەن يەنە زۇلپىيەنى كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىدە خېلى پىشىپ يېتىلىپتۇ دەپ

ئويلاپ قالدىم.

— بۇ گەپچە سەن كامالغا بولغان مۇھەببىتىڭنى قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا كۆمۈۋېتىپسەن - دە؟! ئۇ ئاشۇ جايدا مەڭگۈ تىپتىنچ تۇرارمۇ؟! بىلەمسەن، دېڭىز ئاستى تىپتىنچ تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن ھەرگىزمۇ تىنچ ئەمەس، دېڭىز ئاستىدىكى دولقۇن تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇ ھامان يەنە سېنىڭ قەلبىڭدە يېڭى بىر قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

— سۆزلىرىڭ توغرا، رىزۋان، بىراق مەن كامالنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويغىتالمىسام بۇنىڭ نېمە پايدىسى. مەن ئۇنىڭغا قەلبىمنى بىر قېتىم زورلاپ تاڭغان، ئەمدى يەنە شۇنداق قىلالمايمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ياخشى كۆرەلىسىدى، ئاندىن مەن قەلبىمدىكى بارلىق قۇلۇپلارنى ئېچىۋەتكەن، بارلىق چوڭقۇرلۇقلارنى ئاشكارىلىغان بولاتتىم. بىراق، بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق جەريان كېتىدۇ. بىر مۇھەببەتنى يارىتىش ئۇنى بەربات قىلغاندەك ئاسان ئەمەس.

— بىلىشىڭ كېرەككى، بىر مۇھەببەتنى بەربات قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭغا شۇ مۇھەببەتنى بەرپا قىلغاندىنمۇ ئۇزۇن جەريان كېتىشى مۇمكىن.

— ھەممىنى ۋاقىت سىنايدۇ، رىزۋان، ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن مۇھەببەتلا ئەڭ مۇكەممەل مۇھەببەت. ھەرقانداق توسقۇنلۇق مۇھەببەتنى چىڭىتىدۇ. لېكىن، ئۇزاققا سوزۇلغان ئۈن - تىنسىز ھايات ئەڭ خەتەرلىك. كۆپىنچە مۇھەببەت ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرلىشىدۇ، — زۇلپىيە سۆزلىگەنسېرى تەمكىنلىشىپ قالاتتى. چىرايى تېخىمۇ جىددىي تۈس ئېلىپ ئەستايىدىل قىياپەتكە كىرەتتى، — رىزۋان! ئادەم بەزىدە ھاياتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى



بىلمەي قالىدىكەن. تۇرمۇش تولىمۇ رەڭۋاز نەرسىكەن. ئۇ خۇددى ئادەمنى قولىدىكى ئويۇنچۇقتەك ھەر خىل روللارنى ئېلىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن. بىزگە يا ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىكەن. مەن كامالنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. دەسلەپ ئۇنى يىرتىۋېتەي دەپ ئويلىدىم. بۇ خەت ماڭا بىر ئۆمۈر دەرد - ھەسرەت تېپىپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى. بىراق، نېمىشقىدۇر يەنە ئۇنى يىرتىۋەتكۈم كەلمەي قالدى. ئۇنىڭدا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلىش ئىستىكى خەتنى يىرتماسلىققا ئۈندەيتتى. ئاخىر نامەلۇم قىزىقىش ئىچىدە خەتنى ئوقۇپ چىقتىم. كامال خەتنىڭ بېشىدا مەندىن ئەھۋال سوراپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ماڭا ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن يەنە مەن بىلەن قايتىدىن يارىشىپ تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى، ئىلگىرىكى كۈنلەرنى ئۇنتۇپ ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تاشلاندۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، تولىمۇ مىسكىنلىشىپ، تەنھالىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، ئاخىر مېنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى، جاھاندىكى ئەڭ قەدىرلىك ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەڭ قەدىرلەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى، ئۆزىنى ئەڭ قەدىرلەيدىغان ئادەمنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى ئاخىرى تونۇپ يەتكەنلىكىنى، شۇڭا بىزنىڭ قايتىدىن يارىشىپ قېلىشىمىز كېرەكلىكىنى يېزىپتۇ. مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئېنىقكى ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى ئالداۋاتاتتى. ئۇ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشتىن پەيدا بولغان ئۈمىدسىزلىكنى بىر ھەمراھ ئارقىلىق تولۇقلىماقچى، روھىي جەھەتتىن بىر سىرداش تاپماقچى بولغانىدى. مەن خەتنى خىيال ئىچىدە بىرمۇ

بىر ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭدىكى ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملە مېنىڭ كېيىنكى ھاياتىمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مەن بىرنەچچە كۈنگىچە ئويلىنىپمۇ ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدىم. خەتنى ئوقۇمىغان بولسامۇ بوپتىكەن دەپ قالدىم. بىراق، ئوقۇمىغان بولسام يۈرىكىمدە بىر ئارمان قېپقالاتتىكەن. ئاخىر ئويلىنا - ئويلىنا ئۇنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلدىم. كۆردۈڭمۇ رىزۋان، بۇ جاھان تولىمۇ سىرلىق جاھان ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ مېنىڭ سەممىي مۇھەببىتىمنى رەت قىلغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە مەن رەت قىلماقتىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالغىنىم ئەمەس. بەلكى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ماڭا راستىنلا ھاجەتمەن ياكى مۇھەببىتىمگە ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى. مەن ئاخىر ئۇنىڭغا بىر پارچە جاۋاب خەت سېلىۋەتتىم. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە خېتىمنى ئوقۇپ چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىنى، يېقىندا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى ئۇزىتىپ قويۇشۇمنى ئېيتىپتۇ. بىز توپتوغرا بىر كۈن پاراڭلاشتۇق. بىراق، ھەر ئىككىلىمىز ئىلگىرىكى مۇھەببەتلىك كۆڭلىرىمىز توغرىسىدا سۆز ئاچمىدۇق. قەلبىمىزنى ناھايىتى پىنھان تۇتتۇق. بەلكىم ئۇ مەڭگۈ شۇ پېتى پىنھان قالار. ئايرودرومغا ئۇ باشقا ھېچكىمنى تەكلىپ قىلماپتۇ. پەقەت مەنلا ئۇنى ئۇزىتىپ قويغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ قالدىم.

زۇلپىيە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەر ئىككىلىمىز زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتۇق. شامال كېلىپ يىپەك پەردىنى قايرىۋەتتى. دېرىزىدىن سىرتتا يەنە سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— ئۆزۈڭ توغرۇلۇق سۆزلىمەمسەن؟ — زۇلپىيەنىڭ



سۆزى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— سۆزلىگۈدەك نېمە بار دەيسەن، كۆڭلىرىم يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر خىل قېلىپتا ئۆتۈۋاتىدۇ.

— رىزۋان، يوشۇرمىغىن، قەلبىڭدە بىر دەرد باردەك قىلىدۇ. نېمىشقا بۇنچە مىسكىنلىشىپ كەتتىڭ؟

— ساڭا شۇنداق كۆرۈنسەم كېرەك. بولمىسا مەن يەنىلا بۇرۇنقىدەك.

— يېقىندىن بېرى ئۆمەرنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟

— يوق. ئۇ كەتكەندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئالاقىلىشىپ باقمىدۇق.

— ساڭا بىر خەۋەرنى ئېيتاي. ئۆمەر ھېلىمۇ سېنى ياخشى كۆرىدىكەن. كامال ساڭا ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان. ئۆزۈڭنىمۇ، ئۇنىمۇ ئازابلىما.

— زۇلپىيە، بولدىلا، بۇ گەپنى ئېيتمىغىن. مەنمۇ ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ خىيالىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. چۈنكى، ھەرقانداق نەرسە ئارزۇ ئىچىدىلا گۈزەل بولىدۇ. لېكىن، ئارزۇسىدىكى نەرسىلەرگە ئېرىشىپ قالسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا، مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغانىدىم. بەزى ئىشلاردا ئازغىنا بولسىمۇ غۇرۇرنى ساقلاپ قالغان ياخشى. بولمىسا ئادەمنىڭ ئانچە قىممىتى بولمايدۇ.

— رىزۋان، سەن قاچانغىچە شۇنداق دەپ ئۆتىسەن. ئادەم بەزى ئىشلار ئۈچۈن غۇرۇرنى ۋاقىتىنچە ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك. كۈتكەن نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە نەچچە ھەسسە غۇرۇر بىلەن ياشىسا بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— مۇمكىن ئەمەس، غۇرۇر بىر قېتىم سۇنىدۇ، قايتا كۆكلىمەيدۇ. غۇرۇر سۇنغان يەردە ئۇنىڭ ئاچچىق ھەسرىتى

قالدۇ.

— سەن بۇنداق دېسەڭ مەن نېمە دەيتتىم. ساڭا مۇھىم بىر خەۋەرنى ئېيتاي، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق تاللاش ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. ئۆمەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. كامال بۇ ئىشنى يېقىندا ئۇنى يوقلىغىلى بارغاندىلا ئۇقۇپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى ھېچقايسىمىزغا ئۇقتۇرماي كەپتۇ.

بېشىم ئايلىنىپ جاھان تىترەۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ماڭا بۇ خەۋەر راست ئەمەستەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. مەنمۇ بۇ خەۋەرنىڭ يالغان بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە؟

— رىزۋان، ئۇ ھازىر ساڭا موھتاج، مۇھەببەت ئۆزىنىڭ قىممىتىنى دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق مىنۇتلاردا سىنايدۇ، سەن كەسكىن بىر قارارغا كەل. ئۇ سېنى كۈتمەكتە.

يۈزۈمنى مۈزدەك دېرىزە ئەينىكىگە ياقتىم. يامغۇر تامچىلىرى پەسكە سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى كۆز ياشلىرىممىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. روھىم بەربات بولغاندەك قەلبىمدە بىر خىل ئازاب كېزىپ يۈرەتتى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان روھىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا بېسىپ ياتقان ھېسسىياتلار يامراپ چىقىپ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتنى ئاشكارىلىماقتا. مەن ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى پەقەت شۇ چاغدىلا ھېس قىلدىم. كۆز ياشلىرىم يامراپ چىقىپ پۈتكۈل روھىمنى غەرق قىلىۋەتتى. بىردىنلا زۇلپىيەنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتىم.

سىرتتا يامغۇر بىردىنلا ئۇلغىيىپ، گۈلدۈرماما دەھشەت بىلەن گۈلدۈرلىدى. يالتتىدە چاققان چاقماق نۇرى مەكتەپ ئىچىنى بىر پەس يورۇتۇپ ئۆتتى. گۈلدۈرماما ۋە چاقماق يورۇقىدىن ئېسىمگە كەلدىم. سىرتتا چەكسىز قاراڭغۇلۇق



لەيلەپ يۈرەتتى. مەن ئاخىر قەلبىم بىلەن ئۆزۈم ئېلىشىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئىلگىرى ئۆمەرگە بولغان مۇھەببىتىمنى بېسىشلىرىم بىر خىل نىقاپتىنلا ئىبارەت بولغانىدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ئۆزگەرمەي كەلدى. مەن ھاماقەتلەرچە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھېسسىياتىنى، ۋۇجۇدۇمدا تىنىمسىز ئۆركەشلەۋاتقان سۆيگۈ دولقۇنىنى ئاجىز قەلبىمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق دۇنياغا ئۈنسىز كۆمۈپ تاشلىماقچى بولغانىدىم. بىراق ئۇ تىنىمسىز ھالەتتە ئۆزى چىقىش يولىنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى مەندىن غالىپ كەلدى. ئۇنى مەن ئەمەس، بەلكى ئۇ مېنى بۇيسۇندۇردى. مەن بۇ كۈچنى ماڭا تەۋە، ئۇنىڭ تىزگىنى مېنىڭ قولۇمدا دەپ قارىغانىدىم. مەن ئەمدى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يېڭىلدىم.

ئاھ، گۈلسۈم!

مانا بۇ مېنىڭ ئوقۇش ھاياتىم، مانا بۇ مېنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىم، مانا بۇ مېنىڭ تراگېدىيەم.

مەن ئاخىر كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق، زۇلپىيە ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئۆمەرنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم.

## 8

ئاپتوبۇس توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە. ئالدىمدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر بارا - بارا ئارقىدا قالدى. مەن ئۆمەر بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈشكە تەشنا ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان سۆزلىرىمنى ئويلاپ ماڭاتتىم. ھېلىدىن - ھېلىغا يېڭى خىيال، يېڭى ئويلار پەيدا بولۇپ تۇراتتى. باشقىلارنىڭ ھاياجانلىق چىرايىمنى كۆرۈۋالماسلىقى ئۈچۈن، بېشىمنى ئەتەي دېرىزە سىرتىغا چىقىرىۋالدىم. ياپيېشىل ئوتلاقتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

ئاجايىپ گۈزەل تۈستە جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ. زۇمرەتتەك ئاسمان گەۋدىسىنى ئۇپۇقنىڭ ئۇ تەرىپىــگە يوشۇرغان. بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپ كىمنىــڭمۇ ئازاب، قايغۇ ـ ھەسرەت دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلسۇن.

ماڭا ۋاقىــت تولىــمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، ئاپتوبۇس ناھايىتى ئالدىرىماي ماڭغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. مەن ئۆمەر بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا ئىدىم. بىــراق، بۇ دۇنيا، بۇ ئادەملەر م. ‌ڭ قەلبىمنى قىلچە چۈشەنمەيتتــى. مېنىــڭ ئالدىرىشىم ئولارنىڭ قىلچىمۇ دىققىتىنى تارتالمايتتى. مۇمكىن بولسا ئۇچۇپلا كەتكۈم كېلەتتى.

ئاپتوبۇس چاقى يوللارنى يالماپ يۇتماقتا. ئاپتوبۇس گويا نارازى بولغاندەك جالاقشىپ ئېغىر سىلكىنەتتى. مەن پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، ئاپتوبۇستىنمۇ ھالقىپ ئۆمەرنىڭ قېشىــغا بېرىشقا ئالدىرايتتىم. بىراق، يوللار قىسقىراي دېمەيتتى. يول جاپاسى، ھارغىنلىق مېنى تەزدۇرەلمەيتتى. ئاخىرى ئىككى كۈنلۈك جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ، كۈتكەن مەنزىلگە يېتىپ كەلدىم. يۈرىكىم ھاياجاندىن سېلىپ كېتىۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر پۈت ـ قولۇمدا جان قالمىغاندەك نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتىم.

گۈلسۈم!

مەن ھاياتىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ھەسرەتلىك كۈنلىرى ئەمدى ئاخىرلاشتى، ھىجرانلىق ناخشىلار تۈگەپ، خۇشال كۈيلەرنى توۋلايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، تەقدىرنىڭ ئازابلىق قوللىرى يەنىلا ماڭا ئازابلىق تور توقۇش بىلەن ئاۋارە ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرمۇشۇمدا تېخىــمۇ يېڭىــى كۆرۈنۈشلەرنى پەيدا قىلىپ، سەرگۈزەشتلىرىمگە مۇدھىــش كۆلەڭگۈسىنى تاشلاپ تۇرغىنىنى نەدىن بىلەي. ئۇنىڭ ئازابلىق خەنجىرى گۈزەل ئارزۇلار بىلەن بېزەلگەن قەلبىمدىكى شېرىن



ئۈمىدلەرنىڭ باغرىغا سانجىلىپ، مېنىڭ ھاياتىمدا ئازابلىــق سەھىپىلەرنى يېزىشنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىمەن.

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ خىل تەقدىردىن قۇتۇلالمايمەن؟ ! ئىلكىمدىكى نەرسىنى بىر قېتىم ئۆز ئىختىيارلىقىم بويىــچە قولدىن بېرىپ قويغانىدىم. تەقدىر يەنە ئۇنىڭغا قاقشاتقۇچ بەدەل تۆلىگۈزۈپمۇ قايتۇرۇپ بەرمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھاياتىم مۇزدەك سوۋۇشقا باشلىدى.

زومچەك ـ زومچەك ھويلىــلار بىــلەن تولغان سەھرا مەھەللىسى، يوللاردا قۇرغاق توپىــلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەتراپ تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. تەرلىرىمنــى ئېيتقاچ قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي قالدىم. يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر كىچىك ئۆستەڭدە زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتــى. قولۇمدىكى چامادانىنى قويۇپ يۈزۈمنى يۇيدۇم. ئاندىن سۇدىن قانغۇدەك ئىچتىم. پۈتۈن بەدىنىمگە بىر خىل راھەتلىك ئېقىم تارىدى. «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. ئاخىر يېتىپ كەلدىم دەپ ئويلىدىم. ئاندىن بۇ مەھەللىــگە سەپسالدىم. نېمىشقىدۇر ماڭا بۇ يەر تولىمۇ باشقىچە تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مۇشۇ مۇھىت ئۆمەرنى يېتىشتۇرگەن ھە دەپ ئويلىدىم.

ئۇنىڭغىچە بىر قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ ماڭا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلدى.

— سىڭلىــم، بوستــان مــەھــەللىسىگە قايســى يول بىلەن ماڭىدۇ؟

ئۇ مېنىڭ سىڭلىم دېگىنىمنى ئاڭلاپ ۋىللىدە قىزاردى.

— ئوڭغا قايرىلىپ، ئۇدۇل مېڭىڭ. تەخمىنەن بىرەر كىلومېتىر ماڭسىڭىز يېتىپ بارىسىز.

ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، كۆرسەتكەن يول بىلەن ماڭدىم. يەنە شۇ يېزا يولى. ئەتراپى بۈككىدە تېرەكلەر بىلەن تولغان، شاخ ئارىسىدا ھەر خىل قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى. سالقىن

شامال يۈزلىرىمگە سۆيۈپ چاچلىرىمنى ئۇچۇراتتى. ئارىلىق بارغانسېرى قىسقىرىماقتا. مىسكىن كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. بىراق، قەلبىمدە يەنە ئازراق دەككە - دۈككە بار ئىدى. مەن يەنە ئۆمەرنى ئويلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم يادىمغا كېلىۋالدى. ئۇنىڭغا كەلگەن بەختسىزلىكنى ئويلاپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. بىز ئەسلىدە بەختلىك كۈنلەردە ئەمەس، بەلكى ئازابلىق ۋاقىتلاردا بىرگە ئۆتۈش ئۈچۈن تونۇشقان ئىكەنمىز.

ئۇنى كۆرگەندە قانداق قىلارمەن. يۈرىكىم شادلىقتىن پارە - پارە بولۇپ كېتەرمۇ ياكى ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ ئازابتىن يېرىلىپ كېتەرمۇ؟! بەلكىم ھەر ئىككىلىسى بولۇشى مۇمكىن. ھەر ھالدا روھىي جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى.

مەھەللىگە بارغانچە يېقىنلاپ قالدىم. يۈرىكىمنىڭ سېلىشىمۇ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. بىرنەچچە بالا يول چېتىدە ئۆي سېلىپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلارغا بەكلا ھەۋىسىم كەلدى. ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىمغا قايتالىسام، بۇ دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بىلمىسەم نەقەدەر ياخشى ئىدى - ھە! ئاشۇ سەبىيلىكىم بويىچە مەڭگۈ چوڭ بولمىسام.

ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. بالىلار ماڭا ھەيران بولغاندەك قاراشتى. ئۇلارنىڭ سەبىيلىك، مەسۇملۇك چاقناپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ تولىمۇ ھەۋىسىم كەلدى.

— ئۇكاشلار، ئۆمەرجان ئاكاشنىڭ ئۆيىنى قايسىڭلار بىلىسىلەر؟

بالىلار تەڭلا ۋارقىراشتى:

— ھەممىمىز بىلىمىز! ئەنە، ئاۋۇ ئۆي شۇ، — ئۇلار قوللىرىنى تەڭلا كۆرسەتتى.



— قايسى ئۆي؟ ئېنىق دەپ بېرەمسىلەر؟ — دېدىم مەن قاتار تۇرغان ئۆيلەرنى پەرق ئېتەلمەي.

— ئەنە، ئاۋۇ توي بولۇۋاتقان ئۆي، — دېدى چىرايى قارامتۇل كەلگەن بالا. يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— ئۆمەرنىڭ ئۆيىدە توي بولىۋاتامدۇ؟ نېمە توي؟

— ئۆمەرجان ئاكاشنىڭ تويى، ئۇ شەمسىيە خانىم بىلەن توي قىلدى.

— شەمسىيە ھەدەم بەك چىرايلىق، — دېدى ئاق سېرىق بىر بالا.

— ئۇ بەك ياخشى، ماڭا دائىم بازاردىن كەمپۈت ئالغاچ كېلىدۇ، — دېدى يەنە بىر بالا.

— بۇ ئاچاشمۇ بەك چىرايلىقكەن.

— ھەدە، بىز باشلاپ كىرەيلىمۇ؟

— ياق، بولدى.

— كۆرۈشمەمسىز؟

— ھەئە.

گۈلسۈم، مېنىڭ شۇ چاغدا قانچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكىنىمنى بىلەمسەن؟ مەن ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي تۈگەشتىم دەپ ئويلايتتىم. بىراق، دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ جان تالىشىۋاتقان ئادەم بىر تال پاخال بولسىمۇ ئېسىلىپ باقىدىكەن. شۇڭا، يەنىلا تەقدىرگە تەن بەرگۈم كەلمىدى. بىر يېزىدا ئوخشاش ئىسىملىكلەردىن بىرنەچچىسى بولىدۇ. بەلكىم ئۇ باشقا ئۆمەر بولۇشى مۇمكىن.

— بۇ يەردە ئۆمەر ئىسىملىكتىن قانچىسى بار؟

— بىرسى! — بالىلار تەڭلا ۋارقىراشتى.

— ھېلىقى پۈتى يارىدار بولغان ئۆمەر شۇما؟

— ھەئە.

كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ئۆزۈمنى يىقىلىپ چۈشۈشتىن

ئاران تۇتۇپ تۇردۇم. لەۋلىرىمنى مەھكەم چىشلىدىم.

گۈلسۇم، ئادەمنىڭ قەلبىدىكى بۈيۈك ئېتىقادى ۋەيران بولسا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى دۇنياغا خاتا كېلىپ قالغاندەك، بىلىپ - بىلمەي ئوشۇقچە يارىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بارلىق ئۈمىدلىرىم يوققا چىقتى. ئەمدى ياشىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى. بىر خىل مۇدھىش ئازاب، رەھىمسىز قول روھىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ياشاش ئىرادەمنى تۇگەشتۇرۇۋەتتى. تەقدىرنىڭ بۇ خىل قىسمىتى نېمىشقا مېنىلا سوقمىدىغاندۇ؟ ئەجەبا ئاشۇ بىر قېتىملىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشۇم ئۆمۈرلۈك ھەسرىتىمنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالامدۇ؟...

— ھەدە، لەۋلىرىڭىز قاناپ كەتتى.

چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم. بالىلار ئىچ ئاغرىتقاندەك ماڭا قارىشىپ تۇراتتى.

— ھەدە، يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى بىرسى بوزەك قىلدىمۇ؟

ئالدىراپ - تېنەپ لەۋلىرىمنى سۈرتتۈم. قولۇم قان بىلەن بويالدى. قولۇملا ئەمەس يۈرىكىم، پۈتۈن ھاياتىم، بەختىم قان بىلەن بويالدى.

— ياق، ھېچكىم بوزەك قىلمىدى.

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسىز؟

— بىرەرى ئۆلۈپ كەتتىما؟

— بىرەر نەرسىڭىزنى يىتتۈرۈپ قويدىڭىزما؟

— ھەئە، ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسەم يىتىپ كەتتى. ھاياتىمدىكى ئەڭ يېقىن دوستۇم ئۆلۈپ كەتتى.

— ھەدە، يىغلىماڭ، بىز ئىزدىشىپ بېرەيلى.

— بولدى ئاۋارە بولماڭلار، ئۇنى ھېچكىم تاپالمايدۇ، ئۇ ناھايىتى يىراقتا قالدى.



— ھەي ئىست!

— ھەدە، دوستىڭىز سىزگە بەك ئامراقمىدى؟

— ھەئە.

— سىزمۇ ئۇنىڭغا ئامراقمىدىڭىز؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا ئۇ نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىدۇ؟

— بىلمەيمەن، تەقدىر بەك رەھىمسىزلىك قىلدى.

— ئۇنى يەنە كۆرگۈڭىز كېلەمدۇ؟

— بۇرۇن شۇنداقتى.

— ئەمىسە نېمىشقا يوقلاپ بارمايسىز؟

— ئۇ بەك يىراقتا، ناھايىتى يىراقتا، كۆز يەتمەس يەردە...

— ئاسماندىكى ئايدىنمۇ يىراقمۇ؟

— شۇنداق.

— يۇلتۇزدىنچۇ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ يىراق.

— ئۇ يەرگە بارغىلى بولمامدۇ؟

— ھەئە، ئەمدى مەڭگۇ بارغىلى بولمايدۇ.

— ھەي ئىست، دوستىڭىز سىزنى تاشلاپ كەتمىسە بوپتىكەن - ھە؟ — بالىلار مۇڭلىنىپ قاراپ قالدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. يىراقتا توي نەغمىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كۆز ئالدىمغا شەمسىيەنىڭ توي كىيىمى كىيگەن ھالىتى كەلدى. ئۇ نەقەدەر چىرايلىق بولۇپ كەتكەندۇ. خەير، بەختلىك بولغايسىلەر. تەقدىر ماڭا كىيىشكە نېسىپ بولمىغان توي كۆڭلىكىنى ساڭا كىيىشكە نېسىپ قىلىپتۇ. ئەمما، مېنىڭ تەقدىرىم ھەرگىزمۇ ساڭا نېسىپ بولمىسۇن.

بىر تۈپ دەرەخنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىمچە ئۇزاق تۇردۇم. كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈشكە باشلىدى. توختىتىۋالاي دەپمۇ

توختىتالمىدىم. ئۆزۈمنى ئىختىيارغا قويۇۋەتتىم. خالىغانچە يىغلىۋال قەلبىم، سەن ئۆزۈڭدىن بېرى تىزگىن ئىچىدە باغلىنىپ كەلگەنىدىڭ. ئەمدى بولسىمۇ ئەركىن ھالەتتە يىغلىۋال. بەلكىم ئۆزۈڭدىن بېرى يىغلىپ قالغان دەرد ـ ھەسرەتلىرىڭ تۈگەپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

دەرەخنىڭ يېرىك غولىغا يۈزۈمنى ياقتىم. ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىغانمىدۇ؟ ھەسرەتلىرىم ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئۆلۈش ھەسرەت ئويغىتالىغانمىدۇ؟ ئۆكسىشلىرىم ئاستا ـ ئاستا ئەتراپقا تاراپ كەتتى. ئىسسىق نەپەسلىرىم دەرەخ غولىدا چەكسىز بىر جاراھەت قالدۇردى. ئەنە يىراقتا توي نەغمىسى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ توي ناۋاسى ئىچىدە بولغۇسى ئايالىغا تىكىلىپ تۇرغاندۇ. ئاھ. . . ئاشۇ قىز ئەسلىدە مەن ئىدىم. بۇ توي ماڭا مەنسۇپ ئىدى. مانا ئەمدى مەن ئاشۇ توينىمۇ كۆرۈش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قالدىم. شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ يىراقتىن قاراپ تۇرغىنىمنى بىلەمدىغاندۇ؟ كۆز ياشلىرىمنىڭ دەرەخ غولىغا ئازابلىق ئىزلارنى قالدۇرغىنىنى كۆرەلەرمۇ؟! بۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇ ئىزلارنى مېنىڭ قالدۇرغىنىمنى، بۇ ياشلارنى مېنىڭ تۆككىنىمنى بىلەرمۇ؟ ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈۋالغان بولسام، ئۆز ئاغزىم بىلەن بىر قېتىم بەخت تىلىۋالغان بولسام: «ئۆمەر، مېنى كەچۈرۈڭ، مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېيەلىگەن بولسام نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى ـ ھە! بىراق، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگىنىمدىن بىخەۋەر. بۇ يەردە ئۇنى دەپ ياش تۆكۈۋاتقىنىمنىمۇ مەڭگۈ بىلمەيدۇ. بىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چەككەن ھەسرەتلىرىمنى بىلمەيدۇ. كۆز ياشلىرىم ئېتىبارسىز، ھەسرەتلىرىم ئەھمىيەتسىز، ئازابلىرىم ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئېتىبارسىز مۇھەببەت ئۈچۈن چەككەن ئىزتىراپلىرىم مەڭگۈ ئۇنۇمسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئېھ،



ئۆمەر! ئەينى ۋاقىتتا ھېچ بولمىسا «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەۋالسام بوپتىكەن. ئېسىت، ئەمدى مەڭگۈ قوللىرىڭىزنىڭ ھارارىتىنى سېزەلمەيمەن. باغرىڭىزنىڭ ئىللىقلىقىنى سېزەلمەيمەن، كۆزلىرىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىكى سۆيگۈ تەشنالىقىدىن لەززەتلىنەلمەيمەن. مۇھەببەتلىك بارماقلىرىڭىزنىڭ قۇچاقلىشىنى مەڭگۈ بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇم. ئېسىت، سىز تارتىنغان بولسىڭىزمۇ مەن شۇنداق قىلسام نېمە بولاتتى. مېنى ئەخلاقسىز دېسىڭىزمۇ مەيلىتى. ئەمما، مەن بۇ پۇرسەتلەرنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدىم. چۈشەنگەندە ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتتى. بەلكىم بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھاماقەتلىكى بولسا كېرەك. ھەممە ئىشلار كەلمەسكە كەتتى. ئۇ گۈزەل مۇھەببەتمۇ يىراقتا قالدى. ئەمدى مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە باشقىلارغا تەۋە، ھەتتا سىزمۇ شۇنداق ئۆمەر، مەن ئۈچۈن ئالغاندا سىز بىر سېغىنىشلىق چۈش، شۇنداقلا ئازابلىق ناخشا. بىر ئۆمۈر سىزنى ئازاب، ھەسرەت ئىچىدە چۈشەيمەن. ئازاب ئىچىدە مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىمەن. . .

تويدىن تارقىغان بىرنەچچە ئايال مەن تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم. بىراق ئۇ يەنە تۆكۈلىۋاتاتتى. ئۇنى مەڭگۈ توختاتقىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنى سۈرتەي دەپمۇ سۈرتەلمەيتتىم. بولدىلا، مۇشۇنداق چاغدا يىغلىماي قاچان يىغلايتتىم. بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ چىرايلىق يىغلايدىغان ۋاقتىم، يەنە كېلىپ پۈتۈن بەدىنىمدىن تۆكۈلۈپ تۇرۇپ يىغلايدىغان ۋاقتىم. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ھەسرەتلىك يىغلاش پەيتىم.

گۈلسۈم!

مانا بۇ مېنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايەم، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھاياتىم، مەن بۇنى كۆز يېشى ئىچىدە پۈتتۈردۈم. ئۇنىڭ

ئاخىرى تولىمۇ ھەسرەتلىك چىقىپ كەتتى. يول بويى ھېلىقى بالىلارنى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ ماڭدىم. نېمىدېگەن ئوماق بالىلار - ھە؟ مېنىڭمۇ بالىلىق ۋاقىتلىرىمدا شۇنداق بەختلىك چاغلىرىم بولغىيمىدى؟ بەلكىم تەقدىر ئۇلارغىمۇ ھەرخىل سىرلىق سەرگۈزەشتىلەرنى تەييارلاپ قويغاندۇ.

ئۇلارنىڭ گۆدەك، سەبىي ھالىتى قەلبىمدە قېتىپ قالدى.

«ھەدە، يىغلاپسىزغۇ؟ ئۇ سىزنى ياخشى كۆرەمتى؟ ئۇنى نېمىشقا يوقلاپ بارمايسىز؟ ئۇ يەرگە بارغىلى بولمامدۇ؟» نېمىدېگەن ئوماق، سەبىي، چۈچۈك سوئاللار بۇ، شۇنداقلا نېمىدېگەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سوئاللار بۇ؟

شۇنداق، ئەي بالىلار، مېنى ھېچكىم ئۇرمىدى، بەلكى تەقدىر ئۇردى. ئۇ قەلبىمدىكى مۇھەببىتىمنى ئۆلتۈردى. مەن ئاشۇ ھەسرەتلىك مۇھەببىتىمنى، ھاياتتا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنى ئويلاپ يىغلىدىم. مېنىڭ تۇرغان - پۈتكىنىمنىڭ ھەممىسى ھەسرەت. مەن ئۆتكەن كۈنلىرىمنى، يوقاتقان نەرسىلىرىمنى تولىمۇ سېغىندىم. بىراق، ئۇلار ناھايىتى يىراقتا قالدى. ئۇلار ئۇزاپ كەتتى. ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. راست، قالدى مۇھەببەت يىراقتا.

گۈلسۈم!

خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي. كۆرۈشكىچە ئامان بول.

ھۆرمەت بىلەن ساڭا بەخت تىلەپ:

دوستۇڭ رىزۋان.

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل كېرەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# تۈنجى مۇھەببەت

(پوۋېست، ھېكايىلەر)

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 8.375
2004 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—08678—3
باھاسى: 12.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

## يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابلار





ISBN 7-228-08678-3

ISBN 7-228-08678-3
(民文)定价：12.50元